www.kitaphumar.com

# نادىر ماقالىلەر توپلىمى

**(9)**

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2014 ـيىلى 10 ـئاي

مەنبە: شىنجاڭ يازغۇچىلار مۇنبىرى، باغداش مۇنبىرى، مىسرانىم مۇنبىرى قاتارلىقلار

www.kitaphumar.com

# مۇندەرىجە

1. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئىزدىنىش..........................................................3
2. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى ..........19
3.ئاقسۇدا مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان يۇرت ـ ئايكۆل...38
4.ئۇيغۇر دىيارى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ..........................................................68
5. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى دۆلەت ئىچى قەدىمكى بۇددا دىن تەتقىقاتىدىن ئەسلىمە ۋە كەلگۈسىگە نەزەر..................................88
6.قەلبىمىزدىكى ئۆچمەس ئوبراز ئەزىزى نىيازى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىمىسى ..........103
7.چۈۋۋانقىر ۋە چۈۋۋانقىرلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى............................130
8.ئۇيغۇر تېرىم مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم بەلگە ـ «تارانچى ئاتالغۇسى» ..........140
9.ئۇيغۇرلاردىكى قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى توغرىسىدا..........................................................165
10. ئۇيغۇر تەزكىرىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى..................................178

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە ئىزدىنىش

ئىمىن تاجى تۇرگۇن، ياسىن بۇساق

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىشىدەك تارىخىي ئەھۋال ئۈستىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىت، خان-پادىشاھلارنىڭ ھاكىمىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سىياسىي ئېھتىياجى ۋە دىن، مەدەنىيەت كىرزىسى قاتارلىق بىر قانچە نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقاد ئۆزگەرتىشىدىكى سەۋەبلەر ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇرلار؛ دىنىي ئېتىقاد؛ ئۆزگەرتىش سەۋەبلىرى

ئۇيغۇرلار - مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان مەدەنىي تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا جۇغراپىيەلىك جايلىشىش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سىرتقى مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن بولۇشتەك مىللىي پسىخىكىسى بىلەن ئۆز تارىخىدا كۆپ قېتىم دىن ئالماشتۇرۇپ ئۆزىگە خاس بولغان ئۇيغۇر دىن مەدەنىيىتىنى ياراتقان. شۇڭا «شەرقىي ئاسىيانىڭ تاغلىق ئۆلكىسىدىكى ھەر قانداق بىر خەلق غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنى ئۇيغۇرلاردەك ئۆزىگە تارتالمىغان»①. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مول دىنىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچىنىڭ تەسىرىدۇر، ئەلۋەتتە.

1.ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات دىن - بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى ھەر قانداق مىللەتنىڭ تارىخىدا مۇھىم رولىلارنى

ئويناپ كەلگەن. دۇنيادا دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۈشكۈلدۇر. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرىدۇر. بىر مىللەتنىڭ دىن مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىلىپ تەتقىق قىلىنسا، ئۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا زور ئاساس سېلىنغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ـ دۇنيادا كۆپ قېتىم دىن ئالماشتۇرغان مىللەت بولۇپ، دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك كۆپ قېتىم دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتكەن مىللەت كەم ئۇچرايدۇ. «ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا تەبىئەت ھادىسىلىرىگە چوقۇنۇش، ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە تېۋىنىشتىن باشقا، يەنە شامان دىنى، بۇددا دىنى، زورروئاستىر دىنى، مانى دىنى، كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئېتىقاد قىلغان. بۇلاردىن باشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تەرىقەت دىنىمۇ تارقىلىپ كىرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقالغان ۋاقتى ئۇزۇن، تەسىر دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان. مانى دىنى بولسا ئۇيغۇرلار تارىخىدا قۇرغان ئىككى خانلىقتا دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن»②.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى چۈشەنچىسىدە، دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر تۆت زاتتىن يارالغان. بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆمۈر سۈرۈش يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇققا مۇناسىۋەتلىك دېگەن قاراش بولغان. يەنى يورۇقلۇق ـ ئىسسىقلىقنىڭ، كۈننىڭ، ھاياتلىقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، بەختنىڭ نىشانى. قاراڭغۇلۇق ـ سوغۇقنىڭ، تۈننىڭ، ئۆلۈمنىڭ، يامانلىقنىڭ نىشانى دەپ قارالغان. تۇپراق، ئادەمزات، جان-جانىۋار، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئانىسى. كۆك ئاسمان-يورۇقلۇق ۋە ھۆل-يېغىننىڭ ئاتىسى دەپ قارالغان. تەبىئەتنى بىلىش ۋە چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق تەبىئەت ئوبيېكتلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەڭرىلەر ۋە ئىلاھىيەت كۈچلىرىدۇر دېگەن قارشى تەدرىجى ھالدا تۆت ئاساسى تەڭرى ـ ئىلاھى ئالەم كۈچى دېگەن قاراشقا ئۆزگەرگەن. شۇنىڭ بىلەن تۆت تادۇغا ماسلاشقان يەر تەڭرى، كۆك تەڭرى، سۇ تەڭرى ۋە ئوت (كۈن) تەڭرى ئىلاھىيەت قارشى شەكىللەنگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار شۇ خىل ئەقىدىلەر ئاساسىدا ھەرخىل تەبىئەت جىسىملىرىغا (ھادىسىلىرىگە)، دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە③ ۋە ھايۋانلارغا تېۋىنغان. بۆرە ـ قەدىمكى ئاسيا يايلاقلىرىدا ياشىغان كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. بەزى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولغان. مەسىلەن، ئات، كالا، شىر (ئارسلان)، بۇغرا (نار تۆگە)، بۈركۈت، ئاق قۇ، شۇڭقار، قارلىغاچ قاتارلىقلار. شامان دىنى ـ ئىنسانلار تارىخىدا ئىپتىدائىي دىندىن سۈنئىي دىنغا ئۆتۈش مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن دىن بولۇپ، بۇ دىن ئورال-ئالتاي ئەتراپلىرىدا مەيدانغا كەلگەن. بۇ دىن دۇنيادىكى

www.kitaphumar.com

كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ دىنغا ئۇيغۇرلار ئالاھەزەل 2000 يىل ئەتراپىدا ئېتىقاد قىلغان».④ «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دىكى بايانلارغا قارىغاندا، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىغا 763 ـيىلى تارقىلىپ كىرگەن. بۆگۈقاغان بۇ دىننى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە شامان دىنىمۇ ئۆز رولىنى كۆرسىتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەرگەن. بۇنىڭغا شۇ چاغدىكى قاغانلار ئۇرۇش باشلاشتىن بۇرۇن شامان باخشىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇش باشلاشنىڭ ياخشى پەيتىنى تاللاتقۇزۇشتەك مەلۇماتلار مىسال بولالايدۇ.

9 ـئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆگۈتېكىن 866 ـيىلى تىبەتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قۇجۇلۇقلار ئەسلىدە شامان، مانى ۋە نىستۇرىيان دىنىغا ئوخشاش كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ دىنغا ئىزچىل ئېتىقاد قىلغان. كېيىن بۇددا دىنى ئومۇملىشىپ خانلىقتا ھەرخىل ساغرالار ۋە بۇددا دىنى ئۆڭكۈرلىرى كۆپلەپ ياسالغان. تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيى، پىچاندىكى تۇيۇق مىڭ ئۆيى ۋە بايدىكى قىزىل مىڭ ئۆي قاتارلىقلار بۇددىزمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىدىغان مىساللاردۇر. تارىخى مەلۇماتلاردا بۇ دىن 13 ـئەسىردە قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدا ئۆز تەسىرىنى يوقاتقان.

بۇددا دىنى ـ بۇ دىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە ھازىرقى ھىندىستان بىلەن نېپال چېگراسىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كاپىلۋاستۇ پادىشاھلىقىنىڭ شاھزادىسى گاۋۇتاما سىددىخارتا تەرىپىدىن بەرپا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇددا دىنى يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي يولىنى بويلاپ كەشمىر ئارقىلىق ئۇدۇنغا تارقالغان. كېيىن قەشقەر، كۈسەن، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. دەسلەپ ھىنايانا مەزھىپى تارقىلىپ كىرگەن، كېيىن ماھايانا مەزھىپى غەربىي يۇرتنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن.

غەربى يۇرتتا بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن. بىرىنچى دەۋرى، غەربىي يۇرت شەھەر بەگلىكلىرى دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادى 9 ـ ئەسىرگىچە)، ئىككىنچى دەۋرى، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى (مىلادى 868 ـ يىلىدىن كېيىنكى دەۋرنى كۆرسىتىدۇ). بىرىنچى دەۋرىدە ئەڭ ئاۋۋال تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى، شىمالىي بويلىرىدىكى قاتناش يوللىرىدا راۋاجلىنىپ ئۇدۇن ۋە كۈسەندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۇددا دىنى مەركىزى بارلىققا كەلگەن ۋە ئەتراپتىكى رايونلارغىمۇ ئىلگىرىلەپ تارقالغان. ئىككىنچى دەۋرىدە بولسا، بۇددا دىنى قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا دۆلەت دىنى قىلىنىپ تېخىمۇ

www.kitaphumar.com

يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. نىستۇرى دىنى ـ خرىستىيان دىنىنىڭ بىر مەزھىپى بولۇپ، ئۇنى سۇرىيەلىك نىستۇرى (380ـ451 ـ يىللار) بەرپا قىلغان.

«داكچىن نىستۇرىي دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش توغرىسىدىكى ئابىدە»دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جىنگۇەن يىللىرى (635ـيىللار) نىستۇرى راھىبى ئالوبىن مۇقەددەس كىتابنى ئېلىپ پىرسىيەدىن ئېلىمىزنىڭ چاڭئەن شەھرىگە كېلىپ، دەستۇرلارنى تەرجىمە قىلغان ۋاقىتتا نىستۇرى دىنى شىنجاڭغا تارقىلىپ بولغانىدى. ئەڭ كېچىككەندىمۇ مىلادىيە 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭدا نىستۇرى دىنىنىڭ راھىبلىرى بار ئىدى»⑤. جەنۇبىي سوڭ سۇلالىسىنىڭ لى زوڭ خان دەۋرىدە، ئەرمىنىيە بىلەن پارس قولتۇقىدىن نانغۇت، خانبالىققا قەدەر بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى نىستۇريان دىنى رايونى ئىچىدە ئىدى. ئېپىسكوپلار تەرىپىدىن ئەلچى تۇرغۇزۇلغان جايلار 20 نەچچە رايونغا يېتەتتى. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەر 19 ـدىنىي رايونغا تەۋە ئىدى»⑥ ئىتالىيەلىك ساياھەتچى ماركوپولو ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە قەشقەردىن بېيجىڭغىچە بولغان يول بويىدا نىستۇريان دىنىدىن خالىي بىرەر جاينىڭ يوقلۇقىنى خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قەشقەر، خوتەن، بۇگۇر، ئىلى، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا نىستۇريان دىنى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردا خرىستىيان دىنى تېخىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر دۆلىتى ھەتتا تەرسالار دۆلىتى دەپمۇ ئاتالغان. تەرسا پارسچە سۆز بولۇپ، ساسانىيلار دەۋرىدە پارسلار خرىستىيانلارنى تەرسا دەپ ئاتىغان ئىكەن»⑦. بۇ ھەقتە مەخسۇس ئىزدەنگەن ئەنگلىيەلىك ئالىم ھېنرى يولى «ئۇيغۇرلار دۆلىتى ۋە يېزىنىڭ تەرسا دەپ ئاتىلىشى نىستۇريان دىنىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىدىن بولغان⑧ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق قامۇس ئەسىرىدە: «باچاق ـ خرىستىيانلارنىڭ روزا كۈنى⑨ دەپ ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆز دەۋرىدە خرىستىيان دىنى كەڭ ئەۋج ئېلىش بىلەن بىرگە يەنە ئىسلام دىنى ئالدىبۇرۇن يىلتىز تارتىپ بولغان قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدىمۇ ئۆز تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئىسلام دىنى ـ مىلادى 6 ـ،7 ـئەسىرلەردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مۇھەممەد پەيغەمبەر (570 ـ 632 ـ يىللار) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان. ئەرەب ئىمپېرىيەسىنىڭ سىرتقا قارىتا ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ بارغان. ئەرەب سەركەردىسى قۇتەيبە ئىسلام دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. مىلادى 9 ـ، 10 ـئەسىرلەردە قەشقەرگە تارقالغان ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن خانلىقتا تارقىلىشقا

www.kitaphumar.com

كەڭ يـول ئېچىلغـان ۋە ئـوغلى مۇسا دەۋرىگە كەلگەنـدە، دۆلەت دىـنى قىلىـپ بېكىـتىلگەن. قاراخـانىيلار سۇلالىسى ئـىدىقۇت ۋە ئـۇدۇن خانلىقىغا قارىتا دىـنى ئـۇرۇش ئېلىـپ بېـرىش ئـارقىلىق ئىسـلام دىنىنـىڭ تەسـىرىنى تېخىمـۇ كېڭەيـتكەن. تۇرپـان ۋە قۇمۇلـدا 15 ـ 16 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ئاندىن ئىسلاملىشىش ئەمەلگە ئاشقان.

مانا بۇ تارىخى پاكىتلار ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قېتىم دىنى ئېتىقاد ئۆزگەرتىش ۋەھەرقايسى دىنلارنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تـۇرۇش ھالەتلىرىـدۇر. تۆۋەنـدە ئۆزۈمنـىڭ ئىزدەنگەنلىرى ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۆپ قېتىم دىنى ئېتىقاد ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن:

2. يىـپەك يـولى ئۇيغـۇرلارنى ھەر قايسـى دىـنلار بىـلەن ئۇچراشتۇرۇشـتەك پەۋقۇلئـاددە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك بىلەن تەمىن ئەتتى.

جۇغراپىيەلـىك مۇھىتــ ـ بىــر مىللەتنــىڭ تــارىخى، مەدەنىيىتــى ۋە پىسخىكىســىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئەڭ زور بولغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. دۇنيانىڭ قەدىمكى، يېقىنقى ۋە ھـازىرقى زامـان تـارىخى شـۇنى پاكىـت ئـارقىلىق كۆرسـەتتىكى، بىـر مىللـەت دەۋر ئېقىمىغـا ماسلىشىپ، ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرالىسا، تارىختا پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، ئۆزى ۋە ئەتراپىتىكى رايونلارنىڭ تارىخىغا خىلى زور تەسىر كۆرسەتكۈدەك تارىخلارنى، مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى روياپقا چىقىرالىغـان. ئەكسىچە بولغانـدا، زەئىپلىشىــپ ئــۆز ئەجــدادىنىڭ مەدەنىيىــتىگە ۋارىسـلىق قىلىشــتەك ئەقەللىــي تەلەپنــىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمىغان. بۇنداق مىساللار تارىختا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسـلەن، يېڭـى دېڭىـز يولى ئېچىلىشتىن بۇرۇن دۇنيادىكى ئاساسلىق ئالاقە ۋە مەدەنىيەت تارقىتىش يولى ئاساسەن يىپەك يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جەرياندا يىپەك يولى ۋادىسىغا جايلاشقان مىللەتلەر، ھاكىمىيەتلەر گۈللەپ ياشنىغان. لېكىن يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن جۇغراپىيەلىك يېتىم قىلىش سەۋەبىدىن يىپەك يولى ۋادىسىدىكى مىللەتلەر ئۆزىنـىڭ بـۇرۇنقى سـەلتەنىتىنى يوقىتىپ قويغان.

«يىپەك يولى» دېگەن بۇ نامنى گېرمانىيەلىك جۇغراپىيەشۇناس رىچخوفىن 1839 ـ يىلى «جۇڭگو» ناملىق كىتابىدا تۇنجى بولۇپ ئىشلەتكەن. بۇ نام تـا بۈگـۈنگىچە ئىلىم دۇنياسـىدا ئورنى مۇقىملىشىپ ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. دەسلەپكى مەزگىلدىكى يىپەك يولى غەربىي خەن سۇلالىسـىنىڭ پـايتەختى چاڭئەنـدىن باشـلىنىپ، خېشى كارىدورىـدىن ئۆتـۈپ، دۇنخـۇاڭنى مەركىزىــي تۇگــۈن قىلغــان ھالــدا غەربــكە قــاراپ ئــۈچ پاراللېــل يولغــا بۆلــۈنگەن. جەنۇبتىن شىمالغا سانىغاندا بىرىنچى يول دۇنخۇاڭدىن چىقىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي

گىرۋېكىدىن غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ ھازىرقى چاقىلىق، چەرچەن، نىيە، كېرىيە ۋە يەكەنلەردىن، تاشقورغاندىكى پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ باكتىرىيە، پارتىخىيە ئىرانلارغا باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى «جەنۇبىي يول» دەپ ئاتايتتى.

ئىككىنچى يول دۇنخۇڭدىن چىقىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي گىرۋېكىنى بويلاپ غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ بۇگۈنكى تارىم ئويمانلىقى، قارا شەھەر، كۇچالاردىن ئۆتۈپ ئاقسۇغا باراتتى ياكى ئۈنىڭ يېنىدىكى ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ تيانشاندىن ئۆتۈپ ئىسسىق كۆلگە باراتتى. ئاندىن جەنۇبقا قاراپ سەمەرقەنتكە باراتتى ياكى ئۈنىڭدىنمۇ يىراق بولغان قەشقەردىن چىقىپ پامىر ئېگىزلىكىدىن ھالقىپ پەرغانە ئويمانلىقى ۋە بۇخارادىن ئۆتۈپ ئىران ئېگىزلىكىگە باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى «ئوتتۇرا يول» دەپ ئاتايتتى.

ئۈچىنچى يول دۇنخۇڭدىن چىقىپ قۇمۇلغا كېلىپ تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلۇپ بارىكۆل، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ئارقىلىق تيانشان ئېغىزى ـ تەلكىنى بويلاپ ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ كاسپىي دېڭىزى ۋە قارا دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا دېڭىزغا باراتتى. كىشىلەر بۇ يولنى «شىمالىي يول» دەپ ئاتايتتى.

«يىپەك يولى» ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل دىنلار بىلەن ئۇچرىشىشتەك ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن تەمىنلىشىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن تەھلىل ئېلىپ بارىمىز:

ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلار مۇشۇ يىپەك يولى بىلەن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا دىن بارلىققا كەلگەن جاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقى ئۇيغۇرلارنى كۆپ خىل دىنلار بىلەن ئۇچراشتۇرغان. مەسىلەن، شامان دىنى ـ ئالتاي-ئورال ئەتراپىدا بارلىققا كەلگەن دىن بولۇپ، ئۇيغۇرلار موڭغۇل ئېگىزلىكىدە بۇ رايون بىلەن بولغان جۇغراپىيەلىك يېقىنلىقى ۋە بۇ دىنغا شۇ ۋاقىتتا شىمالدىكى بارلىق قوۋملارنىڭ ئېتىقاد قىلىشىدەك ئەۋزەل شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دىن بىلەن ئۇچرىشىشى ۋە ئاخىرى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشىغا مۇھىم شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

بۇددا دىنىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مىلادى 1 ـ ئەسىرلەردە كەشمىر ئارقىلىق ئۇدۇنغا تارقالغان. كېيىن تەدرىجىي ھالدا قەشقەر، كۇسەن، قارا شەھەر ۋە ئىدىقۇتقا تارقىلىپ بۇ جايلار بۇددا دىنىنىڭ يېڭىدىن گۈللەنگەن مەركىزىگە ئايلانغان ۋە مۇشۇ يوللار ئارقىلىق 6 ـ ئەسىرلەردە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان.

www.kitaphumar.com

مانى دىنىنى بابىللىق مانى ئىجاد قىلغان. ئۇ مىلادى 216- يىلى تىگىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى مادىنىنودا تۇغۇلغان. 242 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆز دىنىنى تارقىتىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «تەڭرى بىر، ئۇنىڭ ئەلچىلىرى ھەر خىل» دېگەن قارشى ھورمۇز 1 دەۋرىدە كۆپ قەبىلىلىك ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، بەھرام1 دەۋرىدە مانى دارغا ئېسىلىپ تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان. مانى قەتىل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ، سىر دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارىلىقىدا ياشاۋاتقان سوغدىلار ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئارىسىغا تارقاتقان. ئەرەب سەيياھى ئەل مەسئۇدى «توققۇز ئوغۇزلار غەربتە خۇراساندىن، شەرقتە كۈسەنگىچە بولغان. پادىشاھى ئېلىكخاندىن ئىبارەت بولغان. تۈركلەر ئىچىدە پەقەت شۇلارلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى⑩ دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبىن نازىم «ئۇلار (مانى دىنى مۇخلىسلىرى) قىچىشقا مەجبۇر بولۇپ بەلخ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاغاننىڭ زېمىنىغا كەلگەندە توختىغان⑪ دەپ يازىدۇ. ئۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قاغاننىڭ زېمىنى غەربىي تۈرك دۆلىتىنىڭ زېمىنى، يەنى ماۋراھۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. سوغدىلار تۈرك خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەرب ئەللىرى بولغان ئالاقىسىدە ۋاستىچى بولغانىدى. سوغدى سودىگەرلىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىقتىسادىي، سىياسىي تەسىرگە ئىگە بولغان ۋە بۇ يەردە سودا پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بۇ دىنىنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن.

زورروئاستىر دىنىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4- ئەسىردە ئەنە شۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن⑫ بولۇپ، تاكى ئىسلامىيەت شىنجاڭدا ئومۇملاشقانغا قەدەر 1000 يىلدىن كۆپرەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

نىستورى دىنىنى سۈرىيەلىك نىستورى بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ مەزھەپ خرىستىيان دىنىنىڭ ئورتودوكساك ئەقىدىسى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقتىن، نىستورى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى شەرقى رىم ئىمپېرىيەسىدە قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، تەرەپ-تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىن شەرقتە ئاۋۋال ئىرانغا، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرگەن ۋە بۇ يەرلەردىن ئىچكىرى رايونلارغا تارقالغان. بۇ دىنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادچىلىرى ۋە تارقاتقۇچىلار سوغدىلار بولۇپ، ئۇلار سوغدىيانا، بۇخارا، تاشكەنت، سەمەرقەنت قاتارلىق جايلاردا ياشاپلا قالماستىن، بەلكى يەنە غەربىي يۇرتنىڭ تۇرپان، لوپنۇر قاتارلىق جايلىرىدىمۇ سودا

www.kitaphumar.com

پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ «توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بۇ دىن ئارقىلىق بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. بۇ دىن قۇتەيبىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا دىن تارقىتىشى ئارقىلىق 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تارقالغان. بەزى مەلۇماتلاردا قۇتەيبىنىڭ قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ.

بىز يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ جۇغراپىيە جەھەتتىن ياۋرو-ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ رايوندا ئۈچ چوڭ دىن (بۇددا، خىرىستىيان ۋە ئىسلام دىنى)، ئۈچ چوڭ ئىقتىساد (چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە سودا)، ئۈچ چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ھىندى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى) ۋە ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى (ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ۋە خەنزۇ-تىبەت تىللىرى سىستېمىسى) ئۆزئارا ئۇچرىشىپ بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن،⑬ مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ۋە مەدەنىيەت مۇھىتى ئۇيغۇرلارنى كۆپ خىل تىل ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۇچراشتۇرغان.

دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ۋە باشقا كىچىك دىنلار ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يىپەك يولى ۋادىسىدا ياكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇغراپىيەلىك جەھەتتە يېقىن رايونلاردا بارلىققا كەلگەن. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ ھەممىسى ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن. (بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردە ھىندىستاندا، خىرىستىيان دىنى مىلادى 1-ئەسىردە پەلەستىندە، ئىسلام دىنى مىلادى 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن) بولۇپمۇ بۇ دىنلارنىڭ كېيىنكى كېڭىيىش پائالىيىتى چوقۇم ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق تارقالغان. مۇشۇ جەرياندا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ھەر خىل مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان شىنجاڭ رايونى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ ھەقتە شىنجاڭنى ئۈچ چوڭ دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئىككىنچى ئانا ماكانلىق رولىنى ئۆتىگەن دېيەلەيمىز.

ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك مۇھىتتا شەرق-غەرب مەدەنىيىتىدىن قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەدەنىيەت ئۆرنەكلىرىنى ئايانماي قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. ئەرەب ئالىمى فىلىپ ھىتتى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىنى «بۇ تۈرك تېمىنىڭ ھەممە يېرىگە دېرىزە ئېچىلغان ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ ۋە پۇراقلىرىنى ئايرىماي شىرىنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايدۇ»⑭ دەپ تەسۋىرلىگەن.

www.kitaphumar.com

دېمەك، يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، يىپەك يولى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ خىل تىل، دىن ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئۇچرىشىشىغا ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك مۇھىت بىلەن تەمىن ئەتكەن.

2 ـ قاغاننىڭ قارارى، خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى، ھاكىمىيەت تالىشىش ۋە خەلق مايىللىقىنىڭ ئورتاق بىرلىشىشىدەك ئامىل ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قېتىم دىن ئالماشتۇرۇشىغا سەۋەب بولغان مۇھىم ئىچكى ئامىلدۇر.

قاغان قەدىمكى دەۋردە بىر خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ قاغانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي قاتارلىق كۆپ ساھەلەردىن خەۋەردار بولۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، خەلقنى باياشات قىلىشنى ئويلىشى كېرەك.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بۆگۈ قاغان (759ـ779ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن مىلادى 763ـ يىلى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارغا مانى دىنىنى سوغدىلار تارقاتقان. بۇ يەكۈن بارتولد⑮ يۇ تېيەنخىڭ⑯ ۋە خاملتون⑰ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە لىن ۋۇ شۇ ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: ئالاقىدار تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار رايونىدىكى سوغدىلارنىڭ مانى دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سودىگەرلەر، يەنە بەزىلىرى بولسا كەسپىي دىندارلاردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىغان سوغدىلار ئېتىقاد قىلغان دىن مانى دىنىدۇر. بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشىنى سوغدىلارنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ»⑱.

سوغدىلار (ياكى سوغدىيانلار) ـ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئىران خەلقلىرىنىڭ بىرى. بۇ خەلق مىلادىدىن ئاۋۋالقى 4ـ،5ـئەسىرلەردىن مىلادى 10ـ ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ مىلادىدىن ئاۋۋالقى 6ـ ئەسىرلەردە ئېچىلىشقا باشلىغان يىپەك يولى سودىسىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان خەلقتۇر. قەدىمكى گرېك يازغۇچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، سوغدىلار ماۋراھۇننەھىردە (ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى ئارىلىقىدا) ياشىغان. ئەرەب ۋە ئىران تارىخچىلىرىنىڭ يېزىشىچە، سوغدىلار زەرەپشان دەرياسى بىلەن قەشقەر دەريالىرى ۋادىسىدا ياشىغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بايان قىلىشىچە، سوغدىلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلىرى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت بولغان. شۇنىڭدەك ئۇ زاماندا بىر بالاساغۇن ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن، لېكىن بۇلار تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئىككى خىل تىلدا (سوغدىچە ۋە

www.kitaphumar.com

تۈركچىدە) ئوخشاش سۆزلەيدىغان بولغان ۋە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن سوغداقلار دەپ ئاتالغان. سوغدىلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ھەققىدە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «ھودۇدۇل ئالەم»دە زىكرى قىلىنغىنىدەك، بەشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ بەش كەنتى بولغان يەتتە سۇ، تيانشاننىڭ ھەر قايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى،لوپنۇر رايونى، خېشى كارىدورى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەندىمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە لوپنۇر رايونىدىكى سوغدى كەنتى مەشھۇر بولغان. يۇقىرىقى بايانلاردىن قارىغاندا، سوغدىلار ئوتتۇرا ۋە غەربى ئاسىيانى ئاساسىي لىنىيە قىلغان يىپەك يولى سودىسى ۋە باشقا جەھەتتىكى ئالاقىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۆگۈ قاغاننىڭ بۇ دىننى قوبۇل قىلىشىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىدىيە جەھەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە سىياسىي ئېھتىياج ۋە ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلىيالايمىز.

سىياسىي ئېھتىياج نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەر خىل قىيىنچىلىقلار، پىكىر ئىختىلاپلىرى ۋە دىنىي كىرىزىس يۈز بەرگەن ۋە ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۆچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى تېز سۈرەتتە فېئودالىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، بولۇپمۇ بۆگۈ قاغان دەۋرىگە كەلگەندە ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تاڭ سۇلالىسى تەرەپتىن كەلگەن فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئۇيغۇرلاردا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرى تىكلىنىشى، ئوردىلارنىڭ سىلىنىشى، شەھەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئولتۇراق تۇرمۇشقا ئۆتۈشىنى تېزلەتتى، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگەردى، بۇ ئۆزگىرىشلەر بىۋاستە ھالدا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. فېئوداللار خانلىقنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى بولدى. بۇ چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. خانلىقنىڭ بىرلىككە كېلىشىدىن ئىبارەت چوڭ ئۆزگىرىشكە ماسلىشىش ئۈچۈن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە بىرلىككە كەلگەن بولۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى»⑲.

ئىقتىسادىي جەھەتتە، يىپەك يولى ۋادىسىدىكى سودىغا ماھىر بۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي ئورنىنىڭ كۈنسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، بۆگۈ قاغان سوغدى سودىگەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئارقىلىق خانلىقنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىدە بولغان. بۇ ھەقتە فەن ۋىنلەن مۇنداق يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد

www.kitaphumar.com

قىلىشنى سودا جەھەتتىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن، سوغدىلارنىڭ ھەققىي ياردىمگە ئېرىشىش ئۈچۈندۇر»⑳.

دېمەك، يۇقىرىقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، لىن ۋۇشۇ، فەن ۋېنلەن قاتارلىق تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرىغا قويغان بۆگۈ قاغاننىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىكى مەقسىتى سوغدى سودىگەرلىرىدىن پايدىلىنىپ، شەرق-غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيەسىنى ئىگىلەشتىن ئىبارەت دېگەن قاراش ئىلىم ئەھلىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن، لېكىن مۇشۇنداق شارائىتتىمۇ يەنە باشقا دىنلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل رېئال ئەھۋال قوچۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. سىياسىي جەھەتتىن قارىغاندا، باشقا دىنلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىگە ھېچقانداق خەۋپ ئەكىلەلمىگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئەرىن تارقىلىشى ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق شارائىتلارنى ھازىرلىغان. مەدەنىيەت جەھەتتە، قوچۇدا كۆپ خىل دىن، تىل-يېزىقلارنىڭ ئورتاق بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدەك كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت بەلۋېغى شەكىللەنگەن. بۇ خىل ھالەت بۇددا دىنىنىڭ قوچۇدا خېلى بۇرۇنلا تارقىلىپ غەربىي يۇرتتىكى تۆت چوڭ بۇددا دىنى مەركىزى (خوتەن، قەشقەر، كۇچا ۋە تۇرپان)نىڭ بىرى بولۇشتەك دىنىي مەركەزلىك ئورنى قوچۇ خانىنىڭ بۇددا دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىشكە تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئامىلنىڭ بىرىدۇر. شۇ ۋاقىتتا مۇشۇ خىل تاللاشلا توغرا بولغان. چۈنكى 500 يىلدىن ئارتۇقراق بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىش رايونى بولغانلىقىدەك بۇ خىل ھالەت بۇددا دىنىنىڭ قوچۇدىكى ئەڭ ئاساسلىق دىن بولۇشىنى بەلگىلىگەن ئامىلدۇر. بۇ خىل تاللاش قاغاننىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولۇش ۋە قوچۇنىڭ يىپەك يولىدىكى ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىشقا مۇھىم شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىسلام دىنىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىنىشىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىينىڭ قورالى بولۇشتەك رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى ھاكىمىيەتنى جىددىي قولغا ئېلىشنى سىياسىي نىشان قىلغان سۇتۇق ئۆز ئەتراپىغا تاغىسىغا قارشى گۇرۇھتىكى كىشىلەرنى توپلىغان. بۇنىڭغا سامانىيلار خانلىقىدىن كەلگەن ئەبۇ ناسىر سامانى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ساتۇقنى ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان كىشىدۇر. سۇتۇق بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىگە ئەگەشكەنلەرنىڭ كۈچى ئارقىلىق تاغىسى بازىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى كېڭەيتىش يولىدا قوچۇ ئۇيغۇر ئېلى ۋە

www.kitaphumar.com

ئۇدۇن خانلىقىغا قارىتا دىنىي ئۇرۇش ئېلىپ بارغان. ئۇغلى مۇسانىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ئىسلام دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدا تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىغان.

يۇقىرىقىلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، قاغانىنىڭ قارارى، ھاكىمىيەتنى ئىگىلەش ۋە مۇستەھكەملەش يولىدىكى سىياسىي نىشانى، خانلىقنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان سىياسىي، ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى بىر خىل دىننى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىپ، بىر خىل ئىدېئولوگىيە بايرىقى ئاستىدا ھاكىمىيەت تۈتۈشنى بەلگىلىگەن.

3.ئۇيغۇرلارنىڭ پسىخىكىسى كۆپ خىل دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشقا ئېلىپ بارغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىلنىڭ بىرىدۇر.

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا، جۇغراپىيەلىك مۇھىتنىڭ تەسىرى، ئۆزگىچە بولغان مەدەنىيەت تىندۇرمىسى، پسىخىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدە ئۆزىگە خاس بولغان پسىخىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. تارىخ تەتقىقاتچىسى، ئېكسپېدىتسىيەچى ئۆمەرجان ئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن پسىخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «تەكلىماكان قۇملۇقى ـ ئۇيغۇرلارنىڭ تەن ساپاسى، تەپەككۇر شەكلى ۋە مىجەز خاراكتېرىگىمۇ نېگىزلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلاردا لوگىكىلىق تەپەككۇر شەكلىنىڭ كەمچىل بولۇشىغا ۋە خىيالىي، ئوبرازلىق، ئەپسانىۋى تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كېلىشىگە تەكلىماكان ئېتەكلىرىدىكى ھەمىشە قىمىرلاپ تۇرىدىغان ئالۋۇن (ئېزىتقۇ) ھادىسىسى ھالقىلىق تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. چوڭ قۇملۇقنىڭ كۈندۈزى قاتتىق ئىسسىپ، كېچىسى بىراقلا سوۋۇپ كېتىشىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ مىجەزىنىڭ تېز قىزىپ، تېز سوۋۇشتەك ئىككى ياقلىملىق خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن»(21).

ھەقىقەتەن، بىر مىللەتنىڭ پسىخىكىسى ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىن ـ بىر خىل ئىدېئولوگىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ بىر مىللەتنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىنسانلارنىڭ دىننى بارلىققا كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلىشى دىننىڭ كېيى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان پسىخىكىسىغا مەلھەم ئىزدەشتىن، شۇنداقلا ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان تەڭرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىشتىن ئىبارەت. دىننىڭ بارلىققا كېلىشىدىمۇ، ئۇنى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، پسىخىك ئۆزگىرىشى ۋە دىن ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان نىشانى ئوخشىمايدۇ. دۇنيادىكى ھەر قايسى

www.kitaphumar.com

چوڭ دىنلار بارلىققا كەلگەن جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش يۆنىلىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەر قايسى دىنلارنىڭ بارلىققا كەلگەن تارىخى شارائىتى ئوخشىمىغاچقا، دىندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي ئەھكاملارمۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بەزى دىنلار كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا، پسىخىكىسىغا ئىنتايىن ماس كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئېتىقاد قىلىدىغان ئاساسلىق دىنى بولۇپ قالىدۇ. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى ياكى بىر مىللەتنىڭ ياشاش ماكانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بىر دىن بۇ مىللەتتە قىسمەن ھالدا ئاجىزلىششى ياكى ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە بوشلۇق پەيدا قىلىپ، باشقا بىر خىل دىن ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقان پسىخىكىسىغا مەلھەم ئىزدىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق شارائىتلار بىر مىللەتتە دىن ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دىننىڭ سىياسىينىڭ قورالى، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ دەسمايىسى ۋە روھى يۆلەنچۈك ئىزدەشتەك (دىنى كىرىزىس سەۋەبىدىن) ئامىللار بىر مىللەتتە دىننىڭ كۆپ قېتىم ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر. ئۇيغۇرلار 840- يىلى غەربىي يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، نېمە ئۈچۈن بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرىنى بايراق قىلغان خانلىقلارنى قۇرالىدى؟ مانى دىنى 762- يىلى قوبۇل قىلىنغان دېگەندىمۇ 840- يىلىغىچە 80 نەچچە يىللىق تارقىلىش ۋە يىلتىز تارتىش تارىخىغا ئىگە بىر دىننىڭ غەربىي يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن ئاساسلىق دىن بولۇشتىن قېلىشى بۇ دىننىڭ چارۋىچىلىق رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ پسىخىكىسىغا ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىدەك ئالاھىدىلىك تەرىپىدىن بەلگىلەندى. تارىم ۋادىسى شۇ ۋاقىتتا نىسبەتەن يۇقىرى بولغان تېرىقچىلىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ھەم بۇ ۋاقىتتا تارىم ۋادىسىغا بۇددا ۋە ئىسلام دىنلىرى خېلى كەڭ تارقىلىپ بولغان ۋە تارىم ۋادىسى بۇ دىنلارنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان ئۆتەڭلەرگە ئايلانغان.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنىڭ ئەۋزەللىكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن سىرتقى مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن بولۇش ۋە دىنىي زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ماس قەدەملىك ئۆزگەرتىپ مېڭىشتەك بىر قاتار ئامىللارنىڭ ئورتاق تەسىرى بىلەن دۇنيادىكى ئاساسلىق ئۈچ چوڭ دىن ۋە باشقا كىچىك دىنى مەزھەپلەرگە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئېتىقاد قىلىپ ئۆزىگە خاس بولغان دىن مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلغان ۋاقىتتا، ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ تەسىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېنىق كۆرۈپ يېتەلەيمىز. شۇڭا بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولغان ھەر قانداق

www.kitaphumar.com

تەتقىقاتچى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان ھەر قايسى دىنلار ھەققىدە مۇپەسسەل چۈشەنچە ۋە بىلىشلەرگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ دىن مەدەنىيىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەتقىق قىلىپ چىقالمايدۇ. شۇڭا تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتە مۇپەسسەل چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر دىن مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ خەزىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىغا تىلەكداشمەن.

## ئىزاھاتلار:

① ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى: «ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989-يىللىق 2-سان، 101-بەت.

② ④ نۇرمۇھەممەت تـوختى: «ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 2003-يىللىق 3-سان، 79-بەت.

③ گېڭ شىمىن نەشرگە تەييارلىغان: «ئوغۇزنامە»دىكى ئوغۇزخان ئالغان ئايالنىڭ دەرەخ كاۋىكىدا كۆرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتتا دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرگە تېۋىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مىساللارنىڭ بىرىدۇر.

⑤ لىيۇزىشاۋ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن: «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى نەشرى.

⑥ جاڭ ۋىنخەي: «جۇڭگونىڭ قەدىمكى خىرىستىيان دىنى ۋە كەيفىڭ يەھۇدىيلىرى»، 469-بەت.

⑦ قاھار بارات: «قەدىمكى ئۇيغۇر خىرىستىيان يادىكارلىقلىرى»، ‹‹شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1986-يىللىق 3-سان، 59-،62-بەتلەر.

⑧ جاڭ شېڭلاڭ: «جۇڭگو ۋە غەرب قاتناش تارىخى ماتېرىياللىرى»، 1977-يىلى نەشرى، 6-بەت.

www.kitaphumar.com

⑨ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 1-توم، 635-بەت.

⑩ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى نەشرى، 68-149-بەتلەر.

⑪ «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1983-يىللىق 3-سان، 6-بەت.

⑫ هاجى نۇر هاجى: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى نەشرى، 17-،171-بەتلەر.

⑬ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «ئەرەب مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ ئون ئىككى مۇقامغا بولغان تەسىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1991-يىللىق 4-سان.

⑭ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى نەشرى.

⑮ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)، 101-بەت.

⑯ يۈتىيەنخېڭ : «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشرى، 59-بەت.

⑰ خاملتون: «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخى ماتېرىياللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1982-يىلى نەشرى، 7-بەت.

⑱ لىن ۋۇشۇ: «مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ شەرققە تارقىلىشى»، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)، 91-،93-،95-بەتلەر.

www.kitaphumar.com

⑲ ياك فۇشۆ: «ئۇيغۇر ۋەسقىلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2003-يىلى نەشرى (خەنزۇچە)، 45-بەت.

⑳ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (1-بۆلۈم)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1978-يىلى نەشرى.

(21) ئۆمەرجان ئىمىن: «تارىمنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى، 183-بەت.

تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇرېھىم زۇنۇن

维吾尔族多次改信的诸原因考

不沙克.亚森，塔吉•依明江

摘

此表现为较。维吾尔族是中亚较早进入文明时代的古老民族之一：要陆续改，较早创造文明及接受其他民族文化的优秀成分，早进入使用文字维吾尔族在历史上从原始信仰到最后开。变宗教信仰等等一系列文化现象变迁地理环境的变，随着时代发展的需求，始信仰伊斯兰教的这个过程中、个王朝统治者的推动作用和本民族善于热情的因素信仰了各个宗教，化。述多次改信的原因本文论

改变；宗教；维吾尔：关键词

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتقادنىڭ بۆگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى

**مۇتەللىپ ئىقبال**

**ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىپتىدائىي ئېتقاد ھادىسىسى ئىپتىدائىي جەمىيەتتە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئاسمان جىسىملىرىغا ، ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرگە ۋە ئەجداد-قەھرىمانلارغا چوقۇنۇشتەك ئېتقاد شەكلىگە ئىگە. ئىپتىدائىي ئېتقاد ھادىسىسى ھەرقايسى خەلق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ماقالىدە ئۇيغۇلارنىڭ بۆگۈنكى تۇرمۇشىدا ساقلىنىۋاتقان ئىپتىدائىي ئېتقادقا مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەرنى مىسال ئېلىش ئارقىلىق، ئىپتىدائىي ئېتقاد ھادىسىلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مۇجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى سەۋەبلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىپتىدائىي ئېتقاد، ئۇيغۇرلار، ئىسلام دىنى

ئىپتىدائىي دىن تەبىئەت ئېتقادچىلىقى بولۇپ، ئىپتىدائىي ئېتقاد دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت ئېتقادچىلىقى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتقاد ئادەتلىرىدە ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىنسانىيەت ئەڭ دەسلەپ ئوخشاش ياۋايىلىق دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەچكە ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئىدى. مەسىلەن، قۇياشنى قەدىمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىللەت، قەۋملەر ئۇلۇغلىغان ۋە ئېتقاد قىلغان. چۈنكى، قۇياش ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە تەبىئەتتىكى ھەممە شەيئى ئىنسانلار ئۈچۈن ئورتاق ئېتقاد ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى. ئىپتىدائىي دىن ئىنسانىيەتنىڭ باللىق دەۋرىدىكى ئېتقاد ئادەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، كۆپ خۇدالىق دىنغا تەۋە. شۇڭلاشقا ئۇ كېيىنكى دەۋردە بارلىققا كەلگەن يەھۇدىي دىنى، خىرىستىئان دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر خۇدالىق سۇنئىي دىنلار بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، ئالىملار ئۇنى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ياكى خەلق ئېتىقادى دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئاتاپ كەلگەن. شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، بەزى تەتقىقاتچىلار تۈركىي خەلقلەردىكى«شامان دىنى <شامان> ئاتالغۇسى خەلقئارالىق ئاتالغۇغا ئايلىنىشتىن بۇرۇن <ئىپتىدائىي دىن>، <ئىپتىدائىي ئېتىقاد> نامى بىلەن ئاتالغان.»(1) شۇڭلاشقا ئىپتىدائىي ئېتىقادنى شامان دىنى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شامان دىنىنىڭ دىن ياكى دىن ئەمەسلىك مەسىلىسى ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرى ئارىسىدا خىلى كۆپ تالاش-تارتىشلارنى قوزغىغان. بەزى تەتقىقاتچىلار شامان دىنىنى بىر خىل ئىپتىدائىي دىن دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە مىنىڭ شامان ئاتالغۇسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمدىكى سەۋەپ كۆپ سانلىق تەتقىقاتچىلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىنى شامان دىنى ئېتىقادى دەپ قارايدۇ. بۇ بەلكىم ئالتاي تىل سىستېمىدىكى خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا شامان(باخشى)لارنىڭ رولىنىڭ چوڭ بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە «شامان» ئاتالغۇسى تۈركىي مىللەتلەر تىلىدىن كىلىپ چىققان ئىلمىي ئۇقۇم. شۇ نەرسە گەۋدىلىككى، شامان ئېتىقادىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھادىسىسىلىرى بىلەن كۆپىنچە ئوخشاشلىقلا ئىگە. دىلمۇرات ئۆمەر ئەپەندى «شامان دىنى ئىپتىدائىي دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد تەرەققىياتى بىلەن ئوخشاشلىقلا ئىگە»(2) دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇلارنىڭ تارىخىدىكى ئېتىقاد ھادىسلىرى ئالىملار ئىپتىدائىي ئېتىقاد دەپ قاراپ كىلىۋاتقان ھادىسىلەر بىلەن كۆپ جەھەتتىن ئوخشاش بولغاچ، مەن ماقالەمدە ئىپتىدائىي ئېتىقاد دىگەن ئىبارىنى ئىشلەتتىم.

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە بىز ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئېتىقاد مەدەنىيىتىگە، ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ رولىنىڭ تەسىرىنى بايقايمىز. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئىزلىرى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە بەزى كىشىلەر مەدەنىيەتتىكى بەزى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرىغا نىسپەتەن ئۇنى «خۇراپاتلىق» قالپىقى بىلەن چۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ خىل قاراش تولىمۇ بىمەنە. چۈنكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى مەدەنىيەت بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. مەسىلەن، خەنزۇ مىللىتىنىڭ قەدىمدە ئەجدەرھانى ئۇلۇغلاپ تۈتىم قىلىشى بۈگۈنكى كۈندە بايراملاردا ئەجدەرھا ئويۇنى ئوينىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار يەنە «福»خېتىنى چاغان ۋە باشقا بايراملاردا ئىشىكىگە تەتۈر چاپلاپ قويۇپ، بەختلىك بولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ....بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان كوچىلىرىدا كالىلار ئەركىن يۈرەلەيدۇ، چۈنكى ھىندىستانلىقلار قەدىمكى

دەۋردە كالىنى ئۆزىنىڭ تۇتېم ئوبيېكتى قىلغان ئىدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد ياكى سۈنئىي دىنلاردىكى نۇرغۇن ھادىسىلەر ئۇزاق تارىخى جەرياندا خەلق مەدەنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەسىرى خېلى زور بولۇپ، بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان نۇرغۇن دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. ئىسلام دىنى ئۇيغۇلاردا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان دىن بولۇپ، ھازىرغا قەدەر مەلۇم دەرىجىدە ئۆزىنىڭ تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بىز ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا ئىنچىكىلەپ قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئىپتىدائىي دىنىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ھەتتا ئىسلام دىنىدىكى بەزى ئادەت-مۇراسىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «نۇرغۇن ئىپتىدائىي چۈشەنچىلەرگە ئىسلامىيەت قاراشلىرى سىڭىپ كىردى ياكى ئىپتىدائىي ئېتىقادتىن قالغان ئادەتلەر ئىسلامچە چۈشەندۈرۈلدى ياكى چۈشىنىلدى. ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيىتىگە ئىسلامىيەت يۇغۇقى يېپىلدى»(3)

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئەمماكىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى شۇكى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئۇلار ئىلگىرى ئېتىقاد قىلغان سۈنئىي دىن ــ خىرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تەسىرى ئاساسىي جەھەتتىن سىقىپ چىقىرىلغان ياكى ئىسلامىيەت شۇ دىنلارنىڭ مەدەنىيەت ئامىللىرىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلغان ئىدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ دىنى ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئىسلام دىنى ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق بىر دىنىي ئىدىيە بىلەن سىغىشالمىسىمۇ، نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئامىللىرى ئىسلام دىنى تولىسى قويۇق جايلاردىمۇ ھازىرغىچە ساقلانغان ۋە ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى بىلەن زىچ بىرىكىپ كەتكەن. ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئەڭ قەدىمكى ئېتىقاد ھادىسىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇددا دىنى، مانى دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ شۇ دىنلار بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بىز تارىخىي ماتېرىياللارغا دىققەت قىلساق، ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ ئۇيغۇلار مانى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئىشەنگەن چاغدىمۇ شۇ خىل دىنلار بىلەن بىللە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. «شامان ئېتىقادى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىدىئولوگىيە ھاياتىدا ئۇزاق ساقلاندى. نىيە ئەتراپىدىن تېپىلغان تارشا پۈتۈكلەردە خانىنىڭ شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالىشىنى مەنئىي قىلىش يارلىقى يېزىلغان. بۇ شامانىزم

پائالىيەتلىرىنى مىلادىدىن كېيىنكى 2ـ3ـئەسىرلەردە سالماقلىق داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» (4) بىز ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىگە نەزەر سالساق، كۆك تەڭرى ئېتىقادىغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارنىڭ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەنلىكىنى بايقايمىز. خاقانلار ئۆزلىرىنى كۆك تەڭرىدە قۇت بولمىش***خاقان دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا مەڭگۈ تاشلاردا يەنە قەھرىمانلارغا ۋە ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ. مىسال كەلتۈرسەك بۇنداق تارىخىي ماتېرىياللاردىن نۇرغۇنى تېپىلىدۇ.

«دىنىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى چوقۇم بەلگىلىك ئىدىيە، ئەمەلىيەت ۋە تەشكىلىي شەكىللەردىن تەركىب تاپىدۇ»(5) بۈگۈنكى كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا، قۇمۇل، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا شامان باخشىلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ پېرىخونلۇق، سېھرىگەرلىك پائالىيەتلىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. دېمەك، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدە شامان دىنىنىڭ پائالىيەت سورۇنى ۋە شەكلى ھېلىغىچە مەۋجۇت.

ھەممىگە مەلۇم، ئۇيغۇرلار تارىختا كۆپ دىنغا ئېتىقاد قىلغان مىللەت. 10ـئەسىردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىسلاملىشىش مۇساپىسى 15~16ـ ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇلارنىڭ ئاساسىي ئېتىقاد سىستېمىسىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان تەدرىجى ئاجىزلاشقان بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ئېتىقاد سىستېمىسىدا يەنىلا مەلۇم سالماقنى ئىگىلىگەن. ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر ئىسلامچە تۈس ئېلىشقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. بۇنداق ئادەتلەرنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىن خېلى كەڭ دەرىجىدە تاپقىلى بولىدۇ. ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەنە بەزى ئادەتلەر ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىغان ياكى ئىسلامچە تۈس ئالمىغان. بۇ نوقتىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، چوڭ جەھەتتە ئۇيغۇلار ئىسلام ئېتىقادىدا بولسىمۇ، قىسمەن جەھەتتىن ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى مەۋجۇت.

ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا بۈگۈنگىچە تەسىر قىلىشى ئۈيلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك. ئىپتىدائىي ئېتقاد ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا تۆۋەندىكىدەك خاراكتېرلەنگەن:

1.نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلىرى ئىسلامچە تۈس ئالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەسلىدىكى ئېتقاد سىستېمىدا روشەن ئۆزگىرىشلەر بولۇشقا باشلىغان. گەرچە ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى كېيىنچە ئۇزىنىڭ ئەسلىدىكى شامان ئېتقادىنى مانى دىنغا ئۆزگەرتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار

www.kitaphumar.com

جەنۇبقا قاراپ كۆچكەن ۋە بىرقىسمى تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرىكىپ قىسقا ۋاقىتتىنىڭ ئىچىدىلا قاراخانىيلار خانلىقى ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دۆلەت دىنىنى ئىسلام دىنى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلاملىشىش مۇساپىسى باشلانغان بولۇپ، بۇ جەريان تۇغلۇق تۆمۈر خانىنىڭ ئىسلام دىنىنى تەشۋىقاتىنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيتىشىگىچە داۋاملاشقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملاشقان.

ئۇيغۇرلاردا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن ئەسلىدىكى ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ جەرياندا ئىسلاملىششقا باشلىغان. ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى يادا قىلىش ئادىتىنى ئالساق، موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى»دە بۇ ئادەتنىڭ ئىسلامچە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان شەكلىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: «بۇرۇن نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنى جۇدى تېغىغا سۆرەپ چىقىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىگە زېمىن ئايرىپ، رۇخسەت بەرگەن چاغدا، يافەس دادىسىدىن <ماڭا دۇئا ئۆگەتسىڭىز، مەن خالىغان چاغدا دۇئا قىلىپ، يامغۇر ياغدۇرىدىغان بولسام> دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. دادىسى بۇنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئىلتىجا قىلدى. ئاللاھ ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىسمى ئەزەم دېگەن ئايەتنى ئەۋەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى تاشقا نەقىش قىلىپ ئۇيۇپ بەردى. بۇ تاشنى ئەرەبچە <ھەجىرىلمەتەر>(يامغۇر ياغدۇرىغان تاش) دەيدۇ. تۈركلەر <يادا تاش>، ياكى <جادا تاش> دەپ ئاتايدۇ»(6) دەپ يازغان. دېمەك، يۇقىرىكى رىۋايەتتىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن شامان ئېتقادىدىكى ئادەتلەرنى ئىسلامچە ئىزاھلاشقا باشلىغان. ئىسلاملىشىش ئىپتىدائىي ئېتقادلارنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

خانىدا ئاكىرا «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا، شامان دىنىدىكى يامغۇر تىلەش ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلامچە تۈس ئالغانلىقىنى تۆۋەندىكى تارىخى بايانىدىن دەلىللەيدۇ. «يەنە ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە 16-ئەسىردە ئۆتكەن ئەزەربەيجان تۈركلىرىدىن بولمىش سەيياھ سەيفى (تۇرپاندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە بولغان ئارىلىقتا 40كۈن چۆل سەپىرى قىلىپ، چۆلنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن كارۋان) <كىلىماتىنى سۈۋۈتۈش ئۈچۈن> يادا ئەپسۇنى ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇلار <قۇرئان كەرىم>دىكى سۈرە <شەمس>دىكى بىر ئايەتنى قىرائەت قىلغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرە بىردىنبىر ئىسپاتتۇر.» (7)دەپ يازىدۇ. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئىپتىدائىي ئېتقادقا مۇناسىۋەتلىك قايسى بىر ئادەتنى

www.kitaphumar.com

كۆزەتمەيلى، ئۇنىڭ رۇشەن ئىسلامى تۈس ئالغانلىقىنى بايقايمىز. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندىكى شامان ئېتىقادى پائالىيەتلىرىدە خۇدانىڭ نامىنى زىكرى قىلىدۇ. يۇقىرىقىدەك تارىخى ماتېرىياللارنى ئۇيغۇر تارىخچىلىرى ۋە باشقا ئەل سەيياھلىرىنىڭ قەلىمى ئاستىدىن كۆپلەپ تاپقىلى بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد پائالىيتىنىڭ مەلۇم قىسمىغا ئىسلامى ئامىللار قوشۇلۇپ كەتكەن. مەسىلەن بۈگۈنكى كۈندە يېزىلاردا سۇ تىلىمەكچى بولسا، گەرچە ئىلگىرىكىدەك يادا تېشى ئىشلىتىلمىسىمۇ قۇربانلىقتىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئاللادىن مول ھوسۇل ۋە باياشاتچىلىق تىلەش ئومۇميۈزلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار تارىختا تۈپراققىمۇ ئېتىقاد قىلغان. ئىسلام دىنى ئەدىبسىدە ناماز ئوقۇغۇچى تەرەت ئالماقچى بولۇپ سۇ تاپالمىسا تۇپا ئىشلىتىپ تېيەممۇم قىلسىمۇ بولىدۇ، ئىسلام ئەدىبىسىدە تۇپا پاك دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ھامىلدار ۋە تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ كەچتە تالاغا چىقىشىنى مەنئىي قىلىدۇ. چۈنكى ئاياللارغا باشقا جىن-شاياتۇنلار زىيان-زەخمەت يەتكۈزىشىدىن قورقىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يامان روھ ۋە جىن شاياتۇنلار بىلەن ئىسلام دىنى ئەدىبىسىدىكى جىن قارىشىنىڭ بىر نوقتىدا كىسىشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بۇرۇنلاردا تۇغۇتلۇق ئاياللار بىرەر زەخمەتكە ئۇچرىسا شامان باخشىلىرى جىنلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئوقۇيدىغان ئىشلار بار ئىدى. ئىسلام دىنى گەرچە جىنلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما باخشىلارنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلام ئەدىبىسىدە ئاللادىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقنىڭ ئىككىنجى بىر شەيئىگە تەسىر كۆرسىتىش ئىقتىدارى بولمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئۆزىدىن غەيرى ھەرقانداق بىر ئېتىقاد پائالىتىنى چەكلەيدۇ. چۈنكى، ئاللاھتىن باشقا غەيرى نەرسىلەرگە ئىشىنىش كۇپرىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنداقتا، ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى ئادەتلەر نىمە ئۈچۈن ئىسلاملىشىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابى كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

(1) **ئامالسىزلىق پسىخىكىسى**. ئامالسىزلىق پسىخىكىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى رۇشەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. چۈنكى، تارىختىن بۇيان ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەبىئەتتىن ئايرىلمايتتى. شۇڭلاشقا تەبىئەتتىكى ھەربىر خىل ئۆزگىرىش ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئاكتىپ ۋە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرخىل ھادىسىلەرنى تولۇق چۈشەنمەيتتى. تەبىئەتتىكى قۇياش چىقىش، چاقماق چېقىش، يامغۇر يېغىش، بوران چىقىش، يۇلتۇزلارنىڭ كۆچۈشى، ھەرخىل يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇلارغا خىرىس قىلىشى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە ئامالسىز ئىدى. ئەڭ مۇھىمى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەربىر شەيئى ئۇلارنىڭ

www.kitaphumar.com

مەۋجۇتلۇقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. ئەگەر قۇياش چىقمىسا ئۇلارنىڭ پائالىيەت قىلىشى تەسكە چۈشەتتى. قاتتىق بوران ئۇلارنىڭ پائالىيەت سورۇنىنى كىچىكلىتەتتى. چاقماق ئۇلانىڭ ھاياتىغا خەۋپ بولاتتى. ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇلارنى تىنىچ قويمايتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەرخىل كىسەللەردىن كېلىپ چىققان ئۆلۈم ئالدىدا ئاجىز ئىدى. جۈملىدىن تەبىئەتتىكى نۇرغۇن ھادىسە ۋە شەيئىلەر ئالدىدا ئۇلار تولىمۇ ئاجىز ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزى چۈشەنمىگەن، قورققان، ئەيمەنگەن، ئامالسىزلىق ھېس قىلغان چاغدا شۇ شەيئىلەرنى ئۇلۇغلىغان ۋە ئېتىقاد قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئاشۇ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش، بەختەرلىككە ئېرىشىش ئۈمىدى ئاستىدا ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئاستا-ئاستا كېلىپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەنە شۇنداق روھى ئۈمىدىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى.

ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب شىمالىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن، ئاز بىرقىسمى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ۋە قول-ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغان. دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىگىلىكلىرى تەبىئەتكە بولغان كۈچلۈك بېقىندىلىقنى شەرت قىلغاچ، تەبىئەت بىلەن بىللە ياشاش ئۇيغۇرلاردا تەبىئەتتىكى ناچار شارائىت ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنى تەلەپ قىلاتتى. 15-ئەسىردىن كېيىن يىپەك يولى خارابلىششقا باشلىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار سىرتتىن يېڭى تېخنىكا ۋە قۇراللارنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا ئىگىلىكتە سانائەتلىشىش دۇنيادا تېخى 20-ئەسىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا ئەمەلگە ئاشتى. ناچار تەبىئىي شارائىت، قۇرغاقچىلىق، ئاپەت، پۈتمەس سىياسىي نىزا ۋە ئاز ھوسۇل ئالدىدا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى ئاساسلىقى ئىگىلىك شەكلى بولغان دېھقانچىلىقتا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە نوقۇل ئادەم كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىش ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى ئېغىر قۇرغاقچىلىق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى كېڭەيتىشكە توسالغۇ بولاتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇر دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىپ بولالماسلىقى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۇزاققىچە تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشاش يولىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭلاشقا يېزىلاردا ھېلىغىچە ئاي ۋە يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە قاراپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن مول-ھوسۇل ئېلىشنى بىشارەتلەيدىغان ئادەتلەر ھېلىغىچە ساقلانماقتا.

www.kitaphumar.com

شۇڭلاشقا زاراختەمە، يامغۇر تىلەش قاتارلىق بىر قاتار ئىپتىدائىي ئادەتلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىغىچە ساقلانغان ۋە ئىسلامىي تۈس ئالغان.

گەرچە مەدىنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، چەت يېزا-قىشلاقلاردا داۋالاش ئىشلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ئومۇملىشىپ بولالماسلىقى بىلەن ئىپتىدائىي داۋالاش ئۇسۇللىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى يەرلەردە ھېلىغىچە شامان باخشىلىرىنىڭ كېسەل داۋالايدىغانلىقىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئىچىدە بەزى كىشىلەر يەنىلا داخانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزىگە ۋە يېقىن كىشىلىرىگە دۇئا ئوقۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق يامان جىن-شاياتۇنلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان قەستىنى ياندۇرۇپ، تىنچ، خۇشال ياشىغىلى بولارمىش. خەلق ئىچىدە بەزى كىشىلەر ئەر-خوتۇن، قىز-ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى ھېسسىياتنىڭ يېقىنلىشىش ۋە سوغۇتۇش ئىشلىرىنى داخانلار قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

روھىي جەھەتتىكى ۋە تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدىكى ئاماللىسىزلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم ئوبيېكتىپ ئاساس بىلەن تەمىنلەپ بەرگەن. چۈنكى، چۈنكى بۇيەردە ماشىنىنىڭ ئاۋازىدىن كەتمەننىڭ ئاۋازى يۇقىرى ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ساقلىنىۋاتقان سۇ تىلەش ۋە زاراختەمە قاتارلىق ئادەتلەرگە دىققەت قىلساق، سۇ قىسلىقتىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ مەسىلىنىڭ كىشىلەرنى بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا مەجبۇر قىلغان. گەرچە يامغۇر تىلەش، يادا قىلىش، سەھرى ئىشلىتىش، كېسەل داۋلاش، پىرە ئوينىتىش، مازار تاۋاپاتى (ئەجدادلارغا چوقۇنۇش) قاتارلىق ئادەتلەر ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ تەركىبى قىسمى بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل ھادىسە ئىسلام دىنى ئامىللىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇيغۇلار يامغۇر تىلىمەكچى بولسا شۇ يۇرت جامائىتى ئېقىن بېشىغا توپلىشىپ چىقىدۇ. كىشىلەر نەزىر بۇيۇملىرىنى ئۆزلىرى خالىس بىللە ئېلىپ چىقىدۇ. ئېقىن بېشىدا قوي، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، شۇ يۇرتنىڭ سۇيىنىڭ مول بولۇشىنى، كىشىلەرنىڭ مول-ھوسۇل ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ دۇئا قىلىشىپ قايتىشىدۇ. ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىكى ئامالسىزلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي جەھەتتىكى تەسەللى ئىزدەش يۇقىرىقى ئادەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ ئىسلامىي تۈس ئېلىشىغا سەۋەب بولغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە «كىشىلەر بۇنداق مۆدھىش-قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە قۇربى يەتمىگەن ھامان ئۇلارغا چوقۇنۇپ، ئۇلارنى ئۇلۇغلىدى. بۇنداق ۋەھىمە

پەيدا قىلغۇچى نەرسىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا قۇربى يەتمىگەندە ئۇلارغا بولغان تەقۋادارلىقى ۋە مۇھەببىتى بىلەن ئۆزلىرىدىكى ۋەھىم تۇيغۇسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇندى»(8) بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ خىلدىكى ۋەھىمە ئېڭى ۋە ئۇلار ئالدىدىكى ئاماللىسىزلىق كىشىلەرنى يۇقىرىدەك ئادەتلەرنى ساقلاپ قېلىشىقا ۋە جەمىيەتتە ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان ئىدىيە سىستېمىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئېلىپ باردى.

(2) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى بەزى قاراشلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقى ۋە روھى دۇنياسىدىكى كۈچلۈك تەسىرىمۇ ئىپتىدائىي ئېتقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىپتىدائىي دىندىكى بەزى قاراشلار ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا ئىسلام دىنى ئىپتىدائىي ئىتىقادتىكى بەزى قاراشلانى چەتكە قاقمىغان. بەلكىم بەزى كىشىلەر قەدىمدىن قالغان ئاشۇ ئىپتىدائىي ئېتقادلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە نىمە پايدىسى بار دەپ ئويلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە بۇ مەسىلىنى كۆپ تالاش-تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئىپتىدائىي ئېتقادلارنىڭ ھەرخىل سۈنئىي دىنلارنىڭ زەربىسىدىن ئامان قېلىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشى ئۇنىڭ ئەينى زاماندا مەلۇم دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى ھېچقانداق رولى بولمىغان نەرسىنى كىشلەرنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلاپ كېلىشى ناتايىن. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغانلىقىدا.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يادا سۆزىگە ئىزاھات بېرىپ مۇنداق يازىدۇ «يادا، بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك بولۇپ، يامغۇر، شامال، ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تاشلار(يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھرى قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغان ئىدى. خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى»(9) بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلىرى ئۆز دەۋرىدە خېلى زور دەرىجىدە رول ئوينىغان. گەرچە بىز بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى رولىنى دەلىل قىلىشقا تولۇق ئاساسىمىز بولمىسىمۇ ، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلىرى خەلق مەنىۋىيىتىدىكى ئورنى يۇقىرى بولغان. بۇ خىل يادا قىلىش ئۇسۇللىرى ئىسلامدىكى قىيىنچىلىقتا يۇلۇققاندا ئاللادىن مەدەت تىلەش قارىشى بىلەن بىرىكىپ، باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك سۇ ۋە يامغۇر تىلەشنىڭ يىڭىچە شەكىللىرىنى ياراتقان.

www.kitaphumar.com

ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى يەنە بىر ئۆزگىچە مەدەنىيەت ھادىسىسى پەرھىزدۇر. پەرھىز ئىپتىدائىي جەمىيەتتە ئېتقاد شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋاقىتتىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلىغان، ئۇنىڭغا سۇئىي دىنلاردىنىڭ تەسىرى سىڭگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەخلاق قاراشلىرىنىڭ قائىدە-شەكلىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىنى پەرھىز ئىنسانىيەت ياراتقان تۇنجى مەدەنىيەت ۋە جەمىيەت تەرتىپى، ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.»(10) دېمەك، ئىپتىدائىي ئېتقادنىڭ قانۇنى بولغان پەرھىز قاراشلارنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىشى پەرھىزنىڭ بىر قاتار ئوبىكتىپ رولى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. گەرچە بەزى پەرھىز قاراشلار ئىنىق خۇراپىيلىق تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بەزى پەرھىزلەر قەدىمدىن بۇيان ئەخلاق رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. پەرھىزلەر كىشىلەرنىڭ بەزى ئىشلارنى قىلىشتىن چەكلەيدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىلىرىمدا «قاراڭغۇدا ئوت ئويىنساڭ يامان بولىدۇ»، «كەچتە ئاچقۇچ ئويىنساڭ يامان بولىدۇ»، «ناننى دەسسىسەڭ كور بولۇپ قالىسەن» دېگەندەك پەرھىزلەرنى تولا ئاڭلايتتىم. بۈگۈن ئويلىنىپ باقسام بۇ خىلدىكى پەرھىزلەرنىڭ ئوبىكتىپ رولى تولىمۇ چوڭقۇر ئىكەن. ئەگەر يۇقىرىقىدەك پەرھىزلەر بولمىغان بولسا ئوت ئاپىتى كۆپلەپ يۈز بېرىشى، نۇرغۇن قۇلۇپلار چېقىلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭلاشقا بەزى پەرھىزلەر كىشىلەرنى يامانلىقتىن توسۇپ، زىيان تارتماسلىققا ئاگاھلاندۇرىدۇ. يەنە بەزى پەرھىزلەر كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورمال راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. دېمەك، بۇيەردە ئىپتىدائىي ئېتقادنى مەنبە قىلغان پەرھىز قاراشلار تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىشىلىكنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى قانۇنىغا ئايلانغان. ئېتقادنىڭ كىشىنىڭ روھى دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ھەققىدە غەرب ئالىملىرى كۆپ ئىزدەنگەن بولۇپ، غەربتىكى دىنى پىسخىكا ئالىملىرى نۇرغۇنلىغان ئەمىلى تەجرىبىلەرنى ئىشلىگەن ۋە دىن ۋە ئادەم پىسخىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى يەن نوقتىسىدىن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. «ئىلگىرى دىن تەرىپىدىن داۋالىنىپ باققان كىشىلەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتىدا كۆرسىتىشچە، داۋالانغان كىشىلەرنىڭ گەرچە بەدىنىدە ئۆزگىرىش بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ ساغلام ۋە بەختلىك ھېس قىلىشقان.»(11) دېمەك، مەيلى سۇئىي دىنلار بولسۇن ياكى ئىپتىدائىي دىنلار بولسۇن كىشىلەرنىڭ ئوبىكتىپ شەيئىلەردىن قانائەت ئىزدەش تۇيغۇسى ۋە روھى بېسىقىش دىنى-ئېتقادلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى مەلۇم دەرىجىدە روھى ئاساس بىلەن تەمىنلىگەن.

ئىپتىدائىي جەمىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۇسۇملۇك ۋە ھايۋانلارنى توتېم قىلىشى، ئەجدادلىرىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇنداق روھى قانائەت ئىزدەشتىن

www.kitaphumar.com

كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەجدادلار ئېڭىدىكى باتۇرلارغا چوقۇنۇشتىن ئىبارەت ئىپتىدائىي ئېتىقاد شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىسلام ئۈچۈن غازات قىلىپ قازا قىلغانلارنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىش ئىگىلىگەن.»(12) ئىدى. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش شامان دىنىدىكى ئېتىقاد ئادىتى بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر قەبىلە ۋە مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن بولغا كۆرەشلەردە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ روھى ياخشى روھقا ئايلىنىدۇ، باتۇرلار ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ روھى تىرىلىپ بىزنى قوغدايدۇ، دەپ قارىغان. باتۇرلارغا ۋە ئەجدادلارغا تېۋىنىش ئېگى بوگۆنگى كىشىلەر يولۇققان خىلمۇ-خىل مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشتا روھى مەدەت بولغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام تارىخىدىكى قەھرىمانلار مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى مۇھىم ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئىپتىدائىي ئىتىقادلارنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدا مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئىسلام بىلەن بىرىكىپ كېتىشى ئۇنىڭدا مەلۇم دەرىجىدىكى ئەخلاق ئېلمېنتى بولغانلىقىدا. ئىنسانىيەتنىڭ تۇتىم تۈزۈمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قەبىلىلەرنىڭ قانۇنى بولغان ئىدى. بۈگۈنكى كۈندىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئۇيغۇر ئەخلاقىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن، مەلۇم بىر كىشى ئۆز يۇرتىدىن يىراق ئۆزىسە كىشىلەر ئۇنى «يەر يۇتسۇن»، «يەر جاجاڭنى بىرەر»، «تۇزۇم ئۇرسۇن» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن تەرىپلەيدۇ. يۇقىرىقى ئىدىئوملار ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى يەر ۋە تۇزنى ئۇلۇغلاپ، ئېتىقاد قىلىش ئادىتىدىن كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا يەنە «نانغا دەسسە كۆزى كور بولىدۇ» دېگەندەك مەزمۇندىكى تۇراقلىق ئىبارىلەر ساقلانغان. بۇ ئىسلام دىنىدىكى تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپ قىلماسلىق قاراشلىرى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىپتىدائىي ئىتقادنىڭ ئۆزىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئەخلاقى ئامىللار بولىدۇ. كىشىلەر مازار تاۋاپ قىلىشتا ئىشلىتىدىغان نەزىر بۇيۇملىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كېلىپ جامائەت بىلەن تەڭ يەيدۇ، مازار تاۋاباتى جەريانىدا ئاجىزلارغا ياردەم قىلىدۇ. پائالىيەت جەريانىدا ھەممە كىشىلەر باراۋەر بولىدۇ. دېمەك، ئىپتىدائىي ئېتىقادلار ئۆزىدە كىشىلەرگە مەلۇم دەرىجىدە نەپ يەتكۈزۈش، كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىغا يۆلەك بولۇش ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى ئەخلاقى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تۈپەيلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتى مۇھىتىدا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان.

(3) ئىپتىدائىي ئېتىقادتىكى سىرلىق بولۇش قارىشىمۇ ئىسلام دىنىدىكى بارلىق شەيئىلەر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە، بارلىق غايىپنى بىلگۈچى بىر ئاللاھتۇر، دېگەن قاراش بىلەن ئۆز-ئارا كىرىشكەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر «بەزى جەسەتلەرنىڭ بۇزۇلماي ساقلىنىپ، قول-

www.kitaphumar.com

پۈت تىرناقلىرى ۋە چاچ ساقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ ھايات كىشىلەرنىڭ چۈشىدە ئايان بولۇشى، باشقىلارنىڭ چۈشلىرىدە يەنە ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلارغا ئۆزگىرىپ كېتىشى، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇش قاتارلىق ھادىسىلەرگە ناھايىتى ھەيران قالغان»(13).

ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرىكەتلەر مەغلۇپ بولغاندا ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققا بولارنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن ئويلىنىشقا باشلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى پىرىخۇنلۇق-سېھرى ئىشلىتىش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشەنمىگەن ھادىسىلەر ۋە پائالىيەتلەرنى سېھرى قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇنىڭ بىلەن پال ئېچىش بارلىققا كەلگەن. پال ئارقىلىق كىشىلەر مەلۇم نەرسىنىڭ سىرىنى بىلەلەيدىغان، كەلگۈسى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر نېمە ئۈچۈن يامغۇر ياغىدىغانلىقىنىڭ، قۇياش تۇتۇلىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىدى. جۈملىدىن ئىپتىدائىي ئىنسانلار سىرلىق بىلگەن نەرسىلەر بۈگۈنكى كىشىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ سىر ئەمەس ئىدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئېلىپ ئېيتساق، كۆپ سانلىق كىشىلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت ئاساس ئىگىلىك شەكلى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ پەننى بىلىملەرنى بىلىش پۇرستى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇلار چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ بولغان. دېمەك، ئۇلار سىرلىق ھېس قىلىدىغان ھادىسىلەر نۇرغۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ھەممە ئىشلار ياراتقۇچىنىڭ ئىلكىدە بولۇش قارىشىمۇ بەزى كىشىلەردە ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ بولماسلىقتەك تۇيغۇنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. ئىسلام دىنى مۇكەممەل دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزى مەسىلەرنى پەن بىلەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە چۈشەندۈرگەچكە، ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى سىرلىقلىق تۇيغۇسى ئىسلام قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرىكىپ، ئىپتىدائىي دىنى ئادەتلەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ قېلىشىغا تۈرتكە بولغان.

2.نۇرغۇنلىغان ئىپتىدائىي ئېتقاد ئامىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرغا قەدەر يارىتىپ كەلگەن مەدەنىيىتىنى پەن ۋە دىن ياراتقان مەدەنىيەت دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ. پەن ياراتقان مەدەنىيەت ئىنسانلارغا نۇرغۇن جەھەتتىن قولايلىق ئېلىپ كەلدى، ئەمما يىڭىدىن يىڭى پەيدا بولىۋاتقان مەسىلەرمۇ كۆپ.

دىن ياراتقان مەدەنىيەت تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىزەپ كەلگەن.

مىللەت مەدەنىيىتىنى دىنىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ بايان قىلغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ھىندىستان كىشىلىرى كالا ئېتىقادچىلىقىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلگەن. ھايۋانلارنى ئۇلۇغلاش ۋە چۈقۈنۈش ئىنسانىيەتنىڭ ئالىلىق دەۋرىدىكى تۇتىم ئادىتى ئىدى. دۆلەتمىزگە قارايدىغان بولساق، چاغان ۋە باشقا بايراملاردا كىشىلەر پوجاڭزا ئاتىدۇ. مەلۇم بىر جايدا يىغىدىن ئىش باشلىسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. پوجاڭزا ئېتىپ يامان روھلارنى قوغلاش دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەمدى ئۇنى بۇ دېگەن خۇراپىي ئادەت، دەپ ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەيلى سۇنئىي دىنلىرى بولسۇن مەيلى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادىدىكى ئادەتلەر بولسۇن، بەزى ئادەتلەر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ بىمىرلىمەس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئادەتلەرنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىش ھاجەتسىز.

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقادنى مەنبە قىلغان بەزى مەدەنىيەت ئامىللىرىمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان مۇھىم تەرەپتۇر. بۇ ئامىل ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قېلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆك مەشرىپى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش-كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئادىتىدىن كەلگەن. كۆك مەشرىپىدە ئوينىلىدىغان ھەرخىل ھەرىكەتلەر ۋە ئوتتۇرىغا ئېلىنغان كۆك(مايسا) كىشىلەرنىڭ يېڭى بىر يىلدا مول ھوسۇل ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىش ئېڭىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆككە چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئەكس ئەتكەن. ئۇيغۇرلاردىكى قارلىق ئويۇنىمۇ قارغا بولغان سىغىنىشنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان. شۇڭلاشقا بۇ ئويۇن ئادەتتە تۇنجى قار ياغقان ۋاقىتلاردا ئوينىلىدۇ. قار مول ھوسۇلنىڭ بىشارىتى بولۇپ، ئەگەر قار ياخشى ياغسا كېيىنكى يىلى زىرائەت ئوبدان ئوخشايدۇ. تارىخنى ئەسلىسەكمۇ ئىپتىدائىي ئېتىقادلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزغا بولغان تەسىرى ئىنىق كۆرىۋالالايمىز. مەسىلەن قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ نامىدىكى «ئىدىقۇت» سۆزى «قۇت بەرگۈچى خۇدا»دېگەن نامنى بىلدۈرەتتى. ئۇيغۇرلار يەنە بىرسىنى قارغىماقچى بولسا «يەر يۇتقاي» دەپ قاغايدۇ. بۇ گەپتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەرنى ئۇلۇغلاش قارىشى ئەكسى ئەتكەن بولۇپ، تىلىمىزدىكى تۇراقلىق تەركىبكە ئايلىنىڭ كەتكەن.

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە تۇتېم مەدەنىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ خىلى چوڭقۇرلۇقىنى بىلگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز نەمۇنىلىرىدىكى رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەرنى ئالساق ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بۆرىگە باغلايدىغان ۋەقەلىكلەر خىلى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنى تۇرمۇشىدا بۆرىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن مەدەنىيەت ئامىللىرى بولغان. بۇرۇنلاردا بوۋاق تۇغۇلسا قىز تۇغۇلۇپتىمۇ، ئوغۇلمۇ دېگەننىنىڭ ئورنىغا، بۆرە تۇغۇلۇپتىمۇ تۈلكىمۇ دېيدىغان ئادەتلەر ۋە بوينىغا بۆرە ھوشۇقى ئاسىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى كۈندە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان مېيىت ئۇزىتىش ئادەتلىرىدىكى ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق ۋە يىل نەزىر ئادەتلىرى ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىكى شۇ خىل سانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىسلام ئىدىيىسىدە كىشى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنداق نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈش چەكلەنگەن. ئەمما، ئۇيغۇرلار يەنىلا بۇ خىل نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈشنى بۇرچ دەپ قارايدۇ. نەزىر ئارقىلىق ئۆلگەن كىشىگە خاتىرجەملىك ۋە جەننەت تىلەيدۇ. قەرەللىك ھالدا نەزىر ئۆتكۈزۈپ ياغ پۇرىتىدۇ. راخمان ئابدۇرېھىم بۇ ھەقتە «ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئائىلىسى ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دەپنە قىلغاندىن باشلاپ ئۈچىنچى، يەتتىنچى، يىگىرمىنچى، قىرىقىنچى، يۈزىنچى كۈنلىرى ۋە بىر يىلى توشقان كۈنى كالا ياكى قوي ئۆلتۈرۈپ ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-جامائەتكە ئۆلۈپ كەتكەن ئائىلە ئەجدادىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزىدۇ. كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن مالنىڭ روھى مەرھۇم ئەجداد روھىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ھەر يىللىق ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ۋە ھەر ھەپتە ئىچىدىكى جۈمە كۈنلىرى ئەجدادىنىڭ قەبرە بېشىغا بېرىپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادى چۈشىگە كىرىپ قالغان كۈنى ۋە يامان چۈش كۆرۈپ قالغان كۈنلىرى ئەجداد روھىغا ئاتاپ بوي سالىدۇ. مانا بۇلارنى ئۇيغۇلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدىكى ئەجداد روھىغا چوقۇنۇشىنىڭ قالدۇق تەسىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ»(14) دەپ يازىدۇ. بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئەرەبلەر تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق ئەرەبلەردە بۇ كۈنلەردە(ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مۇقەددەس ھېسابلانغان سانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۈنلەر) نەزىر ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. يۇقىرىدا ساناپ ئۆتۈلگەن ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە، قىرىق سانلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، تارىختا ھەرخىل دىنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۇلۇغلايدىغان سانلىرى بولغان، شۇنداقلا سانلارنىڭ مەدەنىيەت مەنىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس. ئەمما يۇقىرىقى سانلار شامان دىنىدا ئالاھىدە مەنىگە ئىگە. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلادىكى بۇ نەزىر پائالىيەتلىرىنى ئىپتىدائىي ئېتىقادلار بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىشلىقى

بار دىيشكە بولىدۇ. بۇ خىل نەزىر پائالىيەتلىرى كېيىنچە ئۇيغۇلارنىڭ مەدىنىيىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا، ئاساسەن دىگۈدەك ئۇيغۇرلار يۇقىرى نەزىرلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. بارائەتنى مىسالغا ئالساق ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە ئۆتكۈزىلىدىغان مۇراسىمى ئىدى. «بارائەت مۇراسىمى ئىسلام كالىندارى بويىچە ھەرىيلى شەھبان(8-ئاي)ئېيىنىڭ 14-كۈنى ئاخشىمى ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇ كۈن ئەسلى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ-كەبىرلىرىنى يۇيۇش كۈنى.»(15) ئەسلى بۇ كىچىنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن تەۋبە قىلىش، ئاللاغا سېغىنىشتىن ئىبارەت. ئەمما، جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى بۇ پائالىيەتنى ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇيغۇلارنىڭ قارىشىچە بۇ كۈنلەردە ياغ پۇرىتىپ(مايدا قۇيماق ۋە پوشكال سېلىش ۋە باشقا نەزىر تاماقى ئېتىش قاتارلىقلار) ئەجدادلارغا سېغىنىش ۋە ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرىتىنى تىلەش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ياغ پۇراتمىسا ئەجدادلار روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ ئىپتىدائى ئېتقادتىكى ئەجدادلارغا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ ئىسلامى تۈس ئالغان كۆرۈنىشى، شۇنداقلا ئۇيغۇلار مەدەنىيتىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

ئۇيغۇرلاردا ئۆيلەرنىڭ ئالدىنى شەرق تەرەپكە قارىتىپ سېلىش ئادىتىمۇ ئۇزاق مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ئىگە. ئىلمىز تارىخ مەنبەلىرىدىكى ھونلارغا ئالاقدار تەپسىلاتلاردا، ھونلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىنى شەرققە قارىتىپ سالىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئادەتنىڭ شەرقنى ئۇلۇغلاش يەنى قۇياش ئېتقادچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى يېزىلغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇلرى ئارىسىدا بۇ ئادەت خېلى زور دەرىجىدە ساقلانغان.

3.بەزى ئېتقادى ئادەتلەر ئەسلى ھالىتى بويىچە ساقلانغان. ئىپتىدائىي ئېتقادنىڭ تارىخى ئۇزۇن، خەلق تۇرمۇشىدىكى تەسىرى چوڭقۇر بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە كۆپلىگەن ئېتقادى ئادەتلەر يوقىلىپ، ئاز بىرقىسمى ئاساسەن ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. ئىتپدائىي ئېتقادلارنىڭ ئۇنتۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى بىر قەدەر كۆپ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا ئىتپىدائىي ئېتقادلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنى بىلەن بىرىكىپ كەتكەن، بەزىلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەتكەن. يەنە بىرقىسمى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەۋجۇت بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋاتقان ئىتقادى ئادەتلەر يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ بىلىش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. مائارىپ ۋە پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئومۇملىشىشى بىلەن كىشىلەر بەزى ئادەتلەرنىڭ تولىمۇ خۇراپىي ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقىنى بايقىغان ئىدى. ئىسلام دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان كىشىلەرمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونىدى. چۈنكى،

www.kitaphumar.com

شىنجاڭدىكى ئىسلام تارىخىدا سوپى-ئىشانلار ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى بورمىلاپ، ئىسلام دىنىنى ئۆزىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، خەلقنى ئىسلامنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى بىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلغان، بۇنىڭ بىلەن كۆپ سانلىق كىشلەردە سوپىلارغا چوقۇنىدىغان قاراش شەكىللىنىپ قالغان. «جاھالەت پىرلىرى» شىنجاڭنى قاپلىغان ئاشۇ دەۋرلەردە كۆپ سانلىق ئېتىقادچىلار ئاللاھقا ئەمەس، سوپى-ئىشانلارغا قول بىرىپ، سوپى-ئىشانلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ئىدى. دىمەك، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىمۇ بىر ھىساپتا بەكمۇ ساپ ئەمەس ئىدى. گەرچە ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىشتا بىر قەدەر ساپ كىرگەن بولسىمۇ، كيىنچە ئوتتۇرا ئاسىيالىق سوپىلارنىڭ شەخسى نىيتى بىلەن ئىسلامنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى بورمىلىنىپ كەتكەن ئىدى. كىشلەرنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى بىلگەندىن كيىن ئىسلام ئىتقادىغا خىلاپ بولغان ئىپتىدائى ئىتقادى ئادەتلىرىنى تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ئۈسۈشىگە ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ئېتقادتىكى قالاق ئادەتلەرنى تۇرمۇشىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈنكى دۇنيادىكى دەھرىلىشىش دولقۇنىمۇ ئۇيغۇرلادا ئىتىپدائى ئېتقادتىكى قىلچە پايدىسى بولمىغان ئادەتلەرنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ باردى.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، يەنە بىرقىسىم يېزا قىشلاقلاردا بەزى ئېتقادى ئادەتلەر ئەسلى ھالىتى بويىچە مەۋجۇت. مەسلەن، بەزى كىشلەر يىڭى چىققان ئاينىڭ ئېغىزى تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولسا مول ھوسۇل بولىدۇ، ئەگەر ئېغىزى قيىسىق بولسا مول-ھوسۇل ئاز بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى جايلاردا ئادەم بەدىنىگە يارا چىقىپ قالسا ئايغا كۆرسىتىدىغان ئادەتلەر ساقلانغان. ھازىر ئۇيغۇر يېزىلىرىدا ھەر كۈنى تۈنجى سودا قىلغاندا پۇلنى يەرگە تاشلاپ، ئاندىن ئالىدىغان ياكى بېشىدىن بىر ئايلاندۇرۇپ يانچۇقىغا سالىدىغان ئادەتلەر مەۋجۇت. تۇنجى سودا قىلىنغان ۋاقىتتا سودىگەر ياكى سېتىقچى ئالغۇچىغا «سودا ئېقىپ كەتسۇنمۇ؟» دەيدىغان، ئالغۇچىمۇ «ئېقىپ كەتسۇن» دەپ تىلەك تىلەيدىغان ئىش مەۋجۇت. يۇقىرىقى ئادەتمۇ تۇپراققا ئېتقاد قىلىش قارىشىدىن كەلگەن. بەزى جايلاردا تارىخى ئۇزۇن دەرەخلەرنى «مۇقەددەس دەرەخ» دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنت تىلەيدىغان، ئۇنداق دەرەخلەرنى كەسسە قولى تۇتماس ياكى ساراڭ بولۇپ قالىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەت مەۋجۇت. بەزى جايلاردا پال ئېچىش ئادىتى ھىلىمۇ مەۋجۇت. بۈگۈنكى كۈندە خەنزۇ پالچىلار يېزىلاردا بولۇپلا قالماستىن، ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەرنىڭ «مىللەتلەر كوچىسى»، «غەربىي چوڭ كۆرۈك» قاتارلىق ئورۇنلىرىدىمۇ پال ئاچىدۇ. يەنە بەزى جايلاردا كىشلەرگە قورچاق تىكىپ قەست قىلىدىغان،

www.kitaphumar.com

ئەر-خۇتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ھىسياتنى قورچاق ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى سۇۋۇتقىلىۋە يىقىنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەتلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى كىشىلەر تۇمار ئېسىۋالسا بالا-قازادىن ئامان قالغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزى رايونلاردا شامان باخشىلىرىنىڭ قىزىتىلغان كەتمەنگە دەسسىتىش قاتارلىق كىسەل داۋالايدىغان ئىپتىدائىي ۋە قالاق ئۇسۇل ساقلانغان. ھازىرمۇ كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار سۇغا ۋە ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرۈشنى، كۈنگە قاراپ تەرەت قىلىشنى يامان كۆرىدۇ...بۇ خىلدىكى ئادەتلەر كۆپلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

ئىپتىدائىي ئېتقادلار مەيلى قانچىلىك دەرىجىدە خۇراپىي ياكى ئاددىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. «ئەگەر ئىلىم-پەننى بىر يۈرۈش قائىدە ئۇقۇملارغا ئىگە تەجرىبىنى ئاساس قىلغان، لوگىكىلىق خۇلاسە رول ئوينايدىغان، ماددى مۇۋاپىقىيەت ۋە مۇقىم ئەنئەنە ئىچىدە مەلۇم جەمىيەت تەشكىلى تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىنىدىغان نەرسە دىسەك، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مەدەنىيەتسىز جەمئىيەت شۆبىسھىسىزكى ئىلىم-پەننىڭ باشلىنىش نوقتىسى بولغان»(16) چۈنكى مەيلى قايسى خىلدىكى دىن بولمىسۇن ھەممىسى تەبىئەتنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

دىمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتقاد ئادەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى شارائىتىدىكى مەۋجۇت بولۇش مەسىلىسى تارىخى ئۇزۇن ھەم ئۆزگىچە ھادىسە. تارىخى ئۇزۇن دىيىشىمىدىكى سەۋەپ ئىپتىدائىي ئېتقاد ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن بۇيانقى ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. گەرچە ئۇيغۇرلار تارىختا خىلمۇ-خىل دىنلارنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئىپتىدائىي ئېتقاد ئامىللىرى تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بىرىپ داۋاملاشقان. ئۆزگىچىلىك دىيىشىمىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئىسلام دىنى ئىدىيە مۇھىتىدا ئىسلام دىنىنىڭ پائالىيەت شەكلى بىلەن بىرىكىپ كەتكەنلىكىدە. ھەممىگە مەلۇم، ئىسلام دىنى ئاللادىن باشقا ھەرقانداق بىر شەيئىگە ئېتقاد قىلىشقا يول قويمايدۇ. ئەگەر ئېتقاد قىلسا دىنىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىك بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ يەردە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆزگىچە شەكلىنى تەتقىق قىلىپ بېقىشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ.

## ئىزاھاتلار:

www.kitaphumar.com

(1) راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 4-بەت
(2) دىلمۇرات ئۆمەر، «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ شامان دىنى تەتقىقاتى»(خەنزۇچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى، 9-بەت
(3) ئەنۋەر سەمەت قورغان، «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى، 20-بەت.
(4) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 35-بەت.
(5) گوڭ جىيا جۈن، «ياپونىيەنىڭ فولكلور دىنى»(خەنزۇچە)، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى، 1-بەت.
(6) موللا مۇسا سايرامى، «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل12-ئاي نەشرى، 45-، 46-بەتلەر.
(7) خاندا ئاكىرا(ياپونىيە)، «يادا ئەپسۇنى ھەققىدە»، «مىراس» ژورنىلى، 2004-يىللىق 4-سان، بۇ بايانىي خاندا ئەپەندى پاللاس ئەپەندىنىڭ «شەرقتىكى مۇڭغۇللار تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 348-، 350-بەتلىرىدىن ئالغانلىقىنى نەقىل قىلىدۇ، بۇ كىتاب پېتربورگتا 1801-يىلى روسچە نەشر قىلىنغان.
(8) ئەسەت سۇلايمان، «ئۇيغۇر تۇتىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى 2-ئاي 1-نەشرى، 76-بەتتە نەقىل كەلتۈرگەن ۋاڭ شىياۋخۇا ئەپەندىنىڭ سۆزى
(9) مەھمۇد قەشقەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۈچىنچى توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى 1-نەشرى 1-بەت.
(10) خۇ شىېڭ، «دىنىي پەرھىز»(خەنزۇچە)، ئىجتىمائىي پەنلەر ھۆججەتلىرى نەشرىياتى، 1998-يىلى 4-ئاي 1-نەشرى، 7-بەت.
(11) مىكائىل ئارگىيول، «دىن پىسخىكاشۇناسلىقىغا مۇقەددىمە»(خەنزۇچە)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2005-يىل 10-ئاي 1-نەشرى، 149-بەت.
(12) راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 192-بەت.
(13) راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 55-بەت.

(14) راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 190-بەت.

(15) ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا، «ئۇيغۇر ئېتنوگراپىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى 4-ئاي 1-نەشرى، 343-بەت.

(16) مالىنوۋىسكى، «سېھرىگەرلىك، ئىلىم-پەن، دىن ۋە ئەپسانە»(خەنزۇچە) ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى 5-ئاي نەشرى، 81-بەت.

www.kitaphumar.com

# ئاقسۇدا مائارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان يۇرت ــ ئايكۆل

ئابدۇرەھمجان يۇسۇپ ئۇمىد

مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى ئادەمنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىشتۇر. ــ ت. ئېدىسون
ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەتنى خەلق ئۆزى يارىتىدۇ . ــ ئا.مۇھەممەتئىمىن

ئاقسۇ تارىخى ناھايىتى ئۇزاق قەدىمىي يۇرت . ئارخىئولوگىيىلىك دەلىللەرگە ئاساسلانغاندا ، بۇنىڭدىن 6 ــ 7 مىڭ يىللار ئىلگىرى يېڭى تاش قۇراللار دەۋرىگە كىرگەن . بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز ئاقسۇ بوستانلىقىدا چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقان ۋە شەھەر ــ قەلئەلەرنى بىنا قىلىپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان . ئۇ يىپەك يولىدىكى مۇھىم سودا ۋە قاتناش تۈگۈنى بولۇپ ، ئۇنىڭ مەنىلەرگە باي سىرلىق تارىخىدا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ پەخىر ۋە ئىلھام بېغىشلايدىغان ئاجايىپ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن . ئەمگەكچان ، ئىجاتچان ئاقسۇ خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئالتۇن بۆشۈكىدە تىنىمسىز ھالدا قان ــ تەر ئاققۇزۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان . دەۋردىن ــ دەۋرگە ياشاپ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە دىگۈدەك پارلاق ئىزلارنى قالدۇرغان.

بۈگۈنكى ئاقسۇ شەھىرىدىن ئاقسۇ ــ قەشقەر تاشيولى (تۆمۈريول )نى بويلاپ كۈن پېتىشقا قاراپ 60 چاقرىم يول يۈرسەك « ئايكۆل بازىرى » دىگەن يۇرتقا كېلىمىز. ئايكۆل بازىرى ئاقسۇ شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ خەرىتىدىكى ئورنى شەرقى مېرىدئان 80 10 ـ39 79 بىلەن شىمالى پارالىل 11 41 ئارلىقىدا . ئايكۆل بازىرى شەرقتە ئاقسۇ كونا دەرياسى ، غەرپتە كەلپىن ناھىيىسى ، جەنۇپتا ئاۋات ناھىيىسىنىڭ يېڭىئېرىق يېزىسى ، شىمالدا ھېنگان تاغ تىزمىلىرى ئارقىلىق ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقيار يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ . شەرقتىن غەرپكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 94 كىلومىتىر، جەنۇپتىن شىمالغابولغان ئەڭ كەڭ يېرى 32 كىلومىتىر كېلىدۇ ، ئەڭ تار يېرى 18 كىلومىتىر كېلىدۇ .

تارىخى ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئايكۆل تارىخى ئۇزۇن قەدىمىي بازار بولۇپ، مىلادى 1347 ـ يىلى(ھىجرىيە 747 ـيىلى) بۇ يەردە شەرقى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ھەزرىتى مەۋلانە جالالىدىن كىتىكىنىڭ دالالىتىدە مۇسۇلمان بولغان . ئايكۆل (ئاقسۇ)خەلقلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئىسلام دىنىغا كىرگەن بولۇپ، ئايكۆل مۇئمىنۇللار ئىستىلاسى مەزگىلىدە ۋە سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا مۇھىم ئىستىراتېگىيلىك ئورۇن بولۇپ قالغان ۋە نۇرغۇن ھەربىي، سىياسىي ، دىنى ۋەقەلەرنىڭ سەھنىسىگە ئايلانغان .1402 ـ يىلى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېكىسپىلاتاتسىيسى ، تەبىئىي ئاپەت ۋە يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ « ئەردەۋىل »( دېۋىلەر شەھىرى ) دەپ ئاتالغان ئاقسۇ شەھىرى ئايكۆلدىكى مەشھۇر ئۆلىما مەۋلانا جالالىدىننىڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھ غوجا باشچىلىقىدا سەرسان خەلقنى توپلاش ۋە ئايكۆل ۋە باشقا جايلاردىن ئاھالە كۆچۈرۈش ئارقىلىق قايتىدىن بىنا قىلىنغان . 17 ـ ئەسىردە ھىندىستاندىكى سوپىزىم ئىلاھىيەتشۇناسى، دىنى داھىي ھەزرىتى مۇجەددىد ئالىف سانى رەببانى شەيخ ئەخمەت فەرۇخىي سىر ھىندى (1564 ـ 1624) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپى 18 ـئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئايكۆلدە تارقىلىپ ، ھىندىستاندىن كىلىپ ئايكۆلدە ئولتۇراقلاشقان ئەلى ئاخۇن (تۇلۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇپ ئەلفىل ئۇسۇرى ۋەلىيول ئىشان مۇھەممەت ئەلى ئاخۇن شەيخ رەھمىتۇللا ئەلەيھى ) ئىسمىلىك دىن تارقاتقۇچىنىڭ مەدرىس سالدۇرۇپ دىن تارقىتىشى بىلەن بۇ مەزھەپنىڭ ئايكۆل سېستىمىسى شەكىللەنگەن.

ئايكۆل بازىرى چىڭ سۇلالىسى زامانىدا ئۈنسۇغا تەۋە بولغان .1902 ـ يىلى بۇ يەردە ئۈنسۇغا قاراشلىق 19 كەنت تەسىس قىلىنغان . 1913 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىسىگە قارام بۇلۇپ بۇ يەردە ئايكۆل ، ياڭئېرىق ،(ئاۋات تەۋەسىدە ) قۇمقۇدۇق قاتارلىق 5 يېزا قۇرۇلغان . 1941 ـ يىلى بىر بازار ، ئۈچ يېزا ،13 باۋ ، 120 جىيا قۇرۇلغان . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كىيىن باۋ ، جىيا تۈزمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ئۈنىڭغا 5 يېزا ، 20 مەمۇرىي كەنت قارام بولغان .1953 ـ يىلى ئاقسۇ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي رايۇنلارنى تەڭشىگەندە ئۈنى ناھىيىگە قاراشلىق 7 ـرايۇن قىلىپ ئۆزگەرتكەن ھەم غالىبىيەت ، پايناپ ، سايئېرىق ، خاڭگۇڭ ۋە قۇمقۇدۇق (ساچىگزا) قاتارلىق 5 يېزائۈنىڭغا تەۋە بۇلۇپ ، ھەرقايسى يېزا كەنتلەردە ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلغان .1958 ـيىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش يولغا قويۇلغاندا 6 ـرايۇن قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ۋە ھۆكۈمەت كوپېراتىپ بىرلەشكەن ئايكۆل غالىبىيەت خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلۇپ ، ئۈنىڭغا 5 باشقۇرۇش رايۇنى، 20 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارام بولغان. 1966 ـيىلى «مەدەنىيەت زورئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئايكۆل خەلق كوممۇنىسىنىڭ چاچى چوڭ ئەترىتى (دادۋي)ى

www.kitaphumar.com

ئايكۆلدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ئاقسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق «شەرق قىزاردى »ناملىق چىگىرا رايۇنغا ياردەمگە كەلگەن ياشلار مەيدانى بولۇپ قۇرۇلغان . 1969 ـيىلى كوممۇنا باشقۇرۇش كومىتىتى «ئىنقىلابى كومىتىت »قا ئۆزگەرتىلگەن .1971 ـ يىلى «كوممۇنا »دىگەن نام «جىنچاۋ » (ئالتۇن كۆۋرۈك) خەلق كوممۇنىسىغا ئۆزگەرتىلگەن . 1984 ـ يىلى ئايكۆل يېزىسى ئايكۆل يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى بولۇپ قۇرۇلغان .1989 ـيىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرى مەھكىمىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن خەنزۇچە يېزىلىشى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزىنى ساقلىغان ھالدا « 阿依库勒 »غا ئۆزگەرتىلىپ ، مەنىسى « 月亮湖» دەپ بېكىتىلدى . بۇ يېزا 1998 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بازار قىلىپ ئۆزگەرتىلدى . ئايكۆل بازىرىدا بەش باشقۇرۇش رايونى تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، ئۇلار ؛ ساقساق باشقۇرۇش رايونى (1ـ، 2ـ،3 ـ، 4ـ كەنتلەر ) ، شېخىل باشقۇرۇش رايونى (5ـ، 6ـ،7 ـ،8 ـ،21 ـ كەنتلەر ) ، ئايكۆل باشقۇرۇش رايونى (9ـ 10 ـ11 ـ12 ـ كەنتلەر ) ، سايئېرىق باشقۇرۇش رايونى ( 13ـ ،14ـ15ـ، 16ـ، 17 ـكەنتلەر ) ،خاڭگۈك باشقۇرۇش رايونى ( 18 ـ،19ـ،20ـ كەنتلەر ) قاتارلىقلاردۇر . ئاھالىسى ئۇيغۇر ، قازاق ، خەنزۇ ، خۇيزۇ ، جۇاڭزۇ قاتارلىق 5 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ ، 40 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسقا ئىگە . ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى %99.8 نى تەشكىل قىلىدۇ.

11 ـئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»ناملىق كىتابىدا« ئايكۆل ئۇچقا يېقىن بىر يەرنىڭ ئېتى » دەپ قەيت قىلىنغان . ئۇچ ـ ھازىرقى ئۇچتۇرپان ، ئايكۆل ـ ھازىرقى ئايكۆلدۇر . دىۋاندا بۇ نام « ايكول » شەكلىدە يېزىلىپ بارىسغاندىكى ئىسسىقكۆل ، قەشقەردىكى كورۇك كۆل ... قاتارلىقلاربىلەن بىرقاتاردا تىلغا ئېلىنغان . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىلگىرى ئايكۆلدىكى داڭلىق دىنىي مۇئەسسەسە مەۋلانەم خانىقاسىنىڭ يېنىدا كۆلمى 2000 كۇۋادىرات مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ كۆل بولغان بولۇپ ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۇرلۇك سەۋەپلەر بىلەن قۇرۇش نەتىجىسىدە ھازىرقى مازار شەكىللەنگەن . ئايكۆل نامىنىڭ ئاتىلىشىدا مۇنداق ئىككى رىۋايەت بار :

1 ـرىۋايەت: بىر زامانلاردا بۇ يۇرتتىكى مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇپ رامزان ئاخىرلاشقاندا ئاي كۆرۈنمەپتۇ . قائىدە بويىچە ئاسماندا كۆرۈنگەن ئايغا قاراپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدىغان ۋاقتنى ھۆكۈم قىلىدىكەن .بىر ھۆكۈما : « ئاي كۆرۈنمىدى، قانداق قىلىمىز ؟ » دەپ ئۆزىدىن سورالغان بىر سۇئالغا : كۆلگە بېقىڭلار ،كۆلدە كۆرۈنگەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ جاۋاپ بەرگەن. دېگەندەك كۆلگە قارىسا ئاي كۆلدە كۆرۈنگەن .شۇنىڭ بىلەن ھېيت نامىزى

www.kitaphumar.com

ئۆتۈلگەن .شۇندىن ئېتىبارەن بۇيەرنىڭ نامى « ئايكۆر » دېيىلىدىغان بولغان ،كېيىنچە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ئايكۆر »سۆزى «ئايكۆل»گە ئۆزگەرگەن.

2-رىۋايەت : بۇرۇنقى زاماندا تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا بىر بوستانلىق يۇرت بولۇپ ، يۇرتتىكى بىر ئۆلىما كىشىنىڭ گۆزەللىكتە تەڭدىشى يوق بىر قىزى بار بولۇپ ، يۇرتتىكى ئەقىل- پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن باتۇر ، مەرد بىر يىگىت بىلەن ھېيت كۈنى توي قىلىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ . توي تەييارلىقى پۈتكەندە بىردىنلا ئاسماندا ئاي كۆرۈنمەپتۇ . مۇسۇلمانلار ئادەت بويىچە ھېيت نامىزى ئۆتىيەلمەپتۇ . ھېيت بولمىغاندىن كېيىن ئۇلار توي قىلالماپتۇ . بۇ يۇرتتا ئەتراپى قويۇق دەل ـدەرەخ ،گۈل ـگىياھلارغا پۈركەنگەن بىر كۆل بولۇپ ، بۇ كۆلنىڭ سۈپسۈزۈك سۈيى ھەرقانداق كىيسەلگە شىپا ئىكەن .ھېلىقى ئىككىيلەن ھەركۈنى ئاخشىمى ئاشۇ كۆل بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشقاچ ئۆزلىرىنىڭ ۋىسال كۈنلىرىنى كۈتۈپ ئاينىڭ چىقىشىنى ساقلايدىكەن .شۇ تەرىقىدە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ . بىر كۈنى ئۇلار ئادىتى بويىچە كۆل بويىدا ئولتۇرسا بىردىنلا كۆلنىڭ ئىچى ، ئاندىن پۈتۈن ئەتراپ يورۇپ كېتىپتۇ .ئۇلار قارىغۇدەك بولسا كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تولۇنئاي نۇرچېچىپ تۇرغۇدەك ، ئاينىڭ نۇرى بارغانسىرى پۈتۈن جاھاننى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتىۋاتقۇدەك . كىشىلەر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇ . يۇرت ئەھلى خوشاللىقتا چۆمۈپتۇ . تاڭ يورۇشى بىلەنلا ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپتۇ . ناغرا- سۇناي چېلىنىپ ، مەشرەپ- ساماللار قىزىپتۇ ، يىگىت بىلەن قىزنىڭمۇ تويى باشلىنىپ كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ .بۇ كۆلنىڭ نامى يىراق ـ يېقىنغا تارقىلىپ يۇرت ـ يۇرتتىن كىشلەر كېلىپ ، كۆلدىكى خاسىيەتلىك سۇنى قاپاقلىرىغا ئېلىپ ئۆز يۇرتلىرىدىكى كۆلگە قۇيغانىكەن ، ئۇ كۆللەرنىڭ سۈيىمۇ شىپالىق بوپتۇ ، نەچچە يۈز يىلغىچە قۇرۇپ كەتمەي سىپسىپ قالماي سۈپسۈزۈك تۇرۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن كىشلەر بۇ خاسىيەتلىك كۆلنى «ئايدىڭكۆل »دەپ ئاتاپتۇ . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېغىزدىن ـئېغىزغا كۆچۈش جەريانىدا بۇنام «ئايكۆل»گە ئۆزگىرىپتۇ ۋە بۇيۇرتنىڭ نامى سۈپىتىدە ئومۇملىشىپ قاپتۇ .

ئايكۆل ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەر ۋە ھېكايە- قىسسىلەر بولۇشى مۇمكىن. مەيلى بۇ رىۋايەتلەر مەيلى ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بولسۇن ، مەيلى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى پەيدا بولۇپ ئىسلاملاشقان بولسۇن ، ئوخشاشلا « ئايكۆل » دىگەن بۇ نامنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى ۋە ئايكۆللۈكلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ يۈكسەك مەدەنىيەت ئەنئەنىسگە ۋە ئاساسىغا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ نوقتىدىن تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھىدە ئىش بار ، ئۇ بولسىمۇ ئايكۆلدىكى قەدىمقى مەدەنىيەت ئىزلىرىدۇر . بۇلاردىن تىپىكلىرى تۆۋەندىكىچە :

www.kitaphumar.com

1) ئايكۆل قەدىمقى شەھەر خارابىسى : ئايكۆل بازىرىنىڭ جەنۇبىدىن شەرقىگە تەخمىنەن 4Km كىلىدىغان لەنگەر كەنتىدىكى ئىگىزلىككە جايلاشقان . شۇ جايدىكى كىشىلەر « قالماق شەھىرى » دەپ ئاتايدۇ . خارابە كۇۋادىرات شەكلىدە بولۇپ ، شەرقى قەلئە تېمىنىڭ جەنۇپتىن شىمالىغىچە ئۇزۇنلۇقى 132m ، غەربىي قەلئە تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110m كېلىدۇ . كۆپ قىسىم جايلىرىنى تۇپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بۇزۇۋەتكەن بولۇپ ، جەنۇبى ۋە شىمالى تەرىپىدە شۇ خارابىلىقتىن ساقلىنىپ قالغان ئات يۈزى شەكىللىك قالدۇقى بار . سېپىل قەلئەنى شەرقتىن قوغداش ئۈچۈن ياسالغان . قەلئەنىڭ شەرقى تېمىنىڭ شەرقتىن غەرپكىچە ئۇزۇنلۇقى 131m كېلىدۇ . ھازىر قەلئەنىڭ تەخمىنەن 12m ئۇزۇنلۇقتىكى خارابە تېمىنىڭ ئورنىلا ساقلىنىپ قالغان . مىنگۇنىڭ 18 ـ يىلى ( 1929 ـ يىلى) پروفېسسور خۇاڭ ۋىنبى بايقىغان چاغدا خارابىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 720m چىققان . بۇ جاي يوەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەرقى چاغاتاي خانلىقى بارلىققا كەلگەن جاي ۋە دەسلەپكى سىياسى مەركەز بولغان .

2) خاڭگۇك تۆگە دەن قەدىمقى قەلئە خارابىسى : ئايكۆلنىڭ خاڭگۇك كەنتىدە بولۇپ ، سىرىق توپىدىن ياسالغان . ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 162m ، ئىگىزلىكى 3m ، كەڭلىكى 2m كېلىدۇ . شەرقى تامنىڭ ئۇدۇلىدا ئۈچ كامار بولۇپ ، ئىچىدە ئادەم ئولتۇرغانلىق ئالامىتى بار . شىمالىدىكى 2Km جايدا بىر نەچچە تۇپا دۆڭلۈك بولۇپ ، ئىگىزلىكى 30m ، ئايلانما ئۇزۇنلۇقى 84m كېلىدۇ . خۇاڭ ۋىنبى بۇ يەردىن بىر پارچە يىپەك بويۇم تاپقان . مەدەنىيەت قاتلىمى ئېنىقلانمىغان .

3) قالماق شەھىرى قەدىمقى قەلئە خارابىسى : ئايكۆل بازىرىنىڭ شەرقى جەنۇبىغا 7Km ـ 8 كىلىدىغان جايدا بولۇپ خىشتىن ياسالغان . خۇاڭ ۋىنبى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇنى يوەن سۇلالىسى تارىخىغا پۇتۈلگەن « قۇمباش شەھىرى » دەپ قارىغان.

بۇلاردىن باشقا بۇ زېمىندا يەنە تۆۋەندىكىدەك داڭلىق مەسچىت ، بۇزۇرگاھ ۋە قەدىمقى قەبرىستانلىقلار بار :

1) مەۋلانەم بۇزۇرگاسى : ئايكۆل بازىرىنىڭ كونا بازىرىدا . ئورنى تەخمىنەن 30 مو كېلىدۇ . 1352 ـ يىلى ۋاپات بولغان مەشھۇر دىن تارقاتقۇچى مەۋلانە جالالدىن كونا بازارغا دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن.

2) قارا داقى مازىرى : سايرىق كەنتىدىكى جىلغىنىڭ شىمالى ، قارا داقنىڭ جەنۇبىدىكى جاڭگالدا . كۆلىمى 500 كۇۋادىرات مېتىر.

3) شەيخ ئىمىن جامالدىن مازىرى : بازارلىق ھۆكۈمەتكە 500m كىلىدىغان جايدا بولۇپ ، كۆلىمى 200 كۇۋادىرات مېتىر كېلىدۇ . ئۇ ئەسلىدە دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى

www.kitaphumar.com

بولۇپ ، ئەينى چاغدا تۇغلۇق تۆمۈرنى يۆلەپ تەختكە چىقارغان بولاجىنىڭ ئىنىسى ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇ تۇپىلاڭ كۆتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ۋە تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ بالا ـ چاقىسى ، ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىدىن بولۇپ 18 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن . كېيىن شەرقى چاغاتاي خانلىقى بىلەن غەربىي چاغاتاي خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۆرىشىدە ئەمىر تۆمۈر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان.

4) مەۋلانەم مەسجىدى : ئايكۆل كونا بازارغا جايلاشقان. داڭلىق دىنىي تەرغىباتچى مەۋلانا جامالىدىن تەرىپىدىن 1343 ـ يىلى (بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ۋاپات بولغان 1353 ـ يىلى تىلغا ئېلىنىدۇ ، بىراق بۇ توغرا ئەمەس) بىنا قىلىنغان . ئەينى چاغلاردا ئۇ شەرقى چاغاتاي خانلىقىدىكى ئىككى دىنىي مەركەز ( يەنە بىرى كۇچا )نىڭ بىرى بولۇپ ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر شەھەر ( ئاقسۇ ) ، تۆت ناھىيە ( كەلپىن ، ئۇچتۇرپان ، ئاۋات ، ئونسۇ ) نىڭ دىنى پائالىيەت مەركىزى بولغان . مانا بۇلار ئايكۆلدىكى مۇھىم مەدەنىيەت بايلىقى ، ساياھەت بايلىقى ۋە مائارىپ بايلىقلىرى بولۇپ ئالاقىدار تەرەپلەر بۇ نوقتىدىن يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ، ئەلۋەتتە.

تارىختا ئاجايىپ ئادەملەر ، ئاجايىپ ۋەقەلەر ئۆتكەن بۇ زېمىن ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە بولۇپ ، ئايكۆل خەلقىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئايكۆللۈكلەر ئادەتتە قىزىققان، ئىلمسۆيەر، تەقۋادار، يېڭىلىققا ئىنتىلىشچان، ئويۇشقاق، سودا ـ تىجارەتكە مايىل خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، باشقا يەرلىكلەرنىڭ نەزەرىدە دىنىي ئېتىقادى چىڭ دەپ قارىلىدۇ . مانا بۇ خاراكتېرلار ۋە تەرەپلەر ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يىراق قەدىمقى دەۋردىن باشلاپلا يېڭىچە مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئامىللىرى بىلەن نىسبەتەن بالدۇرراق ئۇچرىشىپ كېلىشىدىن شەكىللەنگەن.

ئايكۆل ـ ئاقسۇ دىيارىدا مەدرىس مائارىپى ئەڭ بالدۇر باشلانغان جاي دىنىنىڭ مەزمۇنى رىئال دۇنيادىن ئىبارەت . ـ كارل ماركس

مائارىپ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە سىلىۋىزاتسىيىلىك جەريان بولۇپ ، ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان . ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىش نەتىجىسىدە مائارىپ ئىنسانلار جەمئىيىتى بىلەن تەڭ تەرەققى قىلىدۇ . شۇنداقلا سىنىپ ۋە ماكان جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلەر تۈپەيلى ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەل ـ دۆلەت ۋە رايوندىكى تەرەققىيات ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشاش بولمايدۇ . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ، ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، سىياسىي كۈچلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ، جۇغراپىيەلىك مۇھىت ۋە مىللىي روھ ھەممىسى مائارىپنىڭ مەزمۇنى ، شەكلى ، رولى ، سۈپىتى ، ئىقتىدارى ۋە

www.kitaphumar.com

كۆلىمگە قارىتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ . شۇڭا يىراق قەدىمقى دەۋرلەردىن تارتىپلا تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئۇ ئىزچىل تۈردە دىنغا ئوخشاشلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تىزگىنلىشىدە بولۇپ كەلگەن . يەنە شۇنىڭغا كۆرە ، ئاۋام خەلقمۇ ئالاھىدە تارىخى شارائىتتا ئىجتىمائىي مۇقەررەرلىكتىكى رىئال ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ تەربىيەلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن . چۈنكى « تەلىمگە بولغان ئېھتىياج ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئومۇمىدۇر . خەلق نەپەس ئېلىش ئۈچۈن ھاۋانى قانچىلىك ئەتىۋار بىلسە ۋە ئىزلىسە ، تەلىمنىمۇ شۇ قەدەر ئەتىۋارلايدۇ ۋە ئىزلەيدۇ .»(ل.تولستوي) . ئىنسان ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋال پىكىر قىلىشقا ، تەسەۋۋۇرلىرىنى رىئاللىققا نىسبەتەن ئىدىئال يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىشقا مۇھتاج . ئادەتتە « جەمئىيەت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا قارار تاپقان مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر بولغان بىلىملەرنى ئۆزلۈكسىز ئىگىلەشنى تەربىيە دەپ قاراش مۇمكىن »(ئا، سىنسىمۇن) . بۇ بىلىملەرنىڭ مەزمۇنى ئوبيېكتىپ رىئاللىققا يارىشا ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان تەربىيە ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ فونكسىيەلىك سىستېمىسىنى بەلگىلىگەن . خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ــ ئادەتلىرى ، ئېتىقاد ــ مەسلەكلىرى ، مىللىي روھ ۋە غايىلىرى ، رىئال مەسىلىلىرى ۋە خاھىش ــ ئىنتىلىشلىرى ، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي ، ئىقتىسادىي ، سىياسىي تۈزۈم ھامان بىر خىل ئۆزگىچە مائارىپ مۇقەررەرلىكىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان . ھەتتا بەزىلىرى شۇنىڭغا يارىشا ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان . ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا ، مائارىپنى تارىخى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن چوڭ جەھەتتىن مەدرىس مائارىپى ۋە پەننىي مائارىپتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈشكە بولىدۇ . ئۇزاق تارىخى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ ئىنسانلارنىڭ مائارىپ تارىخىدا مەدرىس مائارىپى 2500 يىلدىن ئارتۇق دەۋر سۈرگەن بولۇپ ، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ، روھىيەت ئېكولوگىيەسى ۋە تىندۇرمىسى شەكىللەندۈرگەن . بەزىلەر يېقىنقى زاماندىكى يېڭىچە مائارىپنىڭ رىئاللىشىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە قاراپ ئاشۇ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان مەدرىس مائارىپىنىڭ ئىجتىمائىي ، تارىخى رولىنى ۋە ئوبيېكتىپلىقىنى قارىسىغىلا ئىنكار قىلىدۇ . بۇنداق ئىنكارچىلىق تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم روھىغىمۇ ، ئەقلىي چىنلىق مەنتىقىسىغىمۇ خىلاپ . چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق ئۇزۇن مۇددەت ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ تەلىم ــ تەربىيە ئېھتىياجىنى قانائەتلەندۈرۈپ كەلگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە « ھەممە تەلىملەرنىڭ باش ۋەزىپىلىرىدىن بىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى ، ئۇلار مۇتلەق پاراغەتنى كۆزلەپ چەكسىز ئىنتىلىپ بېرىشتەك ئومۇمى ئىشتا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ » (ك . د. ئوشىنسكى ) . مەيلى ئۇ دىنىي

تەلىم ــ تەربىيە بولسىمۇ . شۇڭا تارىخقا بۇگۈننىڭ قارىشى بويىچە نەزەر سېلىش باشقىچە بىر خىل نادانلىق ۋە پىكىرنى چولتىلىقتىن دېرەك بېرىدۇ ، خالاس.

ئادەتتە بىز مەدرىس مائارىپى دېگەندە بۇددا دىنى مائارىپى بىلەن ئىسلام دىنى مائارىپىنى كۆزدە تۇتىمىز . شىنجاڭ يېپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقى ۋە جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىك جەھەتتىن بۇددا دىنى بارلىققا كەلگەن جاي ھىندىستانغا قوشنا بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇددا دىنىي بۇ جايدا نىسبەتەن بالدۇر ۋە ئۇزۇن داۋام قىلغان . شۇنىڭغا يارىشا بۇددا دىنى مائارىپىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان . تارىخى مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىللاردىن تارتىپلا شىنجاڭدا، جۇملىدىن چېدىر ، كىنگىت ، كۇسەن، ئورىنسۇ ... لاردا ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا قوش تىل مائارىپى شەكىللەنگەن . مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمانى ، دىنشۇناس ۋە پىداگوگ كومراجىۋادەك ئۇستازلار بارلىققا كەلگەن ، شەرقى خەن دەۋرىدىن باشلانغان بۇددا ۋە كۇڭزى ئەقىدىسىنى مەزمۇن قىلغان مەدرىس مائارىپى ھەتتا مىنگۇ دەۋرىگىچە داۋام قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىيۋى تەسىر نوقتىسىدىن ئېيتقاندا ، بۇددا دىنىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئېتىقاد قىلىنغان زەردۇشت ، مانى ، تويىن ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنىڭ مائارىپتىكى مەۋجۇتلۇقىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ئەمەلىيەتتۇر .
ئەمما X-XI ئەسىرلەردىن كېيىن ، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردىن كېيىن ئىسلام دىنى مائارىپىنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە ئايكۆلدىكى بۇددا دىنىغا ۋە بۇددا مائارىپىغا ئائىت ئىزنالار ، ھەتتا ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قالدۇق تەسىرىمۇ قالمىغانلىقتىن ئايكۆلدىكى بۇددا دىنىنىڭ مەدرىس مائارىپى ھەققىدە تەپسىلى توختىلىشقا ئامالسىزمىز . ئەمما تاكى XIV ئەسىرگە قەدەر بۇددا دىنىي شارائىتىدا تۇرغان ئاقسۇ دىيارىغا ئوخشاشلا ئايكۆلنىڭمۇ ئوخشاشلا بۇددا دىنى مائارىپىدىن بەھرىلەنگەنلىكى شۈبھىسىزدۇر . شۇنىڭغا كۆرە بىزنىڭ ئايكۆلدىكى مەدرىس مائارىپى ھەققىدە توختىلىشىمىز تارىخى مەلۇماتلىرى ۋە ئىزنا تەۋسىپلىرى نىسبەتەن تولۇق بولغان ئىسلام دىنى مائارىپى ھەققىدە ئىبغىز ئېچىشتۇر.

ئايكۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاقسۇ شەھىرى قارا يۇلغۇنغا قەدەر قارا خانىيلارنىڭ شەرقى چېگراسى بولۇپ ، گەرچە سوتۇق بۇغراخاندىن كېيىن ئىسلام دىنى بۇ يەرگە تارقالغان بولسىمۇ ، ئېتىقادنىڭ ئومۇملىشىش ۋە ئۆزلىشىش سالمىقىنى ھەرگىزمۇ خاندانلىقنىڭ غەربىدىكى جايلار بىلەن سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . يوەن سۇلالىسى زىجىگىنىڭ 3 ـ يىلى ( 1343 ـ يىلى ) 17 نەپەر مۇرىدى بىلەن شەھرى كىتىك (ھازىرقى لوپ ۋە چېدىر ئەتراپى) تىن ئايكۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان مەۋلانا جامالىددىننىڭ ئايكۆلدە مەسجىد ـ خانىقا سېلىپ كەڭ ـ كۆلەمدە دىن تارقىتىشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنى شەرقى شىنجاڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە

www.kitaphumar.com

باشلىغان . بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ 1348 ــ يىلى شەرقى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭدىن دىنغا كىرىشكە ۋەدە ئېلىشى ۋە 1353 ــ يىلى ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى ئەرشىدىنىڭ ئالملىققا بېرىپ بۇ ۋەدىنى رىئاللاشتۇرغانلىقى ، ھەم شۇنىڭدىن كېيىنكى 200 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا مەۋلانا جامالىدىن ئەۋلاتلىرى شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ سىياسى كۈچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەۋرەنمەس دىنى ئېتىقادىغا تايىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ شەرقى شىنجاڭدا ، جۈملىدىن پۈتكۈل شىنجاڭدا ئومۇملىششا زور ھەسسە قوشقانلىقى ھەممىگە ئايان تارىخى ئەمەلىيەتتۇر.

قارا خانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىسلام دىنى سوتۇق بۇغراخان باشچىلىقىدا قەشقەرنى مەركەز قىلىپ غەرپكە تارقالغان بولسا ، شەرقى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە ، مەۋلان جامالىدىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەرشىدىن باشچىلىقىدا كۇچار ۋە ئايكۆلنى مەركەز قىلىپ شەرققە تارقالغان . ھەتتا مەۋلانا جامالىدىنىنىڭ ئەۋلاتلىرى شەرقى چاغاتاي قوشۇنى بىلەن بىللە تورپان ، قۇمۇل ، قارا شەھەر ... قاتارلىق جايلارنى ئىسلاملاشتۇرۇش ئۇرۇشلىرىغا بىۋاستە قاتناشقان . مەۋلانا جامالىدىنىنىڭ ئايكۆلگە كەلگەن ۋاقتى 1343 ــ يىلنى باشلىنىش نوقتىسى قىلغاندا ، ئاقسۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرقى شىنجاڭغا نىسبەتەن ئايكۆل ئىسلام دىنى (مەدرىس) مائارىپى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي ھىساپلىنىدۇ . ئۇ ئايكۆلگە كەلگەندىن كېيىن مەسجىد ، مەدرىس ۋە خانىقادىن ئىبارەت دىنىي مائارىپ مۇئەسسەسىدىن پايدىلىنىپ دىن تارقاتقان بولسا ، ھەتتا بۈنى ئايكۆلنى مەركەز قىلىپ ئاقسۇ تەۋەسىدە ئېلىپ بارغان بولسا، تۇغلۇق تۆمۈر باشچىلىقىدىكى 160 مىڭ ( بەزى مەنبەلەردە 300 مىڭ ياكى 70 مىڭ دېيىلىدۇ ) دىن ئارتۇق مۇغۇللىنىڭ ئىلگىرى ــ كېيىن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشى ۋە ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىنىڭ كۇچارنى مەركەز قىلىپ دىن تارقىتىشى بىلەن ئىسلام دىنى مۇقىم ۋە ئۈستۈنلۈك ھالدا تارقىلىش ئاساسىغا ئىگە بولغان . ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇ چاغلاردا خانلىق تەرىپىدىن كېپىللىك قىلىنىدىغان ھوقۇقلۇق دىنىي ئورگانلار تەسىس قىلىنغان بولۇپ ، مەۋلانە جامالىدىنىنىڭ ئەۋلادلىرى بۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماستىن دۆلەتنىڭ شەيخۇلئىسلاملىرىغا ئايلانغان ئىدى . بۇ ئەھۋال تاكى 1600 ــ يىلى ئەتراپىدا تەرىقچى غوجىلاردىن ئىسھاق ۋەلى ئايكۆل مەۋلانەمدە ئۈچ كۈن تاۋاپ قىلىپ « مەۋلانا جامالىدىنىدىن بىشارەت بولۇپ سەججاد بىھىشلىق ماڭا مۇشەررەپ بولدى » دەپ مەۋلانەمنىڭ ئەۋلاتلىرى ( غوجا ئابدۇرېھىم بەگ )دىن پىر ــ ئۇستازلىق مەرتىۋىسىنى تارتىۋالغانغا قەدەر داۋام ئەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئوبىكتىپ باھا بېرىشكە ۋە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەت شۇكى ، مەۋلانا جامالىدىن ، ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ 200 يىلغا يېقىن داۋام

www.kitaphumar.com

قلغان دىنىي پائالىيەتلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا 300 يىلغا يېقىن داۋام ئەتكەن مەنىۋى بەرباتلىق ئېلىپ كەلگەن ئاپاق غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭكىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ . ئۇلار تەپرىقچىلىق ، بۆلگۈنچىلىك ،خۇنخورلۇق ، مۇناپىقلىق ، ئىغۋا ــ سۇيقەستلەر بىلەن ئىلىم ــ مەرىپەتنى ، مىللىي ئەركىنلىكنى ، ئىنسانىي ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغان بولسا ، بۇلار باشتىن ئاخىر خانلىق ھوقۇقىغا چاڭگال سالماي خانلارغا ئەلنى ئادالەت بىلەن سوراش ، باج ــ سېلىقنى ئازايتىش ، ئاجىزلارغا خەيرىخاھلىق قىلىش ، دىنىي شەرىئەتنى چىڭتىپ قىمار ، بەڭ ، شاراپ ، زىنا ، ئوغرىلىق ... لارنى قاتتىق چەكلەش ، ئەمەلدارلارنىڭ خىيانەتچىلىك ، پارىخورلۇقلىرىنى چەكلەش ، ئۆشرە ــ زاكاتنى شەرىئەت نىزامى بويىچە ئېلىش ، ئەمەلدارلارنى تەپتىشلەپ تۇرۇش ، دېھقانلار ، قول ــ ھۆنەرۋەنلەرنىڭ ئەركىن ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ، مەسچىد ــ مەدرىس ، خانىقالار سېلىپ ياشلارنى ئوقۇتۇش ، تالىپلارنى يېتىشتۈرۈش ، ئىلىم ــ مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەت ، تەكلىپلەرنى بېرىپ ، خەلقنى تىنىچ ــ ئاسايىشلىق تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش ، يۇرتنى ئاۋات قىلىش ئۈچۈن بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان . بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى 1864 ـ يىلىدىكى مانجۇ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان كۇچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىلىرىدىن راشىدىن غوجا ، نەزرىدىن غوجا ، جامالىدىن غوجا ، پەخرىدىن غوجا ، ئىسھاق غوجا، بورھانىدىن غوجىلار ئايكۆلدىكى مەۋلانا جامالىدىن ۋە ئۇنىڭ كۇچادىكى ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىدى.

گەرچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش مۇڭغۇللارغا نىسبەتەن ھاكىمىيەت ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان بولسىمۇ ، شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر خەلقىگە نىسبەتەن ئۇ ماھىيەتتە بىر تەرەققىيپەرۋەرلىك ، يېڭىچە دۇنيا قاراش ۋە بىر قېتىملىق ئىدىيە ئاقارتىشتىن دېرەك بېرەتتى . ئىسلام دىنىدىكى ئىناقلىق ، رەھىمدىللىك ، تەقۋادارلىق ، ئىجتىمائى ئومۇمى ئەخلاق ، ھالاللىق قارىشى ، مېھنەت قارىشى ، مەرىپەت قارىشى ھەربىر دەۋر ئۈچۈن زۆرۈر بولۇش بىلەن بىللە ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائى ، ئىدىيەۋى ئېھتىياجلىرىغا تامامەن ئۇيغۇن ئىدى . شۇڭا ئۇ تەبىئىي رەۋىشتە شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىيەۋى يۈكسەكلىكى ۋە تەربىيە مەزمۇنىغا ئايلانغان ۋە ئۇزاق داۋاملاشقان . ئەينى ۋاقىتتا ئايكۆل ۋە كۇچانى مەركەز قىلغان مەدرىس مائارىپى خانىقا ، مەدرىس ، مەسچىد ئاساسىدا ئەۋلادلارنى ئىسلام دىنى ئەقىدىسى ۋە شۇ دەۋر مەدەنىيەت يېڭىلىقلىرى بىلەن تەربىيەلەپ كەلدى . XV ئەسىردە پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاملىشىشى ۋە ئۇزاق جارياندا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئەنە شۇ ئىسلام مائارىپىنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قاراش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس .

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى دىنىي ئوقۇتقۇچىلار باخشى ، ئۇستاز دېيىلگەن بولسا ، ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن بۇ ئاتالمىلار تېخىمۇ كەسىپلەشكەن ھالدا ئىنچىكە ئايرىلغان . يۇرتىمىزدا ئىسلام مەدرىسلىرى 2 دەرىجىگە ئايرىلغان بولۇپ ، مەدرىسلەر ئاساسلىقى شەھەر ، يېزىلاردىكى مۇسۇلمانلار كۆپرەك توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى مەسجىد ـ خانىقالاردا تەسىس قىلىنغان . تۆۋەن دەرىجىلىك ئوقۇتۇش ئورگانلىرى كىچىكرەك مەسجىدلەردە تەسىس قىلىنىپ « مەكتەپ » دەپ ئاتالغان ۋە دەرس سۆزلىگۈچى « خەلپەت » دەپ ئاتالغان . چوڭراق ئوقۇتۇش ئورگانلىرى مۇستەقىل بىنا قىلىنغان مائارىپ مۇئەسسەسى سۈپىتىدە « مەدرىس » دەپ ئاتالغان . دەرس سۆزلىگۈچىلەر « مۇددەرىس » دەپ ئاتالغان . ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسلەرنىڭ يېتەكلىگۈچىلىرى « ئاخۇن » دېيىلىپ ، ئۇلار مۇددەرىسلەرنى بەلگىلىگەن . مەدرىس ھازىرقى مەكتەپكە باراۋەر بولۇپ ، ئۇلاردا « قۇرئان كەرىم »دىن باشقا ، « سوپى ئاللايار » ، « مۇشكات » ، « مەسنەۋى شەرىپ » ، « ناۋايى » ، « غوجا ھاپىز » ... ۋە باشقا شەرىئەت قانۇنلىرى ، تەپسىرشۇناسلىق ... قا ئائىت ئەسەرلەردىن باشقا ، چوڭراق مەدرىسلەردە جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە ، ماتېماتىكا ، لوگىكا ... ئىلىملىرى ئۆگىتىلگەن . بۇ مەزگىللەردىكى مائارىپ خىراجىتىنى ئىسلامى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتى ، جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ خەيرى ـ ساخاۋىتى ، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ياردىمى ۋە مەسجىد ـ مەدرىسلەرنىڭ ۋەخپىسىدىن كەلگەن.

ئايكۆلدىكى كونا بازاردا 1343 ـ يىلى تەسىس قىلىنغان مەدرىس تاكى 1957 ـ يىلى بارلىق كونىچە دىنى مەكتەپلەر ئومۇميۈزلۈك تاقالغانغا قەدەر خىزمەت قىلغان بولۇپ ،پىشقەدەملەرنىڭ ئەسلىشىچە ، شۇ چاغقىچە ئايكۆل مەۋلانەم مەسجىدىنىڭ يېنىدا ، ھازىرقى مازارنىڭ ئورنىدا 40 ئېغىزدىن ئارتۇق سىنىپ ،ۋە ئېتىكاپخانا ئۆيلىرى بولغان . ئايكۆل خەلقى تاكى ئازاتلىقتىن كېيىن يېڭىچە مائارىپ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغانغا قەدەر مەدرىس مائارىپىدىن 614 يىل بەھىر ئالغان . ئالتە ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخى جەرياندا ئايكۆل خەلقى ئىسلام مائارىپى تەربىيەسىدە ئۆزگىچە خاس خاراكتىر ، ساپا ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشكەن . شۇنداقلا تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى گارمۇنىك بىرلىكتە ئەنە شۇ يوسۇندا پىكرى يۈكسەكلىككە ئېرىشكەن . XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىلىرىدىن بىرى ، مەشھۇر رېئالىستىك داستان « زەپەرنامە » نىڭ مۇئەللىپى موللا شاكىر دەل ئايكۆل مەۋلانەم مەدرىسىدە تەربىيەلەنگەن داڭلىق ئۆلىما ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچىدۇر . ئايكۆلدە ،جۈملىدىن ئاقسۇنى مەركەز قىلىپ شەرقى شىنجاڭدا قارا خانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىنكى 2 ـ قېتىملىق

دىن تارقىتىشتا مۇھىم تۆھپىكارلىق رول ئوينىغان مەدرىس مائارىپىنىڭ ئاساسچىلىرى ۋە نامايەندىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەرنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن :

1) مەۋلانا جالالىدىن : ئەسلى ئىسمى مەۋلانا جامالىدىن نەسرىدىن كىتىك . ئۇ 1126 ـ يىلى مۇڭغۇللار بۇخارانى ئىشغال قىلىپ قىرغىنچىلىق قىلغاندا ئۆلتۈرۈلگەن يەتتە ئەۋلىيانىڭ بىرى غوجا ھاپىز كىبىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ ، ئاتا ـ بوۋىلىرى قارا قۇرۇمغا سۈرگۈن قىلىنغان ۋە كېيىن شەھرى كىتىكتە ياشىغان . ئۇ XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ۋە ياشاپ 1343 ـ يىلى شەھرى كىتىكنى قۇم باسقاندىن كېيىن ئايكۆلگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ مەسجىد ـ خانىقا سېلىپ دىن تارقىتىشقا باشلىغان . ھايات مەزگىلىدە تالىپ ـ مۇرىدلارنى تەربىيەلەش ، دىن تارقىتىش ، جامائەت ئىشلىرىغا شەرئەت بويىچە توغرا كۆرسەتمە بېرىش ، شەرئەتكە خىلاپ قىلمىشلارنى چەكلەش ، ھۆكۈمرانلاردىن ئادىللىق تەلەپ قىلىش ،يېتىم ـ يېسىر ، كەمبەغەللەرگە خەيرىخاھلىق قىلىش بىلەن ئۆتكەن . 1348 ـ يىلى ئاقسۇ تەۋەسىگە شىكار باھانىسىدە تەكشۈرۈشكە چىققان شەرقى چاغاتاي خانى تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن ئايكۆلدە ئۇچرىشىپ ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە قايىل قىلغان ۋە ۋەدە ئالغان . بۇنى كېيىن ئوغلى ئەرشىدىن ئەمەلگە ئاشۇرغان . 1353 ـ يىلى ئايكۆلدە ۋاپات بولغان ۋە كونا بازاردىكى مەۋلانەم مەسجىدى يېنىغا دەپنە قىلىنغان . جاي ـ جايلاردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇلمەي تاۋاپ قىلىشى نەتىجىسىدە قەۋرىسى بۇزۇرگاھ بولۇپ شەكىللەنگەن . ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 6 ئەۋلاد غوجا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ شەرقى چاغاتاي خانلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە راۋاج تېپىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان .

2) شەيخ باھاۋىددىن بەلخ : بۇ كىشى مەۋلانا جامالىدىنىنىڭ ھەمساۋاقلىرىدىن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىلەن شەھرى كىتىكتىن ئايكۆلگە بىللە كەلگەن ۋە بىرلىكتە دىنى تەرغىبات ئېلىپ بارغان . بەزى رىۋايەتلەردە بۇ كىشى بەلخنىڭ شاھزادىسى دېيىلگەن . ئېيتىلىشىچە 1353 ـ يىلى مەۋلانا جامالىدىنىدىن 3 كۈن كېيىن ۋاپات بولغان ۋە مەۋلانەم بۇزۇرگاھىنىڭ 10 مېتىر شەرقىگە دەپنە قىلىنغان . قەبرىگاھىنىڭ ئىزى ھازىرمۇ بار.

3) مەۋلانا ئەرشىدىن : مەۋلانا جامالىدىنىنىڭ ئوغلى بولۇپ تەخمىنەن 1336 ـ يىلى ئايكۆلدە ( بەزى رىۋايەتلەردە دادىسى بىلەن ئايكۆلگە بىللە كەلگەن دېيىلىدۇ) تۇغۇلغان. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا دادىسى بىلەن ئايكۆلدە تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن كۆرۈشكەن . 1352 ـ يىلى دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋەسىيەت ۋە ۋەدىگە ئاساسەن ئالمىلىق شەھىرىگە بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭ شاھزادە ـ بەگلەر ، ئېيسىلزادە خېنىملار بىلەن بىر ـ بىر سۆزلىشىپ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرۇشقا

ياردەملەشكەن . تۇغلۇق تۆمۈر ئۇنىڭ دىن تارقىتىشتىكى تۆھپىسىنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنداق 3 خىل ئىمتىياز بەرگەن : بىرىنچى ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىنىڭ مۇپتىلىق ۋەزىپىسىنى مىراس قىلىپ بەرگەن . ئىككىنچى ، كۇچاردا ئۇنىڭغا مەخسۇس دىنىي رايون ئايرىپ بەرگەن . ئۈچىنچى ، ئۆشرە ـ زاكاتلارنىڭ بىر قىسمىنى ئەرشىدىنگە ئاجرىتىپ بەرگەن . شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ جەمەتى ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن . ئۇ كېيىن كۇچاردا تۇرغان ۋە مەسجىد ـ مەدرىسلەرنى سالدۇرۇپ دىنىي مائارىپ ۋە تەرغىبات بىلەن شۇغۇللانغان . 1437 ـ يىلى كۇچاردا ۋاپات بولغان ۋە ئۆزى سالدۇرغان مەسجىد ئالدىغا دەپنە قىلىنغان ۋە ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن مازار ياسالغان . ئۇ ھاياتىدا مۇددەرىس ۋە دىنىي باشلامچىلاردىن 300 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن .

4) مەۋلانا ئوبۇلپەتتاھ : مەۋلانا ئەرشىدىنىنىڭ ئوغلى ۋە مەۋلانا جامالىدىنىنىڭ نەۋرىسى بولۇپ ، XIV ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇغۇلغان . دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن كۇچا ۋە ئاقسۇنىڭ دىن تارقىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان . 1402 ـ يىلى ۋەيران بولغان ئاقسۇ شەھىرىنى بارلىق خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ 2 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاقسۇنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققان . ئەسلىدە ئاقسۇ شەھىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ زۇلۇمى ، چىرىكلىكى ، تەبىئىي ئاپەت ، يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن تەخمىنەن 1399 ـ 1400 ـ يىللىرى خاراپلىشىپ ئاھالىلىرى تېزىپ كەتكەن ئىدى . ئوبۇلپەتتاھ شەرقىي چاغاتاي خانلىرىغا مەلۇمات سۇنۇپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ياكى ئەسلى مۇشۇ يەردە ياشىغان ئاھالىلەرنى يىغىپ ئاقسۇدا ئولتۇراقلاشتۇرۇپ شەھەرنى قايتىدىن بىنا قىلغان . ئۇ يەنە بوۋامنىڭ خىزمىتىنى قىلدۇ ، دەپ ئايكۆلگە ئاقسۇدىن 400 نوپۇسنى كۆچۈرۈپ ئېپكەلگەن . تەخمىنەن VX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغانلىقى مەلۇم .

5) ئەلى ئاخۇن : تولۇق ئىسمى ھەزرىتى قۇتۇپ ئەلفىل ئۇسۇرى ۋەلىيۇل ئىشان مۇھەممەد ئەلى ئابۇن شەيىخ رەھمىتۇللا ئەلەيھى . تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس ، XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھىندىستاندىن كېلىپ ئايكۆلدە ئولتۇراقلاشقان تەسەۋۋۇپچىلىق تەرغىباتچىسى . ئۇ ئايكۆلدە مەدرىس سالدۇرۇپ تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپىنى تارقىتىش بىلەن مەشغۇل بولغان . نەتىجىدە ئايكۆلدە تەسەۋۋۇپچىلىق مەزھىپىنىڭ ئايكۆل سىستېمىسى شەكىللەنگەن .

6) موللا شاكىر : مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ، تارىخشۇناس ، تىلشۇناس بولۇپ ، 1807 ـ يىلى ئايكۆل بازىرىدىكى موللا تاھىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن . باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئايكۆل مەۋلانەم مەدرىسىدە ، كېيىن كۇچادا ئىگىلىگەن . يۇقىرى مەلۇماتلارنى ئافغانىستان ،

www.kitaphumar.com

پاكىستانلاردا ئالغان . 1864 ـ يىلى كۆچا دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئۈچتۇرپانغا يۈرۈش قىلغۇچى قىسمىنىڭ سەردارلىرىدىن ھامىدىن غوجا ، خېتىپ غوجىلار بىلەن بىللە قوشۇنىنىڭ قەلەمدارى بولۇپ ، ئۈچتۇرپانغا بارغان . كېيىن قوزغىلاڭ ياقۇپبەگ تەرىپىدىن باستۇرۇلغاندىن كېيىن سالامەتلىكى زەئىپلەشكەنلىكتىن ئۈچتۇرپاننىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى سوۋۇتقا سەيلىگاھىدىكى مەسچىدتە پاناھلىنىپ تالىپ تەربىيەلەش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولغان . 61 يېشىدا 4800 مىسرادىن تەركىپ تاپقان « زەپەرنامە » ناملىق مەشھۇر داستاننى يېزىپ چىققان . 1870 ـ يىلى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

7) تۇغلۇق تۆمۈرخان : چاغاتاي خانلىرىدىن ئېسەن بۇقا ( 1309 ـ 1320 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان ) نىڭ ئوغلى . شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى بولۇپ ، 1346 ـ يىلى ئاقسۇدا دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەمىرى بولاجى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان . 1348 ـ يىلى ئالمىلىقتا رەسمى خان بولغان . 1353 ـ يىلى مەۋلانا جامالىدىنغا بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭ ئوغلى مەۋلانا ئەرشىدىنىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەن ۋە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 160 مىڭ ( بەزى مەنبەلەردە 300 مىڭ دېيىلگەن) دىن ئارتۇق مۇڭغۇلنىڭ ئىسلاملىشىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلغان . 1360 ـ يىلدىن باشلاپ ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلىپ سەمەرقەنت ۋە پۈتۈن ماۋرائۇننەھىر رايونىنى تەسەررۇپىغا ئالغان . بۇددىستلارنىڭ تۇپىلاڭلىرىنى غەلىبىلىك باستۇرغان . شەرقى چاغاتاي خانلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە ئاساس سالغان . 1363 ـ يىلى ئالمىلىق شەھرىدە 34 يېشىدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان . قەۋرىسى كونا قورغاس ناھىيە بازىرىنىڭ سىرتىدا .

ئايكۆل ـ ئاقسۇدا يېگىچە مائارىپ ئەڭ بالدۇر باشلانغان جاي ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى ئويغۇتۇشى ـ مانا بۇ ۋەھىي. ـ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

مائارىپ تارىخى مىللەتنىڭ ئىدىيە تارىخى بولۇپ ، مائارىپنىڭ يېڭىلىنىشى مۇقەررەر ھالدا بىر قېتىملىق ئىنقىلاپتىن دېرەك بېرىدۇ . ئىدىيە بىر مىللەتنىڭ قېنىدۇر . مىللەت ھەرقانداق ۋاقىتتا قان تولۇقلاپ تۇرۇشقا مۇھتاج .ئەمما ئىقتىسادى ، سىياسىي تۈزۈم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان مۇنداق زور ئىدىيەۋى مۇئەسسەسە ھۆكۈمران سىنىپنىڭ چەكلىمىسى ئىچىدە تۇرغانلىقتىن ، تاكى شۇ قالاق ۋە ئەكسىيەتچىل سانىلىدىغان ئىگىلىك فورماتسىيەسى مۇقەررەر تارىخى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق يېڭىنىمە فونكسىيەسىنى يوقاتمىغۇچە خەلقنىڭ قاششاقلىق ، نادانلىق زۇلمىتىدە ئىزتىراپ چېكىشى ئېنىقتۇر . ئەمما ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىدىن مەلۇمكى ، ھەرقانداق دەۋردە ، ھەرقانداق خەلقنىڭ ھامان ئۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يورۇق دۇنياغا دۇنياغا باشلاش يولىدا جان بېرىدىغان « دانكو» لىرى بولىدۇ .

www.kitaphumar.com

گەرچە ئۇلار ناھايىتى ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلسىمۇ ، ھەتتا جاھالەت پىرلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىۋېتىلسىمۇ ، تارىخى ھامان ئۇلارنىڭ چىرىقنى ياندۇرۇپ ئارزۇ گۈللىرىنى مۇراد گۈلشەنلىرىدە ئېچىلدۇرغۇسى . ھەتتا ئۇلار تاڭ نۇرلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمىسىمۇ ، ئۇلار سالغان ئىز ھامان خەلق ۋۇجۇدىدا زىلزىلىلىك تىترەشلەرنى پەيدا قىلماي ۋە ئۇلارنى گۈزەل كېلەچەككە باشلىماي مۇمكىن ئەمەس . ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھالەت مۇئەككەللىرى قانچە ھەددىدىن ئاشسىمۇ ، ئاۋامنى تاغارغا سولانغان قۇشتەك ھۆرلۈك ئاپتىۋىدىن مەھرۇم قىلسىمۇ ، قوياش نۇرى ھامان ئۆز مەنزىلىگە يەتمەي قالمايدۇ .

قۇللۇق ۋە فىئوداللىق دۆلەتلەردە ھۆكۈم سۈرگەن مەدرىس مائارىپى گەرچە ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسىمۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرەققىياتنىڭ ئىستىخىيلىك رەۋىشىگە يارىشا ئاۋام ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلغان ئىدى . تۈرلۈك سەۋەپلەردىن كۆرە ، يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىزغا ئۇيغۇن بولغىنى شۇكى ، بۇنداق مائارىپ دىيارىمىزدا 2500 يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان بولۇپ ، گەرچە مۇنتىزىم مەكتەپ تىپىدىكى ئوقۇتۇش ئەندىزىسى خېلى بۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ ، ئەنئەنىۋىلىكتىن مۇستەسنا بولالمىغان ئىدى . ئۇ ھالدىكى مائارىپنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئىجتىمائى رولىدىنمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتى . ھەتتا مىنگۇ دەۋرىدە دىيارىمىزدا بىر قىسىم « شۆتاك » ، « شۆگۈك » نامىدىكى مەكتەپلەر قۇرۇلغان بولسىمۇ مەقسىتى ئاۋام ئۈچۈن بولمىغاننى ئاز دەپ ، مەزمۇنى « تۆت كىتاپ ، بەش دەستۇر » دىن چىقالمىغان قەدىمقى زاماندىن پەرقسىز ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش بىلەن كۇپايىلەنگەن ئىدى . پەقەت XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جوڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تۈرلۈك مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەركەتلىرى ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىشلارلا بىزگە ھەقىقى ھالدا مەۋجۇتلۇق يولىنى ــ يېڭىچە مائارىپ مەنزىلىنى تونۇتتى . ياڭ زىڭشىن ، جىن شۇرېن ، شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىرى تالايلىغان ئويغاقلىرىمىزنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ۋەھشىيلەرچە يوقاتتى . ھەتتا ياڭ زىڭشىن « ئىشىكنى ئېتىۋېلىش »تەك زامانىنىڭ ئېقىمىغا قارشى بېكىنمە سىياسەتنى يولغا قويۇپ تەرەققىيپەرۋەر يېڭىلىق كۈچلىرىنى ئۇجۇقتۇردى . شىڭ شىسەي بايلار بىلەن ئوقۇمۇشلۇقلارنى يوقۇتۇپ «خانلىق» نى مۇستەھكەملىمەكچى بولدى . شۇنداقتىمۇ تاتار مەرىپەتچىلىرىدىن ئىسمائىل غاسپىرالى ۋە باشقىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ قانات يايغان يېڭىچە مائارىپ ھەركىتى ( جەدىتچىلىك ) دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىجابىي يۈزلىنىشلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردى . 1899 ــ يىلى مەرىپەتپەرۋەر ئوغلانلىرىمىزدىن ئاكا ــ ئۇكا مۇسابايىلار يۇرتى ئېكساقتا ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپنى قۇردى

www.kitaphumar.com

. 1909 ـ يىلى يەنە ئۇلار ئىلىدا زامانىۋى كۆن ـ خۇروم زاۋۇتىنى قۇرۇپ كاپىتالىستىك زامانىۋى مىللىي سانائەتنىڭ ئۇلىنى سالدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى ، شەۋقى ... لەردىن باشلانغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇخشاش بولمىغان ئۇسۇل ۋە كۆلەمدە قانات يايدى . ئەمما تاكى ئازاتلىققا قەدەر ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۇچۇن بولغان ئورۇنۇشلار ئاچچىق رىيازەت ۋە قان تۆكۈلۈشلەردىن بىر كۇنمۇ مۇستەسنا بولغىنى يوق . يېڭىچە مائارىپنىڭ ئومۇملىششىنى كۆزدە تۇتقاندا 1931 ـ يىلدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن جىن شۇرېن ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلۇپ پۈرسەتپەرەس شېڭ شىسەي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى . 1933 ـ يىلى شىنجاڭدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى . 1934 ـ يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى . شۇ يىلى ئاقسۇدا ۋالىي ، مەرىپەتپەرۋەر زات نىياز شىرىپنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئاتاقلىق ئالىم ، پىداگوگ مەمتىمىن قارىھاجى (سوپىزادە )نىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغان . مەزكۇر ئۇيۇشما ئاممىۋى مەدەنىيەت تەشكىلاتى بولۇپ ، كۆرەش نىشانى مىللەتنى نادانلىق ۋە جاھالەت ئۇيقۇسىدىن ئويغۇتۇپ مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ، يېڭى مائارىپ سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت ئىدى . ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن خەلقنى ئاقارتىش ، مىللەتنى يەن ـ مەدەنىيەت بىلەن قوراللاندۇرۇش ، خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىش ئىشىغا جىددىي كىرىشتى . نادانلىق ۋە جاھالەتنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئۇيغۇر خەلقىدە ئىلىم ـ ئىرپانغا بولغان قىزىقىش ۋە ھەۋەس پەيدا بولدى . ئۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر مىللىي تەشكىلاتى بولغان ئۇيۇشمىلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتى . پۇلى بارلار پۇل ، كۈچى بارلار كۈچ چىقاردى . يېڭى مەكتەپ بىنالىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا قەد كۆتىرىشكە باشلىدى . ھەتتا يېتىم ـ يېسىرلار ئۇچۇن مەسۇس دارىلئېيتاملار سېلىندى . شېڭ شىسەي دەۋرىدە ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپ 530 ، ئوقۇغۇچى سانى 90333 بولغان بولسا ، ئۇيۇشما قارمىقىدا 1883 باشلانغۇچ مەكتەپ ، 180035 نەپەر ئوقۇغۇچى بولغان . ھەتتا قىزلار ئۇچۇن مەخسۇس مەكتەپ ، سىنىپلار تەسىس قىلىنغان . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيۇشمىلار خەلقنىڭ ساۋاتسىزلىقى ۋە مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر ياقتىن ساۋات چىقىرىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن سەھنىدىن پايدىلىنىپ ئاقارتىش ئېلىپ بارغان . نەتىجىدە شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا قاينام ـ تاشقىنلىق ۋەزىيەت شەكىللەنگەن . مەتبۇئات ، نەشرىيات ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان . ئەمما 1942 ـ يىلغا كەلگەندە شېڭ شىسەينىڭ كومپارتىيەگە ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇپ جىاڭ جېيشىغا يېقىنلىششى ۋە

www.kitaphumar.com

ئىلغار كۆچلەرگە مەلئۇنلارچە زىيانكەشلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى قايتىباشتىن قاباھەتلىك كۈنلەرگە دۇچار بولدى . 1943 ـ يىلى گومىنداڭ زور قوشۇن بىلەن شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن ئەھۋال تېخىمۇ يامانلاشتى . ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكىمىزدىكى يازغۇچى نۇر روزىنىڭ « مۆمىنىنىڭ مومىغا چىقىشى » ناملىق ھېكايىسىنى بىلىدىغانلارغا بۇ قاراڭغۇ ئەمەس . بۇ ئەھۋال تاكى 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن 1945 ـ يىل 8 ـ ئايلارغا قەدەر تولىمۇ ئېغىر بولغان .

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك ، ئايكۆلدە يېڭىچە پەننى مەكتەپ 1907 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، ئاقسۇ دىيارىدىكى يېڭىچە مائارىپ ئەڭ بالدۇر باشلانغان جاي ئايكۆل ھېساپلىنىدۇ . شۇ يىلى ئۆزبېكىستانىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدىن كەلگەن 2 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئايكۆلدە 70 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن تەركىپ تاپقان 2 سىنىپ تەسىس قىلىپ يېڭىچە مائارىپ قەدىمىنى باشلىغان . بۇ مەكتەپ دەل ھازىرقى ئايكۆل بازارلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىپتىدائى ئاساسىدۇر . 1920 ـ يىلغا كەلگەندە بۇ مەكتەپكە قىز ئوقۇغۇچىلارمۇ قوبۇل قىلىنىشقا باشلىغان . مانا بۇ ئۇنىڭ كونىچە مائارىپتىن پەرقلىنىدىغان تۈپ بەلگىلىرىدىن بىرىدۇر .ئىزدىنىشلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا ھازىرغا قەدەر ئاقسۇ دىيارىدىكى باشقا ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ مائارىپ تارىخىدا يېڭىچە مائارىپنىڭ 1907 ـ يىلدىن بۇرۇن باشلانغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللار مەلۇم ئەمەس . بەلكى مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا باشقا جايلاردىكى يېڭىچە مەكتەپلەر ئاساسەن 1934 ـ يىلى ئۇيغۇر ئويۇشمىلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىنا قىلىنغان . ئۆزبېكىستانىنىڭ تاشكەنت شەھىرىدە 1898 ـ يىللا مۇنەۋۋەر قارىي تەرىپىدىن جەدىتچە مەكتەپ قۇرۇلغان بولۇپ ، 1900 ـ يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىيادا جەدىتچە مەكتەپلەر تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان . شۇ نوقتىنى كۆزدە تۇتقاندا دەل شۇ خىل يېڭىچە مائارىپ تەربىيەسىنى ئالغان ئاشۇ ئىككى مەشئەل يېڭىچە مائارىپ ھەركىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان 9 يىلدىن كېيىن ئايكۆلدە لاۋۇلدىغان . ئۇلار تەربىيەلىگەن 70 نەپەر ئوقۇغۇچى دەسلەپكى ئۇرۇق بولۇپ ئايكۆل ، جۈملىدىن ئاقسۇ دىيارىنىڭ كېيىنكى مائارىپ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۈكسىلىشىگە ئاز بولمىغان ئەجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ، يىلتىز تارتىپ باراقسانلاپ شىرىن مېۋىلەرنى بەرگەنلىكى شۈبھىسىز . تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى 1920 ـ يىلدىن كېيىنكى بۇ يېڭىچە مەكتەپنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە خەۋەرسىزمىز . بىراق ، 1937 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئويۇشمىلىرىنىڭ ھەرقايسى يېزا ـ بازار ، كەنتلەردە مەكتەپ قۇرۇشقا سەپەرۋەرلىك قىلىشى نەتىجىسىدە ئايكۆل خەلقى يېڭىچە مائارىپنىڭ گۈزەل باھارىنى قايتىدىن كۈتىۋالدى . نەتىجىدە ئايكۆل سايرىق مەكتەپنى ساۋۇت ئەھمىدى ، خۇاڭگۇڭ مەكتەپنى توختىياز توختايۇپ

www.kitaphumar.com

، ساقساق مەكتەپنى ھامۇت مەخسۇت ، ئارا مەھەللە مەكتەپنى قادىر نىيازى باش بولۇپ قۇرغان. قانداقلا بولمىسۇن ، ئايكۆل خەلقى قەدىمدىن تارتىپ مەرىپەتپەرۋەر ، يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان خەلق بولۇپ ،مەيلى دىنى ئىدىئوگىيە ، مەيلى پەننىي خاھىش بولسۇن ئاقسۇ دىيارىدا نىسبەتەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن . بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئاقسۇنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان مۇنەۋۋەرلەردىن ئىككىنى مىسال قىلىمىز :

1) دانىش ياقۇپ : 1899 ــ يىلى ئايكۆل بازىرىنىڭ تاشتا كەنتى ساتما مەھەللىسىدە تۇغۇلغان . 11 يېشىدىن باشلاپ دادىسىدىن دىنىي تەلىم ئېلىشقا باشلىغان . كېيىن كونا شەھەر ناھىيەسىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان . 1917 ــ يىلى قەشقەرگە بېرىپ داڭلىق مەدرىسلەردە ئەرەب ، پارس ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۆگەنگەن . 1935 ــ يىلى ئاقسۇ مەمۇرى رايۇنى ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان . شۇ يىلى يەنە ئاقسۇ گېزىتى ، ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ۋە سانائەت مەكتۇپنىڭ باشلىقى بولغان يېڭى مەدەنىيەت ھەركىتىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرگەن . ئاياللار ئازاتلىقى ۋە قىزلارنىڭ مەكتەپ تەربىيەسى ئېلىشىنى تەشەببۇس قىلغان . ئاقسۇدا ياپۇنغا قارشى ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتىنى قوزغىغان ۋە ئاقسۇ ئۇيغۇر سەنئەت ئۆمىكىنى قۇرغان . 1938 ــ يىلى قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان . 1943 ــ يىلى قويۇپ بېرىلگەن . 1956 ــ يىلى ئاقسۇغا قايتىپ يەنە ئۇيغۇر ئويۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولغان . 1949 ــ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ھىمايە قىلغان ۋە يېڭى دېموكراتىزمنى قوللىغان ۋە ناھىيەلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولغان . شۇنىڭدىن باشلاپ ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ، سىياسىي كېڭەش ئاقسۇ ناھىيەلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان . 1970 ــ يىلى 10 ــ مايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان .

2) مەھمۇد ھاجىيوف : 1910 ــ يىلى ئايكۆل بازىرىنىڭ ساقساق كەنتىدە قول ــ ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . باللىق چاغلىرىدا يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1934 ــ يىلى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن . ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن قۇمباش يېزىلىق مەركىزى باشلانغۇچ مەكتەپنى قۇرغان ۋە ئۆزى مۇئەللىملىك قىلغان . 1939 ــ يىلى كونا شەھەر بوزدۆڭ يېزا قىزىلبۇلاق باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن . ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئونسۇنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، ئۇ باشقا بىر تۈركۈم ئىلغار ياشلار بىلەن مىللىي ئارمىيەگە قوبۇل قىلىنىپ پەيجاڭلىققا تەيىنلەنگەن . 1946 ــ يىلى

www.kitaphumar.com

شنجاڭ ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتى ( ئىلىدا قۇرۇلغان ) ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى ۋە مەكتەپ بۆلۈمىنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىگەن . « بىتىم » دىن كېيىن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان . شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازات بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغان . كېيىن ئۆزىنىڭ ئىلتىماسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىۋاستە تەيىنلىشى بىلەن ئونسۇ ناھىيەلىك مائارىپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان . بۇ مەزگىلدە ئۇ ئونسۇدا يېڭى مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشى ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ، شەھەر ـ يېزا مەكتەپلىرىنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشىغا كۈچىگەن . ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قىزىل ، ئارال ، تۇمشۇق ، چاغراق ، لەنگەر ، زامتاي ، ئىشلەمچى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان . 1965 ـ يىلى يېزا ـ بازار باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» مەزگىلىدە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دەپ تارتىپ چىقىرىلغان ۋە ئىشلەمچىدە ئەمگەككە سېلىنغان . « ياشلار ئەترىتى » ۋاقتىدا ئېغىر ئەمگەك ۋە كېسەل سەۋەبىدىن 1974 ـ يىلى 64 يېشىدا ۋاپات بولغان .

## ئايكۆللۈكلەرنىڭ ھازىرقى مائارىپ ئەمەلىيىتىدىكى چېكىنىش ۋە زۆرۈرىيەت

مائارىپ بولمىسا كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ . ـ بىن گۇرىئون ( ئىسرائىلىيەنىڭ دۆلەت ئاتىسى )

قانداق سىنىپ ، قانداق ھاكىمىيەتنىڭ دەۋر سۈرۈشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەربىر قەۋمنىڭ ئەجداتتىن ـ ئەۋلادقا داۋاملىشىپ ئۈزۈلمىسىز ھالدا « يېڭى قان » غا ئېرىشىپ مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان ئۆزىگە خاس مىللىي روھى بولىدۇ . ئۇ مىللىي روھىغا ئىگە خەلقلەر تارىخىنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچىدا ھەتتا 2000 يىللار ئاۋاقلىق يەھۇدىيلاردەك پۈتۈنلەي يوقۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغاندىمۇ مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئىزدىنەلەيدۇ . ھۆرلۈك ۋە سائادەت يولى تاپالايدۇ . ئەمما تۈرلۈك سەۋەپلەردىن كۆرە ، بۇنداق روھى ئۇستۇنلۈك ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن ، مۇقەررەر ھالدا شۇ قەۋمنىڭ تەقدىرىدە ھالاكەتلىك ئېپىزوتلار كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىدۇ . بولۇپمۇ مىللىي كىملىكنى ساقلىغان ئاساستا يېڭىلىقنى ئىنتىلىش ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى سۆيۈش ، تەرەققىيات ئىزدەش ھەرقانداق بىر قەۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىزگۈلۈك روشەندە ھۆرلۈك ۋە سائادەتنىڭ يۈكسەك پەللىلىرىگە يەتكۈزىدىغان رەھنەمالىق روھىدىن ئىبارەت .

مەيلى غەرپ ياكى شەرق ئەللىرى بولسۇن ئىلغار كەتكەن بۈگۈنكى زامان ئەللىرىنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئەنە شۇ روھنىڭ ۋەھىيانە ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان . قانداقلا بولمىسۇن ، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ھامان ئۈدۈم بولالايدىغان مەلۇم ئىلغار نەرسىلەر بولىدۇ . ھەربىر مىللەت پەقەت شۇ نەرسىلەرنى بېيىتىش ئاساسىدا ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇپ كېلەلىسىلا ، ئۇنىڭ تەقدىرىدە قانداق ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ھامان ئورنىدىن تۇرالايدۇ .

مىلادى 70 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە رىملىقلار تەرىپىدىن يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچكەلگەن يەھۇدىيلار دەل مەرىپەت روھىغا تايىنىپ كېيىنكى مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان . بۇ مەزگىلدە يەھۇدىي رايۇنلىرى رىملىقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىش خەۋپىگە دۇچكەلدۇ ۋە ئۇلار مەكتەپ ، ئىبادەتخانىلارنى ۋەيران قىلىپ يەھۇدىيلارنى يوقاتماقچى بولىدۇ . بۇنداق رەھىمسىز رىئاللىق ئالدىدا يەھۇدىيلار ئىككى گورۇھ بولۇپ شەكىللىنىدۇ . قارچىغا گورۇھى زوراۋانلىققا زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلسا ، كەپتەر گورۇھى زوراۋانلىققا غەيرى زوراۋانلىق ۋاستىسى ئارقىلىق قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . يوھاننا راببىي ( يەھۇدىي دىنىنىڭ ئۆلىماسى ) كەپتەر گورۇھىغا تەۋە يەھۇدىي مىللىتى دۇچكەلگەن زۇلۇم ـ ستەم ئالدىدا باش قاتۇرۇپ ئىششغالىيەتچى ئارمىيەنىڭ قۇماندانى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىبارەت ياخشى چارىنى ئويلاپ تاپقان . ئەمما شۇ ۋاقىتتا كەپتەر گورۇھى تەرىپىدىكى يەھۇدىيلار قارچىغا گورۇھى تەرىپىدىن ئېرۇسالىم شەھەر سېپىلى ئىچىگە سولاپ قويۇلغان بولۇپ كىرگىلىمۇ ، چىققىلىمۇ بولمايتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەل قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ . ئۇ چوڭ راببىي بولغاچقا نۇرغۇن كىشىلەر كېسىلىنى كۆرگىلى كېلىدۇ . ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقىلىدۇ . شاگىرتلىرى ئۇنى مېيىت ساندۇقىغا سېلىپ شەھەر سېپىلىدىن ئېلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ . چۈنكى شەھەر ئىچىدە قەۋرىستانلىق يوق ئىدى . قارچىغا گورۇھىنىڭ قاراۋۇللىرى راببىينىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمەي جەسەتنى تەكشۈرمەكچى بولغاندا يەھۇدىيلاردا جەسەتنى كۆرۈشكە قەتئىي بولمايدىغان قائىدە بولغاچقا ئۇلار قوشۇلمايدۇ ۋە جەسەتكە نەيزە سانجىماقچى بولغان قاراۋۇلنى توسۇپ شەھەر سىرتىغا ئەپچىقىپ يەرلىككە قويۇشتا چىڭ تۇرىۋالىدۇ . ئاخىرىدا ئۇلار يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ . سېپىلدىن چىقىپ رىم ئارمىيەسىنىڭ گازارمىسىغا كەلگەندىمۇ ئوخشاش ھالدا قۇتۇلۇپ ، ئوڭۇشلۇق ھالدا رىم ئارمىيەسىنىڭ قوماندانلىق شتابىغا يېتىپ بارىدۇ . يوھاننا راببىي مېيىت ساندۇقىدىن چىقىپ قوماندان بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ . ئۇ قوماندان ۋېس باسىيىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ : « مەن گېنىرال جاناپلىرىغا رىم پادىشاھىغا ئوخشاش ھۆرمەت بىلدۈرىمەن »

www.kitaphumar.com

دەيدۇ . گېنرال ئاڭلاپ پادىشاھنى ھاقارەت قىلدىڭ دەپ ئەيىپلەيدۇ . بىراق ، ئۇ تېخىمۇ جەزىملەشتۈرۈپ : « ياق ، كېيىمگە ئىشەنگەيلا ئالىيلىرى ، چوقۇم رىم پادىشاھى بولىدىلا » دەيدۇ . گېنرال : « تىلىكىڭىزگە رەھمەت ، ئۇنداقتا سىز نېمىگە ئېرىشمەكچى ؟» دەپ سورىغاندا ، ئۇ : « مېنىڭ پەقەت بىرلا ئارزۇيۇم بار ، ماڭا 10 رابىبي سىغقۇدەك مەكتەپتىن بىرنى قالدۇرۇپ قويغان بولساڭلار ، ئۇنى مەڭگۈ چېقىۋەتمىسەڭلار ! » دەيدۇ . يوھاننا رابىبى رىم ئارمىيەسىنىڭ ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلىۋالىدىغانلىقىنى ۋە زور قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇنىڭچە مەكتەپ ساقلاپ قېلىنسىلا يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ئەنئەنىسىنى چوقۇم ساقلاپ قالغىلى بولاتتى . بەختكە يارىشا گېنرال ۋېس باسىسن ئۇنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلىدۇ . ئۇزۇن ئۆتمەي رىم پادىشاھى ئۆلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ قوماندان ئۇزۇن ئۆتمەي ئارمىيەگە تايىنىپ پادىشاھ بولىدۇ . كېيىن ئېرۇسالېمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئۇ قوشۇنغا : « پەقەت بىر كىچىك مەكتەپنىلا قالدۇرۇپ قويۇڭلار ! » دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ . شۇنداق قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ بىلىمى ۋە ئەنئەنىسى ، توغرىسى مىللىي روھى ساقلاپ قېلىنغان . يەھۇدىيلارنىڭ تارىختا شۇنىڭغا ئوخشاش زور بالايى ئاپەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپمۇ يوقۇلۇپ كەتمىگەنلىكىگە دەل مۇشۇنداق يىراقنى كۆرەرلىك ۋە پىداكارلىق سەۋەپ بولغان .

دۇنيادىكى بارلىق خەلق يەھۇدىيلارنى دۇنيادا قەدىمدىن تارتىپ ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ زور دەرىجىدە يوقۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ۋە « كۆلپەتنى بايلىق » دەپ بىلىپ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەنگەن ، راۋاج تاپقان خەلق دەپ بىلىدۇ . بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەپنى دەل ئەۋلادتىن – ئەۋلادقا ئۇزۇلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ مەرىپەتچىلىك روھىنىڭ ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئەمەلىيىتىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇقەددەس پىرىنسىپقا ئايلانغانلىقىدا ، دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ . ئۆز مىللىتىنىڭ يۇكسەك ئەنئەنىۋى روھىنى چۈشىنىدىغان ، ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە جان تىكىپ قوغدايدىغان كىشىلەرنىڭ ئازلىقى مۇقەررەر ھالدا شۇ مىللەت ئىجتىمائىي ھاياتىدا پاجىئەلىك ، سەلبىي ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى قارارلاشتۇرىدۇ . سەئۇدىيە خانلىقىنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەپ بولغان ئەۋھاپەرەسلىك ۋەجىدىن ئەۋج ئالغان روھى گۇمرانلىقىنىڭ زىيىنىنى يەتكۈچە تارتقان ، بەلكى 300 يىلغا يېقىن يەتكۈچى تارتقان ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئاقسۇ خەلقىمۇ ئوخشاشلا زور چېكىنىشلەر ۋە مەنىۋى بەرباتلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى . يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، شۇ ۋاقىتلاردا دۇنيا مىقياسىدىكى تۆرلۈك ئىنقىلاپ ۋە ئويغىنىشلار ساداسى ئىچىدە ھىدايەت يولى تاپقۇچە ئايكۆل خەلقىمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇتلۇق كىرزىسى ۋە مەنىۋى بوھران ئىچىدە ياشاپ كەلگەن ئىدى .

www.kitaphumar.com

خوش ، ئۇنداقتا ئاقسۇ دىيارىدىكى ئىسلام مەدرىس مائارىپى ۋە يېڭىچە پەننىي مائارىپ ئەڭ بۇرۇن باشلانغان مەدەنىيىتىمىزدىكى يورۇق ئارال ـ ئايكۆلنىڭ هازىرقى ئەهۋالى قانداق ؟ مانا بۇ دەل ئاشۇ هۆكۈمنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ مېڭىسىدە تەبىئىي هالدا ئەكس ئەتتىدىغان سوئال . بۈگۈنكى ئايكۆل كىشىلىرىنى بىلىدىغانلارنىڭ هەممىسى ئۇلارنى سودا ـ سېتىققا هېرىسمەن ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتىدىغان ، ئىسلامى ئەقىدىسى نىسبەتەن چىڭ خەلق ، دەپ تونۇيدۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ مەرىپەت ئەنئەنىسى هەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدۇ . نىمە ئۈچۈن ؟ ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ كىچىككىنە زېمىندا هەربىر كەنتتە بىردىن دېگۈدەك باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى . ساۋات چىقىرىش تەكىتلەنگەن يىللاردا بۇ ئىش چىڭ تۇتۇپ ئىشلەندى . ئەمما بۇ كىچىككىنە ، ئەمما ئاجايىپ مول تارىخى كەچۈرمىشلەرگە باي زېمىندىكى كىشلەرنىڭ روهى ۋە ماددىي هالەتلىرى گويا « ئەسهابۇلكەهف » غارىدا ئۇخلاپ قالغانلاردەك بىر ئىزدا توختاپ قالغان . ئۇلار يېنىدىكى نەچچە تال تەڭگىسىنى 300 يىللىق ئۇيقۇسىدىن كېيىن بازارغا چىقىپ خەجلىيەلمىگەن ئاشۇ سەيياهلارغا ئوخشاپ قالغان . ئەپسۇسكى ئۇلاردا تېخىچە ئەجەپلىنىش يوق . ئەمما دەۋر ۋە تەرەققىيات ، مەۋجۇتلۇق ۋە رىقابەت هەربىر ئادەمدىن ، بۇ تۇپراقتىكى ئىنسان سۈپىتىدىكى هەربىر ياشىغۇچىدىن ئەجداتلىرىنىڭ ئاشۇ يىتۈك روهىنى تەلەپ قىلماقتا. مىگلاپ ئەپسۇسكى، ئەجداتلىرىدىكى يېڭىلىققا ، تەرەققىيپەرۋەرلىككە، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ، كامىللىققا ئىنتىلىدىغان بىباها روهنى ئايكۆللۈكلەر ئالىلقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن . بىراق سىز بۈگۈنكى ئايكۆلدە دەل بۇنىڭ ئەكسىنى كۆرىسىز . بۇ يەردىكى ئادەملەر باشقىچە بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك دەۋرنىڭ ئىلگىرىلىشىگە گويا نەچچە يۈز يىللار ئاۋالقىدەك ، گۈرۈلدەپ كىتىۋاتقان پويىزغا پەرۋايى پەلەك هالدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقان كىشىدەك خىرامان ، بىغەم ياشىشىدۇ . نۇرغۇن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزەرىدە باللارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن هېچقانداق ئالاقىسى يوق هۆكۈمەتنىڭ ئىشى . باللارنىڭ نىمە ئۆگىنىشى ، نىملەرنى قوبۇل قىلىشىنىڭ قىلچە ئەهمىيىتى يوق . ئېتىزلىق ، مازار ، مەسجىد ۋە ئۆيىدىن ئىبارەت تار دائىرىدىكى تۇرمۇش مەيدانى ئىچىدىلا داۋام قىلىدىغان رايىشلارچە ياشاش ئۇلارغا ئەيىنى چاغدىكى مەرىپەت روهىنى ، ئالتۇنغا بەرگۈسىز مىللىي ئەنئەنىسىنى مەزىسىز چۈشتەكلا ئۇنتۇلدۇرغان .باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بالا ئوقۇتۇش « مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى » نىڭ بېسىمىدىن بولمىسا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ باللىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتقۇسى يوق . تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرەي دەپقالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىدىمۇ غايە ، كەلگۈسى تەقدىر ، ياشاش نىشانى هەققىدە قانائەتلىنەرلىك ئۇقۇم يوق . 40 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇسى بار چوڭ بىر يېزىدىكى بىردىنبىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە تاپشۇرۇق

ئىشلىمىگەنلىكى ، مەكتەپكە تولۇق كەلمىگەنلىكى ، دەرسكە كىرمىگەنلىكى ، ئىنتىزامسىزلىق قىلغانلىقى ، ئوقۇتقۇچىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقى ... سەۋەپتىن تەنقىد ـ تەربىيە ئاڭلىغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ مەكتەپ كىلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆكتەملىك قىلىدىغان ، ئۇششۇقلۇق قىلىدىغان ، تەھدىت سالىدىغان ، ھەتتا ئۇلارنىڭ جىسمانىيتىگە چېقىلىدىغان ئاتا ـ ئانىلار ھەركۈنى دىگۈدەك چىقىپ تۇرىدۇ . ئەمما ئۇلار تاكى شۇ چاغقىچە بالىسىنىڭ كىمنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىۋاتقانلىقى ، نىملەرنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر . ئۇلار ھامان بىرەر باھانە ـ سەۋەپ بىلەن بالىلىرىنى مەكتەپتىن ئاجىرىتىۋىلىش كويىدا . شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار قەستەن پاراكەندىچىلىك چىقىرىدىغان ، ئىنتىزامسىزلىق قىلىدىغان ، خالىغانچە دەرسكە قاتناشمايدىغان ، جەمئىيەتتىكى يامان ئىش ، يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرىۋالغان باللار ئالدىدا بىچارە . شۇڭا ئوقۇتۇشمۇ پايانسىز دىڭىزدا نىشانسىز لەيلەپ كىتىۋاتقان يەلكەنسىز كىمىدەك ئۈنۈمسىز ھالدا داۋام قىلىدۇ . مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ كوزىرى پەقەت دىپلوم . چۈنكى ئۇ بولمىسا ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن چىقىپلا ئاتا ـ ئانا بولۇش ئۈچۈن ئالىدىغان توي خېتى ئېلىشى تەسكە چۈشىدۇ . ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاتا ـ ئانىلار بۇنىڭغىمۇ ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمەيدۇ . شۇڭا ئانچە ـ مۇنچە ئاغزى ـ بۇرنى تۈزلىنىپ ياربدار جەڭچىدەك يۈرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆرۈلۈپ تۇرىدىغانلىقىغىمۇ ھەيران قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . ئەمما باشقا ئىشلارغا سوراق تەييار بولغان بىلەن بۇ ئىشقا يوق . ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى سائەت 10 غىچە ، ئازراقى چۈشكىچە ، يەنە ئازراقى كەچكىچە بىر قېتىم مەكتەپكە كىلىپ كۆرۈنۈپلا بەرسە ، مەكتەپتە تەييار تاماقنى يەپ ئويناپ بىرىپ خاتىرجەم ئۆيگە قايتسىلا بولىدۇ . ئىشقىلىپ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىلىپ ـ كىتىپ تۇرسىلا بولىدۇ . ئۆگىنىش ، تەقدىر بىسىمى ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ياكى مەسئۇلىيەت ھەققىدە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق . باللارنىڭ ھالەت ـ تۇرقىغا قاراپ يىزا بالىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈڭىز كەلمەيدۇ ( ئەلۋەتتە ھازىر يىزا بىلەن شەھەرنىڭ پەرقى زور دەرىجىدە كىچىكلىمەكتە ) . ئۇلار ئېسىل تېلفۇنلارنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ . قىز ـ ئوغۇللار پىنھانلاردا مۆكىدىشىدۇ . ئاچايىپ ـ غارايىپ كىيىنىشىدۇ ، ياسىنىشىدۇ . ئىشقى ـ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ناخشىلارنى ئاڭلىشىدۇ . ئەگەر مەكتەپ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ كۆزەتسىڭىز ، مەكتەپكە كىلىپ ، قايتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەلكىسىدىكى ئوقۇغۇچىلار سومكىسىدىن 10 نى سانىيالمايسىز . مەكتەپ ھويلىسىغا قارىسىڭىز ئالدىڭىزدا ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىكى ئاخىرقى ئۆمرىنى ئويۇن ـ تاماشا بىلەن ئۆتكۈزىۋاتقانلارنى يادىڭىزغا ئالىسىز . بىرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ياكى تەنەپپۇس ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دەرس ، سىناقلار ئۈچۈن ماتىريال كۆرىۋاتقان ئوقۇغۇچىدىن بەشنى ئۇچرىتالمايسىز . پەقەت تۈرلۈك

www.kitaphumar.com

توپلارنى ئويناش ، مۇكىدىشىش ، قوغلىشىپ ئويناشتىن باشقا ئىش كۆزگە چىلىقمايدۇ . ھەتتا ئىمتىھانلاردا جاۋاپ يېزىش تۈگۈل ئىسمىنى يېزىپ قويۇشقىمۇ ئېرىنىدىغان تالاي ئوقۇغۇچىلار بار . سىناق ، ئىمتىھان ، دەرس ، تىرىشىش ، ئۆرلەپ ئوقۇش ، ياخشى تۇرمۇش يولى ، كېيىنكى تەقدىر ... دېگەنلەرنى ئويلاش تۈگۈل ، 45 مىنۇت قىسىپ ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىماق تاغقا چىقماقتىنمۇ تەسكە توختايدىغانلار تېخىمۇ كۆپ . تەلەپ قويۇشتا قىزلار ھەتتا ئوغۇللاردىنمۇ تەشەببۇسكارراق . شۈكىمىكىن چەكلەنگەن مېۋىنى ناھايىتى بالدۇر يەپ قويىدىغان ئىشلارمۇ ئادەمنى چۆچۈتىدۇ . تېخى قىزلارنىڭ گوروھ بولۇشۇپ ئۇرۇشىدىغان ئىشلىرىمۇ ئانچە ــ مۇنچە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . مەن ئايكۆلدە تۇرغان 5 ـ 6 يىللىق تۇمرۇشۇمدىكى ئەمەلىي كۆزىتىشىم ئۇيغاتقان ھەسرەتلىك ئىلھاملىرىمنى ئاشۇ كارتىنىلارنى تولۇق سىزەتلەپ بېرەلمىگىنىگە قارىماي ، مۇنداق بىر پارچە « ئايكۆلنىڭ چۈشى » ناملىق شېئىرىمغا مۇجەسسەملەپمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدىم :

دولقۇنۇڭغا ئاينى دەپ كىردىم.
قۇلىغىمدا قەبلەمنىڭ تىۋىشى،
قۇلۇمدا سۇلايماننىڭ ئۈزۈكى.
ئەتمەك بولۇپ كوزا ئاغزىنى ،
دېڭىگە يۈزلەندىم.
خانىقادا باشلاندى ئەرزان ،
چۈۋۈلۈپ كەتتى جەددالنىڭ تورى.
پاك روھىمنى سۆيۈپ ئويغاتتىم ،
يۇلتۇزلارغا تاشلىغاچ سوئال.
ياشاش ئۈچۈن ئالدىم تاھارەت ،
داۋالغۇدى كۆل سۈيى دەرھال .

II

مەۋلانەم مەسچىتىنىڭ ئالدىدىكى بازاردا،
روماللىق بىر مەزلۇم تىلەر سەدىقە.
ئولتۇرار بالىسى ياندا يۇلتۇزدەك،

www.kitaphumar.com

ساقاللىق ئەرلەر ئالدىرار ئۆيگە .
تۆتىنچى خۇتۇننى كۆرگۈسى كېلىپ ،
موتىسكلىت ياكى ماشىنىنى قوزغىتىدۇ .
يۈرىكى ئوت ئالىدۇ .
سۆگەتلىكتە دۇم يېتىپ،
ئاچچىق نەشنى شورايدۇ،
ئانىسىغا قانمىغاندەك .
ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن چىققان بىر يىگىت.
ئېتقادىنى توپ قىلىپ تېپىپ،
مۇئەللىمنى يوملاتقاندەك ،
پىنھانلاردا مەستلىنەر پىلدەك.
پەرىشتىدەك بوۋاي-مومايلار.
چېچىلىپ كەتكەن باللارنىڭ ئۇستىدە،
ئاپئاق بۇلۇتلاردەك يۈرىدۇ لەيلەپ.
چۈشۈرۈپ تۈرسىمۇ يامغۇر ۋە سايە ،
ئۈيۈن تۆكمەيدۇ،
كۆڭۈل تىنجىمايدۇ.
بۇيەردىكى ئادەملەر،
جىنلاربىلەن سۆزلىشىدۇ.
ئۆلۈكلەر ئۇسۇل ئوينىمايدۇ.
312-نومۇرلۇق دۆلەت تاشيولى ،
چۈشكە ئەگىشىدۇ.
مەكتەپتىن قاچقان ئۆسمۈر،
ئۇغۇرلىغان پۇلغا بەڭ چېكىدۇ.
پادىچى شىم ئالىدۇ،
چاچلىرىنى بۇدۇرە قىلدۇرىدۇ ،
مەكتەپ يەنە ئۇقۇتىدۇ،
مۇئەللىم كەلگۈسىدىن ئەنسىرەيدۇ.

www.kitaphumar.com

-بىلسەم- بىلمىسەم نىمە كارىڭ؟
قاراپ تۇرۇپ يۈرەكنى تىلدۇ.
-بالامغا ھومايغان قايسىڭ؟
پىچاق كۆتۈرۈپ ھەيۋە قىلدۇ .
رەتسىز، مەينەت، قايناق دوقمۇشتا،
ئۆچەي كاۋاپ يەپ لەڭپۇڭ ئىچىدۇ.
بىر – بىرىنى تونۇمايدۇ .
يۈز يىل بۇرۇنقى موللا شاكىر،
«شەرھىي شىكەستە »دە ئۇھسىنىدۇ.

III

ئاي قەلبىمدە بولدۇقلىدى .
بالام دەپ كۆيىۋاتقانلار.
بالام دەپ ئۆلىۋاتقانلار ،
كۆل يۈزىدە تۇردى جۇلالاپ.
سۇ بىلەن قۇمنى ئايرىپ ئولتۇرۇپ،
بىر چىمدىم قۇمنى سۆيدۈم مەڭگۈگە.
خەيرىلىك تىلىدىم ،
ياغلىق چەككەن تانسىكەشكىمۇ .
ئوقۇمىغان ئاقنانچىغىمۇ ،
چاچ كىسىدىغان ساتىراشقىمۇ ،
ئازغانلارنى تۈشۈغان شوپۇرغىمۇ .
چۈنكى،ياشىسىلا ئايكۆلدە ئۇلار،
كىملىكىدىن كەچمەس يەنىلا،
باشقا بىر دەۋردە ياشاۋاتقاندەك .
قەدىمى دەرەخكە يۆلەنگىنىچە،
بىر –بىرىگە: بىز ئۇيغۇر!-دەيدۇ.

www.kitaphumar.com

ئىلان قاسىرىقنى تاشلاۋاتقاندەك،
رىقابەتكە باشلاۋاتقاندەك.
ئىشىنىمەن سىلەرگە !
ئەي نۇرغا ئاشىق ئادەملەر!
دەرەخ ئىچىدە تۇرىۋەرمەڭلار.
ئاق ئىتىڭلار چاپسۇن توختىماي،
مەھمۇد قەشقىرى ساقلاۋاتىدۇ.
باللار مەكتەپكە بارسۇن!
ئىتىزلارغا چىلان تىكىڭلار!
بىر ئوت بىزنى ياقلاۋاتىدۇ.
ئەي ئايكۆل!
كەل يەنىلا سىنىلا سۆيەي.
بەختىڭ ئۈچۈن ئوت بولۇپ كۆيەي،
دۇنيا بىزنى تۇرمايدۇ ساقلاپ.
چاڭلىرىڭنى نۇر بىلەن سۈرتەي.

2011.1.1

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئۆي ـ ئوچاقلىق بولىدۇ . ئېتىز ـ ئېرىقلاردا ئىشلەيدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۈمىد باغلىغان كەلگۈسىنىڭ تالايلىغان « سەنئەتكار » ، « ئېنژېنىر » ، « ماتېماتىك » ، « فىزىك » ، « خېمىك » ، « بىئولۇگ » ، « تەنھەركەتچى » ، « ئارتىس » ، « رەسسام » ... لىرى يوققا چىقىدۇ . تىرىشسىلا ۋايىغا يېتەلەيدىغان ئىقتىدار ـ تالانتلار توزۇپ كېتىدۇ . ئەمما ھەممىدىن ھەيران قالارلىقى ، بۇ كۆپىنچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نەزىرىدە بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان ئاۋارىچىلىق . مەن دەل مۇشۇ قۇرنى يېزىۋاتقىنىمدا ماقالەمنىڭ تېمىسىنى نىمدەپ ئاشۇنداق قويغىنىمنى يەنە بىر قېتىم ھەسرەت ئىچىدە تىلغا ئالىمەن . ئەمما قانچىلىك ئادەم بۇ ھەسرىتىمنىڭ ۋەزنىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ .

بۇ ھەقتىكى ئابستىراكىت مۇھاكىمەلەرنى داۋام قىلىشتىن كۆرە ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئەمەلىيەتنى پاكىت كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ : ئايكۆل بازارلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا

www.kitaphumar.com

مەكتەپتە 2008 ـ يىلدىن 2013 ـ يىلغىچە بولغان 6 يىلدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ھەر يىلى 629 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن . ئەمما بۇلاردىن ئىچكىرى تولۇق ئوتتۇرا ، كەسپى تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇغانلارنىڭ نىسبىتى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا % 3.1 ، %5.8 ، %7.8، % 9.8 ،% 7.2 ، % 3.7 بولۇپ ، ئوتتۇرىچە نىسبىتى %5.8 بولغان . يەنى مۇشۇ 6 يىلدا 3772 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولۇپ بۇنىڭدىن ئۆيگە قايتقىنى 3553 نەپەر ، ئۆرلەپ ئوقۇغىنى بولسا ئاران 219 نەپەر بولغان ھەم ھەر يىلى ئۆرلەپ ئوقۇغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە سانى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 36.5 ئادەم بولغان . ئايكۆللۈكلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى جۆملىدىن مائارىپ ئەمەلىيىتىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بۇ سان ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ . ھەر يىلى ئاران %5.8 ، يەنى 36.5 نەپەر ئوقۇغۇچى ئۆرلەپ ئوقۇيدۇ . قالغان %94.2 ، يەنى 3553 نەپەر ئوقۇغۇچى جەمئىيەتكە ، ئائىلىگە قايتىدۇ . ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى سودا ـ سېتىق ، ۋە باشقا ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن جان باققاننى ھېساپقا ئالمىغاندا ، مۇتلەق كۆپچىلىكى يەر تېرىيدۇ . بۇرۇندىن تېرىپ كېلىنىۋاتقان ئازغىنە يەرنى بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تېرىشى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى تۇرمۇشىغا ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى ئائىلىسىگە قايتقان 529.5 نەپەر ئوقۇغۇچى شۇ ئائىلە ۋە ئايكۆل بازىرىغا نىسبەتەن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىدىن ئىبارەت . ئەمما بۇ يەردە ئۇلارنى خىزمەتكە ئالىدىغان زاۋۇت ـ كارخانىلار يوق . بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ـ تېخنىكا سەۋىيىسى ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ يىلدىن ـ يىلغا جۇغلىنىشى ئاخىرىدا ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش بېسىمى ئېلىپ كېلىدۇ . شۇنداقلا ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئىجتىمائىي ئۇمۇمى ئەخلاق ، مەدەنىيەت يۈكسىلىشى جەھەتلەردىمۇ بەلگىلىك مەسىلىلەر شۇنىڭغا ئەگىشىپلا پەيدا بولىدۇ .

« ئىسلام ئەقىدىسىگە چېكىڭ » دەپ قارىلىدىغانلارغا « ئىلىم چىنىدا بولسىمۇ بېرىپ ئىگىلەڭلار » دېگەن ئايەت بىلەن « ھەققى بايلىق روھى بايلىق » دېگەن ھەدىسنىڭ روھى قاراڭغۇ بولمىسا كېرەك . ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشنى مۇھىم پەرز دەپ قارىغان . « قۇرئان » دا « ھەممە نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ پايدىلىنىشىڭلار ئۈچۈن ياراتتىم » دەپ ، ئىنسانىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئۇرغۇتۇپ « تەبىئەت » بىلەن « ئىنسان » دىن ئىبارەت ئىككى « كىتاب » نى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوقۇشنى ھەقىقى مۇسۇلمانلىقنىڭ شەرتى بىلگەن . ھەقىقەتەنمۇ « ئىلگىرى زامانلاردا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەر ، ئۇرۇقچىلىق ۋە خەلق ئۇدۇملىرى ئارقىلىق ئىگە بولغان نەرسىلەرگە ئەمدىلىكتە پەقەت تەلىم ـ

تەربىيە بىرىش ئارقىلىقلا ئىگە بولۇش مۇمكىن » ( ئە.رېنان ) بەلكى ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى بىلەن قوراللىنىپ ئۆزىنى دەۋر تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇش بىلەن ئىگە بولۇش مۇمكىن . چۈنكى ھەر قانداق دىن ، ھەر قانداق سىنىپ ۋە ئادەم مەقبۇل كۆرىدىغان ئاقىلانە ھۆكۈم شۇكى ، « بارلىق مۆجىزىلەر ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەللىرى ياخشى تەربىيە ئالغان ئىنسانلاردۇر » (ئېپىكتېت ) . ئىنسان پەقەت ياخشى تەربىيە ئارقىلىقلا ئۆزى ئۈستىدىن غالىپ كېلەلەيدۇ ۋە تەقدىرىنى گۈزەل قىلىپ يارىتالايدۇ .

يىغىپ ئېيتقاندا ، ئاقسۇ دىيارىدا يېڭىچە مائارىپ ۋە ئىسلام مەدرىس مائارىپىغا ئەڭ بۇرۇن قەدەم قويغان ئايكۆل خەلقى ئۆچۈن ھازىرقى ئەڭ مۇھىم زۆرۈرىيەت دەل ئەجدادلىرىدىكى ئاشۇ روھنى مەشئەل قىلىپ مەرىپەت ۋە يۈكسىلىش يولىغا تەخىرسىزلىك بىلەن ئاتلانماقتۇر . چۈنكى « مائارىپ بولمىسا كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ » ( بىرن گۈرىئون ) . قۇدۇق ئىچىدىكى پاقىدەك جاھاننىڭ بارى مۇشۇ دەپ ياشاش بۈگۈنكى كۈندە ئۆچىغا چىققان ھاماقەتلىك ، نادانلىق ۋە قارغىش تەگكۈرلۈكتۇر . ھەر بىر قەۋمنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا . ئۇنىڭ قېيىدىشى ، بىكىنىۋېلىشى ياكى ئاكتىپلارچە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ پەقرانىلىقتا ياشىشى دۇنيادىن ، تەرەققىياتتىن ،رىقابەتتىن ، توغرىسى ئىلىم ـ پەندىن يىراقلاپ كېتىشى ئۆزىگە ئۆزى ھالاكەتلىك تەقدىرىنى چىللاشتىن باشقىچە نەتىجە بەرمەيدۇ . ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئەگەر يىلتىزىنىڭ كۆكلەپ تورۇشىنى ، پەرزەنتلىرىنىڭ كېلەچەكتىكى بەخت ـ سائادىتىنى ھەقىقى كۆزلەيدىكەن ، ئۇ ھالدا چوقۇم باللارنى تەربىيەسىز قويماسلىقى كېرەك . ئۇلار قانچە كۆپ تەربىيەلەنسە تەقدىر ۋە تەدبىرنى شۇنچە ئاقىلانە ھالدا كۆرۈپ يېتەلەيدۇ . شۇڭا تەربىيەنى ، تەربىيەلىگۈچىلەرنى ۋە تەربىيە ئورگانلىرىنى مەسچىتكە ئوخشاشلا ئۇلۇغلىيالىغان چېغىمىزدىلا ، ئاندىن ھەقىقى مۇسۇلمان بولۇپلا قالماي ، كەلگۈسىنىڭ پارلاق ئاچقۇچىغا ، ئىككى دۇنيالىق بەخت ـ سائادەتنىڭ ، ھۆرلۈك ، ئاسايىشلىقنىڭ يول خېتىغا ئېرىشەلەيمىز .

ئاخىرىدا ئايكۆلدىكى قېرىنداشلىرىمنىڭ سەمىگە مۇنداق ئىككى ھەقىقەتنى ئەسكەرتىمەن : بىرى ، ئايكۆل ـ ئاقسۇ دىيارىدا پەننى مائارىپ ۋە ئىسلام مەدرىس مائارىپى ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي . يەنى بىرى ، « تەربىيە بۈيۈك خىزمەت ، چۈنكى تەربىيە ئارقىلىق ئىنسان تەقدىرى ھەل قىلىنىدۇ » ( بېلىنىسكى ) . يەنە قەلبى ئويغاق ھەر بىر يۈرەككە قەلبىم ۋەزمىنلىك بىلەن پىچىرلايدۇكى ، بىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ۋە ئاخىرغىچە تايىنىدىغىنىمىز مائارىپ ۋە ئەجدادلىرىمىزدا چاقنىغان ئىلىم ـ مەرىپەت روھىدۇر . چۈنكى ھەر قانداق بىر ۋەھى ئىنسانغا پەقەت مەرىپەت ئارقىلىق ئايان بولىدۇ ۋە مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇتلۇق ۋە بۈيۈكلۈك يولى بىرىدۇ . بالىلىرىمىز ئوقۇسۇن !

www.kitaphumar.com

## پايدىلانغان ماتىرىياللار :

1.« ئاقسۇ شەھىرىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى » ( خەنزۇچە ) شىنجاڭ ئۈنىۋېرستىتى نەشرىياتى 2001 ـ يىلى نەشرى .
2.«ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ تەزكىرىسى» ( خەنزۇچە ) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىلى نەشرى.
3.« شىنجاڭ ئىسلام تارىخى » ھاجى نۇرھاجى ، چېن گوگاۋاڭلار تۈزگەن . مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 ـ يىل نەشرى .
4.« ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى »( جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخىغا ئائىت مەجمۇئە ) 1989 ـ يىل 1 ـ نەشرى .
5.« ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخى ماتىرىياللىرى » ( 4 ـ قىسىم ) 1991 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى . ئىچكى ماتىريال . ئىجازەتنامە نومۇرى ( شىنجاڭ ) 1212 .
6.« ئاقسۇ شەھىرى تارىخى ماتىرىياللىرى (5) ـ مائارىپ مەجمۇئەسى» 1995 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى . ئىچكى ماتىريال . ئىجازەتنامە نومۇرى 2696ـ ( 1195 ) .
7.« قەدىمكى كىتابلار تەتقىقاتى » ( ئىچكى ماتىريال ) نىڭ 1986 ـ يىللىق 2 ـ سانى . ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشىر قىلىش ئىشخانىسى نەشىر قىلغان .
8.« كىملىك تەربىيىسى » ( ئايكۆل بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەكتەپ دەرسلىكى) ئابدۇرەھمجان يۇسۇپ ئۇمىد تۈزگەن . 2012 ـ يىل نەشرى .
9.« شىنجاڭ مەدەنىيىتى » ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 1 ـ سان . ياڭقۇن رۇزى : « شىنجاڭدا يېڭىچە مائارىپ قاچان باشلانغان ؟ » ناملىق ماقالە .
10. « يەھۇدىيلارنىڭ سىرى » خې شيۇڭفېي يازغان . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى .

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر دىيارى ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

سېرگېي گىرىگورىيېۋىچ كىلياشتورنىي(روسىيە)

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۇرگۇن

1896 ـ يىلى روسىيە جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئاسىيا مۇزېيىغا روبىروۋسكىي ۋە كوزلوف ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى1893 ـ 1895 ـ يىللىرى تۇرپاندىن تاپقان بىر تاغار قەدىمكى يازما پارچىلىرىنى تاپشۇردى[1].بۇ ۋەسىقىلەرنى ئىۋانوۋسكى بىلەن ئولدېنبورگلار تۈيۈق ئەتراپىدىكى بۇددا تاشكېمىر ئىزلىرى ۋە قارا غوجا قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرىنى قازغاندا بايقىغان. 1897 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، رادلوف بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنى رەتلىدى ۋە تەتقىق قىلىپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۆت پارچە ۋەسىقە پارچىسىنى ئېلان قىلدى[2]، بۇلار بەك كىچىكلىكىدىن ئوقۇپ يېشىش تەس بولغاچقا ، رادلوف بۇلارنى يازما شەكلى ۋە ئۆلچەملىك شەكلىدە يېزىلغان ۋەسىقىلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىدى.

بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ تېپىلىشى رادلوف، روزېن ۋە سالمان قاتارلىق ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇرپاننىڭ ئەسھابۇلكەھف مازىرى ۋە قارا غوجا قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرىگە شۇنداقلا ئىمكانىيەت يار بەرسە تۇرپاندىكى باشقا قەدىمىي خارابىلەرنى تەكشۈرۈشكە بىر ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتىنى ئەۋەتتى[3]. رادلوف بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى قارا غوجا قەدىمىي شەھىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈش ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇ يەردىن ئەڭ قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى تېپىش ئىدى دەپ قارىغان[4].

1898 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، كېلېمېنتىز سانكىت پېتېربورگدىن ئايرىلىپ 9 ـ ئاينىڭ بېشىدا تۇرپانغا كەلدى [5]. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە تاللىنىپ ئاسار ـ ئەتىقىلەر مول بولغان بۇنداق رايونغا ئەۋەتىلىشىدە ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ موللىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا مىنوسىنىكتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كېلېمېنتىز يىغما بويۇملار ئىنتايىن كۆپ بولغان

www.kitaphumar.com

منوسىنسك مۇزېيىنى تەكشۈرگەن. 1891 ـ يىلى رادلوف باشچىلىقىدىكى ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىگە قاتنىشىپ، موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلارنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان. 1894 ـ 1896 ـ يىللىرى ئۇ ئى.خ. كېلېمېنتىز بىلەن ھەمكارلىشىپ موڭغۇلىيەدە كەڭ كۆلەملىك ئارخېئولوگىيەلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەردە بولغان ھەمدە نۇرغۇن ساسلاتلارغا ئېرىشكەن[6].

كېلېمېنتىزنىڭ تۇرپاندىكى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشى شىنجاڭدىكى ئىلمىي تەكشۈرۈش پائالىيىتىنىڭ باشلانمىسى ئىدى[7]. ئەمما،2 ـ قېتىملىق ئىلمىي تەكشۈرۈش 10 يىلدىن كېيىن ئاران ئورۇنلاشتۇرۇلدى. روسىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرگەن باشقا ئەل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ يېتىپ كەلدى. بولۇپمۇ گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ، روسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كېلېمېنتىزنىڭ باشچىلىقىدا تۇرپانغا قايتا كەلدى[8].

كېلېمېنتىز ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى مەڭگۈ تاش ۋە باشقا يازمىلارنى تاپقانلىقىدىن ئىبارەت. رادلوف يازمىلارنى تۆۋەندىكىدەك بەش خىلغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

1.بۇددا غارلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى بىغىشلىمىلار؛
2. ئوردا ياكى ئىبادەتخانىلاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە بىغىشلىمىلار؛
3.قەدىمكى ئۇيغۇرچە بۇددا دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر پارچىلىرى؛
4.بۇددا دىنىغا دائىر باسما بويۇملىرى پارچىلىرى؛
5.قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىلىم ـ سېھتىم ھۆججەتلىرى؛

رادلوف ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ شىنجاڭدىن تېپىلغان تۈركچە ۋەسىقىلەرنى تۈنجى بولۇپ ئېلان قىلدى ، ئۇلارنىڭ تۆتى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ئويما ، ئىككى پارچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇن (ئىقتىساد) غا دائىر ھۆججەت ۋە يەنە ئىككىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نومىلىرى پارچىسىدىن ئىبارەت[9].

كوزلوف، روبرووۋسكىي ۋە كېلېمېنتىز (Клеменц .А .Д) لارنىڭ بايقاشلىرى ئاسىيا مۇزېيىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنى ساقلاش ئىشلىرىغا ئاساس سېلىپ بەردى. 1915 ـ

يىلىغا قەدەر، بۇ مۇزېيدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر بىرى، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، يەنە بىرى ئۇيغۇر دىيارىدىكى روسىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىئانىسى ئارقىلىق كۆپەيدى. ھازىر روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا 4228 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقە بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى روسىيە كونسۇلخانا ئەمەلدارلىرى بۇ مۇزېيغا تەقدىم قىلغان. 1907 ـ 1909 ـ يىللىرى ئاسىيا مۇزېيى كروتكوف يىغقان 4070 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى تاپشۇرۇپ ئالغان. 1912 ـ يىلى دياكوف كروتكوفنىڭ كونسۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن تۇرپان ئاستانىدىن تېپىلغان 28 پارچە ۋەسىقىنى بۇ مۇزېيغا ھەدىيە قىلدى. 1907 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىكى روسىيە تۇرپاندا كونسۇلخانىسىدىكى تېببىي خادىم كېكونوۋسكى 11 پارچە ئۇيغۇرچە ۋەسىقىنى بۇ مۇزېيغا ھەدىيە قىلدى.

ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ يىغىملىرى ئاساسلىقى ئىككى تۈركۈم تەكشۈرۈشتىن كەلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى، ئوردېنبورگ يىغىملىرى ، ئۇ 1909 ـ 1910 ـ ۋە 1914 ـ 1915 ـ يىللىرى ئۇيغۇر دىيارىدا ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان، يەنە بىرى مالوف يىغىملىرى، ئۇ ئۇيغۇر دىيارىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1909 ـ 1911 ۋە 1913 ـ 1914 ـ يىللىرى ئىككى قېتىم كېلىپ تەكشۈرگەن. يەنە بىر پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى كوزلوف قاراخوتۇشەھرىنى قازغاندا بايقىغان.

روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئاساسلىقى بۇددا نومى ۋە نوم پارچىلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇلاردىن «ئالتۇن يارۇق» ، «كۇتۇۋسپارىسات نومى» ۋە «كۇئان شىم پۇسار» لار مۇكەممەللىرىدۇر. مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر نىسبەتەن ئاز، لېكىن سانكىت پېتىربورگدا «خۇئاستۇ ئانفت» (Xwāstwānīft) ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان. باشقا مانى يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ۋەسىقىنىڭ بىرى لوندوندا، يەنە بىرى بېرلىندا ساقلىنىۋاتىدۇ [10]. تۇرپاندىن تېپىلغان قانۇن ۋە ئىقتىسادقا دائىر 22 پارچە ۋەسىقىمۇ بۇ يىغما بويۇملار ئىچىدە قىممەتلىك بويۇم سۈپىتىدە سانىلىدۇ[11].

كېلىمىنتىزمۇ ئۇيغۇر دىيارىدىكى بۇددا غارلىرىدا قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقى بارلىقىنى بايقىغۇچىلارنىڭ بىرى. تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ كۆپىنچىسى موڭغۇلىيەنىڭ شەرقىي قىسمىدىن تارتىپ تاكى دوناي دەرياسى بويلىرىغىچە بولغان كەڭ دائىرىدىن بايقالغان. ئۇلارنىڭ دەۋرى مىلادى 5 ـ 6 ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنى باشقا مىللەتلەرمۇ ئىشلەتكەن. ياۋروپا رونىك يېزىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رونىك يېزىقىنىڭ مەنىسى

www.kitaphumar.com

ئوخشمايدۇ. مەڭگۈ تاشلار موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن ۋە يېنىسەي دەرياسى ۋادىلىرىدا باش كۆتۈرگەن تۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرى ۋە قىرغىزلارنى تەتقىق قىلىشتا تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى [12].

تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلارنى تۇنجى بولۇپ پولشالىق مىسسىيەر چىمىدىت بىلەن شېۋىتسارىيەلىك ستىرالېنبىرگلار يىتەكچىلىكىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1721-1722-يىللىرى سىبىرىيەدە بايقىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن يادرىنسېۋ مىلادىيە 1899-يىلى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدا مىلادى 8-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا تىكلەنگەن «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» بىلەن «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» نى بايقاپ قەدىمكى تۈرك –رونىك يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ئون يىلدا قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلار كۆپلەپ تېپىلىپ، قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقى ھەققىدىكى تەتقىقاتنى قەدىمكى تۈرك تىلشۇناسلىقى ساھەسىدە مۇستەقىل بىر ئىلىم ساھەسىگە ئايلاندۇردى[13].

ئۇيغۇر دىيارىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ئىچىدە تارىخي ئەسەر ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، بۇلار قەدىمكى تۈرك مەدەنىيتى بولۇپمۇ قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيەسى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كېلىمىنتىز دوكلاتىدا مۇنداق يازغان : «يارغول قەدىمي شەھىرى ئەتراپىدىكى كىشلەر ئۆي ئورنىدا ياسىغان غارلار بىلەن تام رەسىملىرى بولمىغان غارلاردىن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان بىغىشلىملارنى بايقىدۇق، گەجگە يېزىلغانلىغا ئوخشمايدىكەن. سۈرەتكە تارتىش ۋە ئىزلاش ئارقىلىق كۆچۈرىۋالدۇق. باشقا يەرلەردىن بۇ يېزىقتا يېزىلغان ئويما خەتلەرنى ئۇچراتمىدۇق. يارغول قەدىمى شەھىرى ئەتراپىدىكى غارلاردا مورتۇق مىڭئۆيىنىڭ 28-غارى [14]، سىڭگىم ئېغىزى ئەتراپىدىكى قىيالاردىن شۇنداقلا يەنە قاراغوجا دەرياسىنىڭ سول تەرەپ قىرغىقىدىكى جىلغىلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ[15]. باشقا بىر دوكلاتتا، كېلىمىنتىز يارغول قەدىمى شەھىرى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازغان : توختىلىپ 3-نومۇرلۇق غارنىڭ تېمىلاي بىلەن سۇۋۇۋىتىلىپتۇ، ئارىسىدا جىجاپ يېزىلغان ھەر خىل خەتلەر بار ئىكەن. قەدىمكى تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى بىغىشلىملارنى بايقاپ، بۇلارنى ئىزلاپ كۆچۈرىۋېلىش تەكلىپىنى بەردۇق. غارلاردا پۈتۈنلەي بۇزۇۋىتىلگەن تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئويما خەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىكەن. ئۇلارنى كۆچۈرىۋالدۇق»[16]. كېلىمىنتىز تارتقان سۈرەت ۋە ئىزلانما ئارقىلىق رادلوف بۇلاردىن تۆتىنى ئېلان قىلدى، ئەمما بۇ تۆت كۆچۈرۈلمىگە تايىنىپلا بۇلارنىڭ ئەسلى تېكىستىنى پەرقلەندۈرۈپ چىققىلى بولمايدۇ[17].

www.kitaphumar.com

كىزىلوف تۇرپاننىڭ شىمالىدىكى مەلۇم جايدىن تارتقان رونىك يېزىقىدىكى ئابىدە پائول پېللىئوت دۇنخۇاڭ غارىدىن رونىك يېزىقىدا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان چىچى-پىچاڭ خەتلەرنى بايقىغان، ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىقى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن. تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ، بۇ غارنىڭ 8-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قېزىلغانلىقىنى پەرەز قىلالايمىز [19].

1914-1915 يىللىرى ئوردېنبورگ تۇرپاندىن رونىك يېزىقى بار تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق بىر مىس ئەينەكنى بايقىدى. ئۇنىڭدا خەتلەر ھەم قىسقا ھەم ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغان بىر قىسمىدا «“......oaqyqyù ča......”»γyz......yuš(بۇنىڭ قەدىمكى تۈرك-رونىكچە ئوقۇلۇشى : ...ئاچ ئاقىقىز...ئوغۇش بولۇپ، (...پاراكەندىچىلىك چىقارغان ...قەۋملەر) دېگەن مەنىدە. بۇنىڭدىكى ئاچ –چىقارماق، ئاچماق، بويسۇندۇرماق دېگەن مەنىنى، ئاقىقىز- ئاقىدىغان، قالايمىقان، ئېقىتىدىغان دېگەن مەنىنى، ئوغۇش- قەبىلە، قەۋم، مىللەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. Aqyq (ئۆتۈش، كۆچۈش پاراكەندىچىلىك ۋە بىسەرەمجانلىق دېگەن مەنىدە) دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىشلىتىلىش يىل-دەۋرىگە قاراپ ئۇنى بۇددا دىنىغا دائىر خەت دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ[20].

شۇنى كۆرسىتىش كېرەككى، شىنجاڭدىن تېپىلغان رونىك يېزىقىدىكى شەكلى يېنىسەي ۋادىسىدىن تېپىلغان مەڭگۈتاشلارنىڭكىگە ئوخشائەمما ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ [21]. قىسقا خەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇددا دىنىغا دائىر مەزمۇنلار بار. تۈرك بۇددا دىنى تارقىتىش ئۆمىكى موڭغۇلىيە ۋە شىنجاڭدا مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇرۇنلا پائالىيەتلىرىنى باشلاپ بولغان. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى 4-5 ئەسىرلەردە، غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەردە بۇددىزىم خېلىلا گۈللەنگەن[22]. تۈرك خانلىقىغا دائىر تۇنجى مەڭگۈ تاش مىلادى مىلادىيە 582-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە ھاكىمىيەت تۇتقان تاسپار قاغان (Qaghan Tasper , 581～752يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە تىكلەنگەن بۇگۇت مەڭگۈ تېشى بولۇپ، ئۇنىڭ سوغدىچە يېزىلغان بۆلۈكىدە بۇددا دىنى ئۆمىكى دېگەن مەنىدىكى «بىر توپ (Sangha) راھىب» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ[23].

تۈركلەر بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە، ئۇلار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىن كۈچلۈك بىر خانلىققا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ دىنى تۇرمۇشىمۇ مىلادى 6-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىنىڭ دەسلىپىدە ناھايىتى مۇرەككەپلىشىپ كەتتى. ئۇلار دەسلەپ قۇياش، زېمىن، ئەجدادلىرى ۋە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئاسىيادا كۆپ خىل دىنىنىڭ بولۇپمۇ بۇددا دىنىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 1- تۈرك خانلىقى (551 560-يىللار) دەۋرىدىلا،

www.kitaphumar.com

هۆكۈمرانلار بۇنداق چوڭ ئىمپېرىيەنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن ھەربى ۋاستىلەردىن باشقا، يەنە ئىدىيە ساھەسىدىكى ئامىللارغا مۇھتاج بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ئۇيغۇر دىيارى ۋە شەرقى ئاسىيادا كەڭ تارقىلىۋاتقان بۇددا دىنى تۈرك خانلىرىنىڭ نەزىرىدە بىر خىل ئومۇملاشقان دىن شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئويۇشۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ھەمدە كۈچلۈك ئىمپېرىيەنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ دەپ قارالغان ئىدى. بۇ جەريان 581-يىلى خانلىقتا سىياسىي كرىزىس كۆرۈلۈش ۋە ھاكىمىيەتنىڭ غۇلاپ كېتىشى بىلەن ئاياقلاشتى.

مۇقان قاغان (Qaghan Mukhan, 553～572 يىللار ) دەۋرىدە، تۈركلەر بۇددا دىنى بىلەن ئانچە-مۇنچە ئۇچراشتى، ئەمما بۇددا دىنىنىڭ تۈركلەرگە ھەقىقى تەسىر كۆرسىتىشى تاسبار قاغان دەۋرىدىن باشلاندى. تاسبار قاغان بۇددا دىنىنىڭ تۈركلەرگە تارقىلىشىغا ئەڭ پايدىلىق پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاقسۆڭەكلەر ۋە مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەت تۇتقان دەۋردە، بىر قىسىم بۇددا دىنى دەستۇرلىرى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. گابائىن خانىم ئەينى ۋاقىتتا بۇددا دىنى دەستۇرلىرىنى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا سوغدىلار ياردەم بەرگەن دەپ قارايدۇ[24]. بۇددا دىنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگىمۇ خېلى بۇرۇنلا تارقالغان. 628-629 يىللىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار قەبىلىسىدە «بۇتساتۇۋا» دېيىلىدىغان ئاتامان بارلىقى كەلگەن[25]. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلىپىدە بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان ھەمدە ئەنئەنە بولۇپ كېلىۋاتقان شامان دىنى بىلەن تەڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل ئەھۋال بۆگۈ قاغان ملادى 762-763 -يىللىرى مانى دىنىنى ئۇيغۇرلارغا تارقاتقۇچە داۋاملاشقان [26]. 2-تۈرك خانلىقى مەزگىلىدە (ملادى 687-يىلى)[27] بۇددا دىنى گۈللىنىش ھالىتىدە تۇرغان. ئەمما ملادى 8-ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە ئىككىنچى ئون يىلىنىڭ بېشىدا ئاجىزلىشىپ كەتكەن [28] ئەمما بۇددا دىنى تارقىتىش ئۆمەكلىرىنىڭ تۈركلەر ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرغىنىغا گەپ كەتمەيدۇ. شەرقى موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان بىر تەڭگىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت چۈشۈرۈلگەن رونىك يېزىقى بۇ نوقتىنى ئىسپاتلايدۇ [29]. بۇ يېزىق 7-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 8-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغاندەك قىلىدۇ. ھازىرغىچە تۈرك-رونىك يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلىش دەۋرىنى 6-ئەسىرگە ياكى 7-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا سۈرۈۋشكە بولىدىغان ھېچقانداق بىر ئىسپاتقا ئېرىشەلمىدۇق. 763-يىلىدىن كېيىن، بۇددا دىنى ئۇيغۇر خانلىقىدا شۇنداقلا موڭغۇل ئېگىزلىكىدە ئۆز كۈچىدىن قالغان[30].

www.kitaphumar.com

10 ــئەسىرگە كەلگەندە، بۇددا دىنى ئۇيغۇر دىيارى ۋە دۇنخۇاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېتەكچى دىنغا ئايلاندى ھەمدە شىمالدىكى تۈركىي مىللەت تىللىق قەبىلىلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولدى[31].دەلىل ـ ئىسپاتلار كۇماق (Kimaks) [32] ۋە قىرغىزلار [33] رايونىدا كۆپلىگەن بۇددا دىنى مۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يېنىسەي قىرغىزلىرىنىڭ جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەربىي تەسىرى ئۇخشىمىغان ماتېرىياللاردا خاتىرلەنگەن. ئەمما بۇنداق خاتىرىلەر بەك چۇۋالچاق بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈشىنى پەيدا قىلالمىغان[34].مۇنداقچە ئېيتقاندا، موڭغۇل ئېگىزلىكىنىڭ غەربىدىكى يېنىسەي ۋادىسىدىن بايقالغان رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئەمەس [35]. يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ يىل ـ دەۋرىنىڭ كېيىنرەك ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ 11 ـ 9 ئەسىرلەر ئارىلىقىدا، تۇرپان بوستانلىقىدا شۇنداقلا دۇنخۇاڭ ئەتراپلىرىدا تۈركىي تىللىق بۇددا دىنى گۇرۇھلىرى بارلىقىغا، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار بولماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ شىمالى ۋە شەرقى شىمالىدىكى ئولتۇراقلاشقان قوشنىلىرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

ئۇيغۇر دىيارى ۋە دۇنخۇاڭدىن ئاز مىقداردا رونىك يېزىقىدىكى بىغىشلىمىلارمۇ تېپىلدى. مۇشۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەرنى ئەڭ دەسلەپ گرۇنۋېدىل باشچىلىقىدىكى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى 1902 ـيىلى قارا غوجا قەدىمىي شەھىرىنى تەكشۈرگەن ۋاقتىدا بايقىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي لېكوك ئۇنى يېشىپ ئوقۇپ ئېلان قىلغان[36]. 1905 ـ 1906 ـيىللىرى، لېكوك ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى يەنە رونىك يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىغا ئائىت كىتابلارنىڭ پارچىلىرىنى تاپتى. ئەينى ۋاقىتتا، قارا غوجا قەدىمىي شەھىرىنىڭ 1.5 كىلومېتىر شەرقىدىكى يىراقلىقتىكى تۇيۇق دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى مىڭئۆينى قازغاندا رونىك يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە كىتابنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان[37].

1909 ـيىلى، ئوردىبورگ قاراغوجىدىكى دېھقانلاردىن رونىك يېزىقىدىكى كىتابنىڭ كىچىك پارچىسىنى سېتىۋالغان (بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بەتتە ئانچە ياخشى ساقلانمىغان 6 قۇر خەت بار ئىكەن). بۇ كىتابنى كېيىن رادلوف نەشىر قىلدۇرغان. بۇنىڭ يىرتىلىپ كەتكەن قىسمىنىڭ مەزمۇنلىرى چۈشەندۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىغان، ئەمما ئۇنىڭدا تۈركلەرنىڭ ئون ئىككى مۆچەلى خاتىرلەنگەنلىكى ئېنىق بولۇپ،ئۇنىڭدا «يىلان يىلى» دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ[38].

ئەڭ كېيىن بايقالغان رونىك يېزىقى بىلەن يېزىلغان يازمىنى سېتەيىن 3 ـقېتىملىق قېتىملىق يەنى (1913～1916يىللىرى بولغان) ئۇيغۇردىيارىدا بولغاندا بايقىغان[39].

مۇكەممەل بولمىغان ھەم يېرتىلىپ كەتكەن بۇ پارچىدا، رونىك يېزىقى قىزىل ۋە قارا رەڭدە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ سول بۆلەكتە 15 قۇر ۋە ئوڭ بۆلەكتە باش قۇر ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭدا ئالپ سىينقۇر تېكىننىڭ (Tegin-Synkur Alp) مانى دىنىغا بەيئەت قىلىش جەريانى بايان قىلىنغان. ئۇ بۇ ھېكايىدە ošaqγni دېيىلگەن ، بۇ ‹ئاڭلىغۇچى› دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ مانى دىنىدا دەرىجىسى ئەڭ تۆۋەنلەر ئىكەن.

تۇرپاندىن تېپىلغان سوغدىچە ۋە ئۇيغۇرچە بىر نەچچە پارچەيازمىلاردىكى خەت ۋە رونىك يېزىقىدىكى خەت قىستۇرۇلغان. لېكوكنىڭ قارىشىچە، بىر پارچە مانى دىنىغا دائىر كىتابتا «تۈرك -رونىك يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئاددى تۈرك تىلى خاتىرلەنگەن»دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان [40]. سوغدى يېزىقى بىلەن يېزىغان مانى دىنىدىكى بۇ كىتابنى لېكوك ئېلان قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچىدا "...re "bitidim دېگەن ئىككى سۆز ساقلىنىپ قېلىنغان. بۇنىڭ مەنىسى قەدىمكى تۈرك-رونىكچە ئوقۇلۇشى ئەر بىتىدىم بولۇپ، (...دەپ يازدىم) دېگەن مەنىدە ئىكەن [41].

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «سەككىز يۇكمەك» (yukmak sekiz) نومىنىڭ لوندوندا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ ئارقا يۈزىدە رونىك يېزىقى بىلەن يېزىلغان بىغىشلىما بار. بۇ بىغىشلىما ئىككى سۆزدىن (12 ھەرپ بەلگىسى) تەركىب تاپقان[42]. 2-سۆزنىڭ 1- ھەرپى ئوچۇق ئەمەس. ۋىلھېلىم باڭ ھەمكارلاشقۇچىسى بىلەن 1- سۆزنى kürüg (تەكشۈرۈش ، چارلاش دېگەن مەنىدە) دەپ ئىزاھلىغان. لېكىن ئۇنى 2- سۆز بىلەن قوشۇپ تۇرۇپ يېشەلمىگەن. بىرنىشتىيام بۇنى "gürük "bitidim دەپ ئوقۇغان. [43]. بۇ ئەڭ مۇۋاپىق بولغان ئوقۇشتۇر. بۇ ۋەسىقىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ۋىلھېلىم باڭ تاۋۇش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىپ ئۇنى 11 ـ12 ئەسىرلەرگە تەئەللۇق دەپ پەرەز قىلدى. ئەمما رونىك يېزىقىدىكى بىغىشلىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بۇ خىل قاراشقا نىسبەتەن گۇمان پەيدا قىلىدۇ، لوندون نۇسخىسىنىڭ 10-ئەسىردىن كېيىنلىكىنى ھەققىدىكى ئېھتىماللىق ئىنتايىن تۆۋەن [44].

گېرمانىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى تۇرپاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر ھۆججەتنى بايقىغان، ئۇنىڭ ئارقا يۈزى رونىك يېزىقىدىكى يەتتە قۇر مۇكەممەل بولمىغان خەت بار. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇ ھۆججەتنى پېتېر زىمېي بىلەن سېرجى تېزكان ئېلان قىلدى. ئەمما ئۇلار قوپال ھەم رەتسىز يېزىلغان رونىك يېزىقنى ئوقۇيالمىغان. بۇنى كىلاۋسون ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «ئۇمۇچۇك پۈتىدەك يېزىلغان رونىك يېزىقىدىكى خەت» دەپ نام

www.kitaphumar.com

بەردى. بـۇ رونـك يېزىقىنـىڭ كېيىنكـى ۋاقىـتلاردا چېكىـنىش ھالىتـىدە تۇرغانلىقىنـىڭ ئىسپاتىدۇر.

سېتەيىن ئۈيغۇردىيارىنى 2-قېتىم قېتىم تەكشۈرۈشكە كەلگەندە (1906~1908 يىللىرى ) دۇنخۇاڭ ۋە مىرەندىن رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىنى تاپقان. ئۇ 12 پارچە پارچە-پۇرات يازما بىلەن بىر پارچە مۇكەممەل ساقلانغان يازمىنى بايقىغان. ستەيىننىڭ تەكلىپى بىـلەن ۋىلىيام تومسۇن بۇنى ناھايىتى ئىنچىكە تەتقىق قىلدى ۋە يەشتى[45]. پېللىئوتمۇ دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ غارىدىن رونىك يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىنىڭ پارچىسىنى تاپقان(ئۇنىڭ رەت نومۇرى PT2132 )[46].

قەغەزگە يېزىلغان بارلىق رونىك يېزىقـىدىكىپۈتۈكلەر ئىچىـدە، دۇنخۇاڭـدىن تېپىلغـان كىتابچە كۆرۈنەرلىكرەك بولۇپ، ئۇ 29 ۋاراق قەغەزنى قاتلاش ۋە چاپلاش ئارقىلىق ياسالغان، ئۇنـىڭ ھەجمـى 13. 2×8 سـانتىمېتىر، 104 قـۇر خەت بـار بولـۇپ، 65 خـىل چۈشـكە تەبىـر بېرىلگەن. كەينىدە خاتىمىسى بـار، قىزىـل مـوي قەلەم بىـلەن يېزىلغـان ، ئاخىرىغا يەنە قـارا سـىياھتا خەنـزۇچە يېزىلغـان بـۇددا نـوملىرى قوشـۇمچە قىلىنغـان[47]. بـۇ ۋەسـىقىگە تېمـا قويۇلمىغـان. ئەمما خاتىمىسـىگە بـۇ كىتابنىـڭ نـامى ھەققىـدە «ïrk ub“ bitig”» ( بـۇ ئىـرق بىتىگ) دەپ توختالغان ، ئۇنىڭ مەنىسى «پالنامە» دېگەنلىكتـۇر. شـۇنىڭ بىـلەن ۋەسـىقىگە «ئىرق بىتىـگ» (bitig Ïrk)دەپ نام بېرىلگەن[48].

«ئىـرىـق بىتـىـگ» قەدىمكـى تـۈرك تىلـىدىكى چۈشـىنىش تەس بولغـان پۈتـۈك بولـۇپ ھېسـابلىنىدۇ. ئۇنـىڭ تومسـۇن رەتـلەپ چىققـان نۇسخىسـى ھـازىرغىچە كەڭ قوللىنىلغـان نۇسخىسىدۇر. تومسۇن ئەسلى تېكىستىنىڭ ترانسكرىپسىيەسـى، تەرجىمىسـى، يەشـمىلىرىنى ئىشلەپ چىقىش بىلەن بىرگە مۇئەييەن دەرىجىدە ئەسلى نۇسـخىدىكى شـەكىللەرنى سـاقلاپ قالغان. كېيىن، بۇ پۈتۈكنىڭ يېڭى ترانسكرىپسىيەسـى بارلىققا كەلـگەن بولسـىمۇ، ئۇنـىڭ ترانسكرىپسىيەسى تومسۇن رەتلىگەن نۇسخا بىلەن بىردەكئە ئەمەس[49]. بەزى جايلىرىغا پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارىغان [50]. كىشىلەر بۇ پۈتۈكنى رەتلەش جەريانىدا قانچىلىك كـۈچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ھـازىرغىچە 65 خـىل چۈش تەبىرىـدەئېنىقلىيالمىغان يەرلىرى بـار. بارلىق تەرجىملىرى ۋاقىتلىق تەرجىمە دەپ قارالماقتا.

تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ پۈتۈك ئورقۇن مەدەنىيى ئەنئەنىسىگە يېقىن، بۇلار شامان دىنىدىن ئىبارەت ئورتاق دىنىي ئېتىقاد بىرلىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ( بۇ ھەققتە مالوفمۇ مۇشۇنداق قاراشنى ياقلىغان)، بەلكى يەنە تىل، ئۇسلۇپ ۋە قورۇلما ئالاھىدىلىكى (قەبىلىلەر قۇرۇلمىسىنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مومكىن) جەھەتلەردىمۇ بىردەكلىككە ئىگە دەپ قارايدۇ. گابائىن خانىم

www.kitaphumar.com

بۇپۇتۇكتە ئەكس ئەتكەن مەزمۇنلار مانى ۋە خرىستىئان دىنلىرى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن [51]، سىتەيبلوۋا بۇ ھەقتە توختىلىپ بۇنىڭدا مانى دىنىدىكى ياخشى بىلەن رەزىللىك ھەققىدىكى ئىدىيەنىڭ تەسىرىمۇ بار دەپ كۆرسەتكەن[52]. جامىس خامىلتوننىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلارنىڭ ئەكسىچە بولۇپ،«ئىرق بىتىگ» نىڭ پۈتۈلۈشى بىر مەھەل شىنجاڭدا كەڭ تارقالغان تۆبۆت پالنامىچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، تۆبۆت پالنامىچىلىكى ئۆز نۆۋىتىدە ھىندىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارىغان[53]. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىرق بىتىگ» تۈرك جەمئىيىتىدە كەڭ تارقالغان پالشۇناسلىقتا دائىر قاراشلار شۇنداقلا يەنە شۇ چاغدا كىشىلەر ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇجەسسەملەنگەن قىلغان بولۇپ، ئۇمۇئەييەن دەرىجىدە ئاددى خەلقنىڭ ئېتىقادىنىئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

«ئىرق بىتىگ» دىكى پاللارغا تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دىنىي ئۆچۈن كۈرەش قىلىش» ئىدىيەسى سىڭدۈرۈلگەن. تۈرك-ئۇيغۇر ھۆكۈمرانلار ئەسلىدە شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. مانى دىنىي سىرتتىن كىرگەن دىن ھېسابلىنىپ ،شامان دىنىنىڭ كۈشەندىسى ئىدى. مانى دىنىنىڭ تۈپكى ئەقىدىسى ۋە قارىشى ئىككى مەنبە ۋە ئۈچ زامان تەلىماتىدىن ئىبارەت. ئىككى مەنبە دۇنيانىڭ ئىككىلىكى ھەققىدىكى تەلىماتنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىك، ئۈچ زامان بولسا دۇنيا تەرەققىياتىدىكى ئۈچ باسقۇچنى يەنى ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى زامانىنى كۆرسىتەتتى، بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا شامان ئىلاھلىرى تۇراتتى. قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئىككى مەنبە ۋە ئۈچزامان تەلىماتى ئىككى يىلتىز (jyltyz iki) ۋە ئۈچ ئۆد (üčöd) سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«ئىرق بىتىگ» دە مانى دىنىنىڭ تەسىرى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، شۇڭا بۇنى ئۆرپ-ئادەتكە دائىر ئەسەر تۈرىگە ئايرىشقا بولىدۇ. گەرچە بۇ ئەسەر مانى دىنى ئىبادەتخانىسىدا بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ياكى مانى يېزىقلىرىدا خاتىرىلەنمەستىن، بەلكى رونىك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەنلىكىگە قاراپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا مانى دىنىنىڭ خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ يېزىلغان ۋاقتى 10-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى، توغرىراق ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى تەخمىنەن 930-يىلى ياكى 942-يىلى بولۇشى مومكىن. بازىنبۇ كۆز قاراشنى ياقىلايدۇ[54]

قوچۇ ئۇيغۇر بۇددىستلىرى تاكى يۈەن دەۋرىگىچە بولغان ئارلىقتا كۈچلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇرۇنقى ئەقىدە-ئېتىقاد ۋە كۆز-قاراشلارمۇ ئويغىنىش ھالىتىدە تۇرغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭى ياشاش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشى، ئوخشىمىغان مىللەت،

www.kitaphumar.com

مەدەنىيەتلەر شەھەر ۋە ئاھالىلەر ئارا يۇغۇرۇلۇشى مانا مۇشۇنداق تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز-ئارا ئالمىشىش ۋە سىڭىشىشتەك بۇ خىل ھادىسە دۇنخۇاڭ موگاۋ غارلىرىدىكى تۈرك-رونىك يېزىقىدا يېزىلغان ۋەسىقىلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ ۋەسىقىلەرنى ستەيىن ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ ھازىر بۈيۈك برىتانىيە كۇتۇپخانىسىدا Or. 8212 (78) ۋە Or. 8212 (79)نومۇر بىلەن ساقلانماقتا[55]. بۇ ئاساسلىقى 7 پارچە ۋەسىقىنىڭ كەمتۈك پارچىلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ،8- 10 ئەسىرلەردىكى جۇڭگوچە ھۆكۈمەت ۋەسىقىلەردىكى ھۆججەتلەرنىڭ 30～28 سانتىمېتىرلىق ئۆلچەمدە ساقلىنىپ قالغان[56]. بۇ ۋەسىقىنىڭ ئۈك يۈزىگە خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان، بۇ خىل ھادىسگە تۈرك -رونىڭ يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرى يېشىپ ئوقۇغان ئالىم تومسۇن ئېتىبارسىز قارىغان. چۈنكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭدا ھەر بىر ۋەسىقىنىڭ كەينى يۈزىنىڭ فوتو نۇسخىسلا بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ساقلانغان نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى دىنغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان[57]. خاملتون ۋە بازىنلار بۇ ۋەسىقىنى قايتا تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، ئۇنىڭ ئۈك يۈزىدىكى خەتلەرنىڭ يىل-دەۋرىنى تۈڭ گۇاڭنىڭ 3-يىلى (925-يىلى) 12-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا گو زوڭتاۋ تاڭ جۇاڭزوڭ (926-923 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان [58]) نىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئورۇندالغان مەلۇماتنامە دەپ قارىغان. كېيىنكى يىلى 1-ئايدا گو زوڭتاۋ ئۆلتۈرۈلگەن[59]. 926-يىلى [60] تاڭ جۇاڭزوڭ ئۆلگەن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، خانلىق ئارخىپلىرى مەھكىمىدىن شاجۇغا (دۇنخۇاڭ) بېرىپ قالغان بولۇشى كىرەكسىز نەرسە قاتارىدا قايتا پايدىلىنىلىشقا باشلىغان بولۇشى مومكىن. تۈرك رونىك يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىنىڭ يىل-دەۋرى 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى [61] ياكى كېيىنكى يىرىمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ[62].

ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى رونىك يېزىقىدىكى بۇ ۋەسىقىلەرنى تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھېكمەتنامە توپلىمى ئىكەنلىكىنى بىردەك كۆرسىتىپ بەردى[63](بۇنىڭدىن كېيىنكى ھېكمەتلىك سۆزلەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1070-يىلى يېزىپ قالدۇرغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە كۆرۈلىدۇ) . بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىشى تۈركلەر تارىخى ھەققىدە ئېنىق ھۆكۈملەرنى چىقىرىشقا تولۇق ئاساس بولالمىسىمۇ، بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەردىن تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ سايىسى كۆچمەن مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ قەغەز يۈزىگە ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۈرك -رونىك يېزىقىدا يېزىلغان ئىككى پارچە ھۆججەت بولۇپ، بۇنىڭ بىرى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىن ، يەنە بىرى مىرەن قەدىمي شەھىرىدىن تېپىلغان.

www.kitaphumar.com

دۇنخۇاڭدىن تېپىلغىنىدا ئۆتكەن-كەچكەن ئەسكەرلەرنى قوي ۋە ھاراق بىلەن تەمىنلەش ھەققىدىكى ھېسابات خاتىرلەنگەن ئۇنىڭ يىل-دەۋرى[64] 9-ئەسىردىن 10-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان دەۋرلەرگە توغرا كېلىدىكەن.بۇ ۋەسىقىدىن ئەينى ۋاقىتتا 30 ئادەمنىڭ ھەر بىرىگە ھەر كۈنى بىر قوي ۋە بىر تۇڭ ھاراق بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىغا باھاتۇر چىگشى (chigshi Baghatur) نىڭ ئىمزاسىمۇ بېرىلگەن[65]. بۇ ۋەسىقىدىكى سۆزلۈك تاۋۇشلارنىڭ كۆپرەك چۈشۈپ قېلىشىدەك ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قارىغاندا ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

مىرەندىن تېپىلغىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئېھتىياجىغا دائىر بولۇپ، ئۇ ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان. مىرەن تارىم ئويمانلىقىدىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان ئۆتۈشمىسىگە جايلاشقان بولۇپ، 9-ئەسىردە خاراب بولغان. ستەيىن بۇ ۋەسىقىدىن مىرەنگە بارىدىغان ئۆتۈشمە يولنى تۈيۈقسىز بايقىغاندىن كېيىن، دۇنخۇاڭ بىلەن كۆسەننى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان[66]. ئۇنىڭ بۇ خىل پەرىزىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. بۇ ۋەسىقىنىڭ يىل-دەۋرىنى شۆبھىسىزكى 8-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 9-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە توغرا كېلىدىكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋەسىقىدە توققۇز ئوغۇزلار، بايىرقۇ ۋە قۇرابىرلار تىلغا ئېلىنغان[67] ، شۇنداقلا يەنە ئاتلارنىڭ مال ئورنىدا ئالماشتۇرۇلىدىغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قوشۇنىنىڭ قورال-ياراقلىرىدىن ساۋۇت، دۇبۇلغا، قىلىچ شۇنداقلا ئاتلار تەقسىملىنىشى خاتىرلەنگەن.

شىنجاڭ ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان تۈرك-رونىك يېزىقىدىكىدەك ئاتاقلىقلىرى يۇقارقىلاردىن ئىبارەت. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇلار قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە ئىنتايىن ئاز نىسبەتنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ۋەسىقە ۋە نەرسىلەرنىڭ ماددى بويۇملارنىڭ بايقىلىشى تۈرك -رونىك يېزىقىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ناھايىتى كەڭ ۋە كۆپ تەرەپلىمە قوللىنىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ يەنە دىن، جامائەت ئىشلىرى، لەشكىرىي ئىشلار ھەتتا ئۆزگىچە خەلق ئەپسانىلىرى ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتلەرنى خاتىرلەشكە ئىشلىتەلىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ يۇقارقىدەك ساھەلەردە ئىشلىتىلىشى تۈرك-رونىك يېزىقىدىنخېلىلا كېيىن بولۇپ، 11-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن ئاشمايدۇ. ئۇيغۇر دىيارى ۋە دۇنخۇاڭدا تۈرك-رونىك يېزىقى يالغۇز مەڭگۈ تاشلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى يەنە كىتاب شەكلىدىكى پۈتۈكلەردىمۇ كەڭ ئىشلىتىلگەن. تۈرك -رونىك يېزىقىنىڭ ناھايىتى قائىدىلىك بولغانلىقى ، قەغەزگە يېزىشقىمۇ ماس كەلمەيدىغانلىقى ھەم دەۋرنىڭ ئۆتۈشىگە

www.kitaphumar.com

ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئۇ يەنە كېلىپ تىز يازما شەكىل بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئاخىرى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىشتەك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويغان[68]. 10 ـ 11 ـ ئەسىرلەردە قەشقەردە رونىك يېزىقى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ مەدەنىيەت ساھەسىدە ئانچە ئىشلىتىلمىگەچكە قەشقەردە بارلىققا كەلگەن ئىككى بۈيۈك نامايەندە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» نـاملىق ئەسەرلىرىدىمۇ بـۇ يېزىـق تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت 13 ـ ئەسىردە ياشىغان پارس تارىخشۇناسى ئەلالىدىن ئەتا مالىك جۇۋاينى موڭغۇلىيەنىڭ شىمالىدىكى ئورقۇن ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاستانىسى ــ ئوردۇ بالىق (ھازىرقى قارابالغاسۇن قەدىمى خارابىسى) شەھىرى ھەققىدە توختالغاندا، كىشىلەر ئۇچرىيالمىغان مەڭگۈ تاشلارنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، بۇ تۈرك رونىك، خەنزۇ ۋە سوغدى يېزىقلىرىدا يېزىلغان «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» ئىدى[69]. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەزى شامانلار (Kams) مەڭگۈ تاشلاردىكى خەتلەرنى تېكىستلەرنى مۆۋەپپىقىيەتلىك ئوقۇپ چىققان. ئەمما جۇۋەينى خاتىرىلىگەن بۇ ۋەقەلىك بىلەن ئادەتتىكى باشقا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ قىلچىلىك ئورتاقلىقى يوق.

تۈرك ـ رونىك يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشلىتىلىش تارىخى ئۈچ يىرىم ئەسىردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئەمما، بۇ ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا، تۈركلەر مەدەنىيەتنى خاتىرىلەش تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان، شۇڭا، تۈرك ــرونىك رونىك يېزىقىنىڭ رولىغا قانداق باھا بەرسەك ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :

[1] روبرووۋىسكىي : «1893 ـ 1895 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدىن دەسلەپكى دوكلات»، «روسىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» ، 1989 ـ يىللىق 34 ـ سان، 12 ـ بەت.

[2] [4] [9] رادلوف : «تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، «1898 ـ يىلى سانكىت پېتىربورگ خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپانغا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق مەجمۇئەنىڭ 1 ـ سانىغا بېسىلغان، سانكىت پېتىربورگ، 1899 ـ يىلى، 55 ـ 56،57،85 ـ بەتلەر.

www.kitaphumar.com

[3] [5] [8] ئوردېنبـورگ : «1898-يىلـى كېلمىنتىـز ئېكسپېدىتسـىيە ئەترىتىنىـڭ تۇرپاندىكى ئىلمى تەكشۈرۈشى»، «روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى خانلىق جۇغراپىيە ئىلمى جەمئىيىتـى سـىبىرىيە شۆبىسـىنىڭ ئىلمـي مەجمۇئەسـى» نىـڭ 45-سـانىغا بېسـىلغان، ئىركۇتسك،1917-يىلى، 219،223، 231،220-بەتلەر.

[6] كېلمىنتىز: ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى پوپوفنىڭ «كېلمىنتىزنىڭ ھاياتى پائالىيىتى» ناملىق كىتاب ۋە «كېلمىنتىزنىڭ ئەسلىمىسى» دىن كۆرۈڭ، لېنىنگراد، 1925-يىلى نەشرى،7، 63-بەتلەر.

[7] كېلمىنتىز : «تۇرپـان ۋە قەدىمكى ۋەسـىقىلەر»،«1898-يىلى سـانكىت پېتېربـورگ خانلىق پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ساقلىنىۋاتقان تۇرپانغا دائىـر ماتېرىيـاللار»1-سـان، سـانكىت پېتېربورگ، 1899-يىلى نەشرى ،1 53-بەتلەر.

[10] پېتېربورگدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ ساقلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كۆرۈڭ؛ ساموىلوۋىچ : «روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسىيا مۇزېيى» (1818 ــ1918يىللار)، پېترگراد، 1920-يىلـى، 34-37-بەتـلەر، ساموىلوۋىچ ۋە دىمترىي: «روسـىيە پەنـلەر ئاكادېمىيەسـى شەرقشۇناسـلىق تەتقىقـات ئورنـىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغـۇر يېزىقـىدىكى ۋەسـىقىلەر»،«شـەرق دۆلەتلـىرى ۋە خەلقلـىرى»، 1969-يىللىق 8-سان،222 ـ228-بەتلەر؛ كلياشتورنىي : «سوۋېت ئىتتىپاقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، 1970-يىلى، ئالمۇتا، 54-56-بەتلەر؛ ناسلوف : «روسىيە شەرقشۇناسلىق ئىلىم ساھەسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «تۈرك تىلى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» 1970-يىللىق سانى ، 1970-يىلى، موسـكۋا، 93-110-بەتلەر.

[11] رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ (Arat .R) مۆلچەرىچە، دۇنيانىـڭ ھەر قايىسـى جايلىرىـدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قانۇن ۋە ئېلىم-بېرىمغا دائىر ۋەسـىقە 400 پارچىغـا يېتىدىكەن. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى رەشىد رەھمەتى ئاراتنىڭ (Arat .R) « تۈرك يېزىقىدىكى ھوقۇق-ۋەسىقىلىرى» (بۇ ماقالە «تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1-سانىغا بېسىلغان، 1964-يىلـى ، ئەنـقەرە، 38-بەت) نـاملىق ماقالىسـىگە مـۇراجەت قىلىـڭ. بـۇ ۋەسـىقىلەردىن بەزىلىرىنىڭ 11-10-ئەسىرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنماقتا، ئەمما كېلارك بىلەن پېتېـر زىمېـي ئىـنچىكە تەتقىـق قىلـىش ئـارقىلىق بـۇ ۋەسـىقىلەرنىڭ ھەممىسـىنىڭ 14-13-ئەسىرلەردىكى موڭغۇللار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ھەققىدە خۇلاسە چىقارغان.

www.kitaphumar.com

[12] كىلياشتورنىي : «قەدىمكى تۈرك رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ــ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى توغرىسىدىكى ئەسلى ماتېرىياللار»، موسكۋا، 1964 ـ يىلى نەشرى،44 ـ 70 ـ بەتلەر؛ كونونوف : «9 ـ 7 ـ ئەسىرلەردىكى تۈرك ـ رونىك يېزىقى گراماتىكىسى»، موسكۋا، 1980 ـ يىلى نەشرى، 14 ـ 22 ـ بەتلەر.

[13] كىلياشتورنى، لىفشىز : «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى»، «موڭغۇلىيە ئارخېئولوگىيەسى ۋە ئېرىقشۇناسلىقى» ، 1978 ـ يىلى نەشرى، سىبىرىيە، 60 ـ 37 ـ بەتلەر؛ كىلياشتورنى : «قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ــ 1968 ـ 1969 ـ يىللىرى موڭغۇلىيەدىكى دالا تەكشۈرۈش تىمىسالىدا»، «تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1972 ـ يىللىق تويلام، موسكۋا، 1973 ـ يىلى، 254 ـ 264 ـ بەتلەر؛ كونونوۋفنىڭ كىتابىنىڭ 13 ـ 7 ـ بەتلىرى؛ ۋاسلىيېۋ : «ئاسىيادىكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى پۈتۈكلەر» ، «سوۋېت تۈركلوگىيەسى» ژورنىلىنى، 1976 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 71 ـ 81،92 ـ 98 ـ بەتلەر؛

[14] تەرجىماندىن قىستۇرما : مورتۇق مىڭئۆيىنىڭ 28 ـ غارى بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 4 ـ غارىنى كۆرسىتىدۇ.

[15] روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىكى شەرقشۇناسلار ئارخىپ ئومۇمىي نومۇرى28 ، مۇندەرىجە نومۇرى 1ۋە 126 ـ ۋەسىقە ؛ كىلمىنتىز : «شىنجاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ مەدەنىيەت ھالىتى ۋە سان ـ سېپىر قىسقىچە مەلۇماتى»، 52 ـ بېتى، بۇ ھەققتە يەنە كىلمىنتىزنىڭ كىتابىنىڭ 47 ـ بېتىگە قاراڭ.

[16] روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىدىكى شەرقشۇناسلار ئارخىپ ئومۇمىي نومۇر28 ، مۇندەرىجە نومۇرى1، ۋە 137 ـ ۋەسىقە ، كىلمىنتىز : «1898 ـ يىلئىكسپېدىتسىيە ئەترىتى تۇرپان قەدىمىي شەھىرى ۋە مىڭئۆيلىرىدىن بايقىغان ۋەسىقىلەر»، 3 ـ 5 ـ بەتلەر.

[17] تەرجىماندىن قىستۇرما : يارغول قەدىمىي شەھىرى مىڭئۆيىنىڭ 3 ـ غارىدا قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدا يېزىلغان بىغىشلىما بار. فېڭ جىياشېڭمۇ بۇلارنىتەتقىق قىلغان. «1960 ـ يىلى تۇرپاندا يېڭىدىن بايقالغان قەدىمكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ، «تارىخشۇناسلىق» ژورنىلى، 1963 ـ يىللىق 3 ـ سان ، 145 156 ـ بەتلەر.

[18] تەرجىماندىن قىستۇرما : پائول پېللىئوت نومۇر سالغان 8 ـ غار دۇنخۇاڭ تەتقىقات ئاكادېمىيەسى نومۇر سالغان 146 ـ غارنى كۆرسىتىدۇ.

www.kitaphumar.com

[19] پائول پېللىئوت : «دۇنخۇاڭ غارلىرىنىڭ رەسىملىك توپلىمى»،1-توپلام، پارىژ، 1920-يىلى، 18-رەسىم.
[20] [21] كىلياشتورنى، لىسىنچىك: «شىنجاڭدىن تېپىلغان تۈرك- رونىك يېزىقى چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ»، «سانكىت-پېتىربورگ مۇزېي دوكلاتى» ، 39-سان ، لېنىنگراد، 1974-يىلى نەشرى، 45 -48-بەتلەر.
[22] كىلياشتورنىي: « تۈرك -رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار— ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ھەققىدىكى ئەسلى ماتېرىياللار»، موسكۋا، 1964-يىلى نەشرى، 106-114- بەتلەر.
[23] كىلياشتورنى ، لىفشىز : «بۇگۇتتىن تېپىلغان سوغدى تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلار»، «شەرق دۆلەتلىرى ۋە خەلقلىرى» 10-سان، 140-بەت . 1971-يىلى، موسكۋا؛ كىلياشتورنى ، لىفشىز : «بۇگۇتتىن تېپىلغان سوغدى تىلىدىكى مەڭگۈ تاشلارغا ئىزاھات»، «شەرقشۇناسلىق ئىلمى ژورنىلى» 1972-يىللىق 1-سان، 86 -87-بەتلەر.
[24] گابائىن : « بۇددا دىنىنىڭ تۈركلەردىكى رولى»، «ئاسىيا تەتقىقاتى» ، لېيپزىگ، 1954-يىلى، 196-بەت.
[25] بىچۇرىن : «ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمكى مىللەتلەرگە دائىر تارىخى ماتېرىياللار توپلىمى»،1-توپلام، موسكۋا-لېنىنگراد، 1950-يىلى، 300-بەت. گابائىننىڭ كىتابىنىڭ 169-بېتىدىن كەلتۈرۈلگەن نەقىل.
[26] [28] [30] [31] گابائىن : «ئوتتۇرا ئاسىيا بۇددىزىمى»، «شەرقشۇناسلار قوللانمىسى»،1-بۆلۈم 1-تومىنىڭ 2-قىسمى، لېيدېن، 1961-يىلى،506 -507، 169، -509-506-بەتلەر.
[27] تەرجىماندىن قىستۇرما: ماقالىنىڭ روسچە ۋە ئىنگلىزچە نۇسخىلىرىدا2- تۈرك خانلىقىنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى 687-يىلى دېيىلگەن، ئىلىم ساھەسىدە ھازىر 682-يىلى دەپ ئېتىراپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە شۆ زۇڭجېڭنىڭ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1992-يىلى نەشر قىلغان «تۈرك تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 450-بېتىگە قاراڭ.
[29] كىلياشتورنىي : «موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان تۈرك-رونىك يېزىقى ئويۇلغان بىر تەڭگە»، «تۈرك ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» ژورنىلى، 1972-يىللىق 2-سان ، موسكۋا، 334-338-بەتلەر.
[32] ئاسرانوۋا، كىلياشتورنى : «ئىرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن تېپىلغان تۈرك -رونىك يېزىقى ئويۇلغان مىس ئابىدە»، «تۈرك ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»، 1972-يىللىق سان، موسكۋا، 306 -316-بەتلەر.

www.kitaphumar.com

[33] ف. توماس، گ.كلاۋسون: «تىبەت يېزىقىدا يېزىلغان خەنزۇچە بۇددا نوملىرى»، «خانلىق ئاسىياشۇناسلىق ئىلمى جەمئىيىتى ژورنىلى»، 1927 ـ يىلى، 282 ـ 283 ـ بەتلەر.
[34] كىزلاسوف : «تۇۋالارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى»، موسكۋا، 1969 ـ يىلى، 95 ـ بەت.
[35] كلياشتورنى : «موڭغۇلىيەدىكى رونىك ـ رونىك يېزىقى يېزىلغان قىيا تاشلار»، «تۈرك ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»، 1975 ـ يىللىق توپلام، موسكۋا،154 ـ بەت.
[36] [37] ئالبېرت فون لېكوك : «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ـــ تۇرپاندىكى تويۇق ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرى خارابىلىرىدىن تېپىلغان تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى»، «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمى ژورنىلى»، 1909 ـ يىلى، 1061 ـ 1050،1057 ـ بەتلەر.
[38] رادلوف : «قەدىمكى تۈرك تىلى تەتقىقاتى (3)ـــ تۈرك ـ رونىك ۋەسىقە پارچىلىرى»، «ئىمپېرىيە ئىلمى كېڭىشى خاتىرىلىرى»، 1910 ـ يىلى، 1025 ـ 1036 ـ بەتلەر.
[39] تومسون : «قارا غوجىدىن تېپىلغان Kao. 0107 نومۇرلۇق تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى»، بۇ ماقالە ستەيىننىڭ «مەركىزىي ئاسىيا» ناملىق كىتابىنىڭ 2 ـ تومىغا كىرگۈزۈلگەن، ئوكىسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ، 1928 ـ يىلى،1082 ـ 1083 ـ بەتلەر، 124 ـ قىستۇرما رەسىم.
[40] لېكوك : «قوچودىن تېپىلغان تۈركچە مانى دىنىغا دائىر ۋەسىقىلەر»(2)، «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمى ژورنىلى»،3 ـ توپلام، 1919 ـ يىللىق 3 ـ سان، 4 ـ بەت.
[41] ف.ك. مۇللېر : «سوغدى تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»(2)، «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژورنىلى»، (2 ـ توم)، 1934 ـ يىللىق 21 ـ سان، 548 ـ بەتلەر.
[42] ۋىلھېلىم باڭ ، گابائىن، رەشىت رەھمىتى ئارات: « ‹تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى› 6 ـ تومىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا نومى ‹سەككىز يۈكمەك›( Sutra Yükmäk Säkiz ) ھەققىدە»، «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژورنىلى»،(10 ـ توم)، 1934 ـ يىل ، 97 ـ بەت.
[43] بېرنشتيام : «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازمىلىرىدىكى رونىكچە خەتلەر»، «روسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى ئىلمىي ژورنىلى»، 1939 ـ يىللىق 7 ـ سان، 303ـ305 ـ بەتلەر؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە رابشانىينىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بوددا نومى
bitig nom isarv bugulu yaruq yukmak sakiz yerli tngrili yrliqamis burxan irgnaT›
›) ‹سەككىز يۈكمەك ›) دىكى تۈرك ـ رونىكچە خەتلەر» ناملىق ماقالىگە قاراڭ، «شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى»،6 ـ توم، 1 ـ سان، 1936 ـ يىلى، 1 ـ 2 ـ بەتلەر.

www.kitaphumar.com

[44]كلياشتورنى : «قەدىمكى تۈرك- رونك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ــــ ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت مەنبەلەر»، موسكۋا، 1964 ـ يىلى ، 50 ـ بەت؛ بۇنىڭدىن باشقا «قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى» گە قاراڭ، لېنىنگراد، 1969 ـ يىلى، 36 ـ بەت.
[45] تومسۇن : «دوكتۇر ستەيىن مىرەن ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقىغان تۈرك- رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، «خانلىق ئاسىياشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى ژورنىلى»، 1912 ـ يىلى، 181 ـ 227 ـ بەتلەر.
[46] خاملتون : «دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن بايقالغان قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، «ئاسىيا ژورنىلى»،269 ـ توم،1 ـ 2 ـ سانلىرى.
[47] خاملتون : «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ‹ئىرق بىتىگ›»، «تۈركلوگىيە»، 1975 ـ يىللىق 7 ـ سان، 11 ـ 10 بەتلەر.
[48] ۋىلھېلىم باڭ ، گابائىن: « تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى»، «پروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئىلمىي ژورنىلى»، 1929 ـ يىلى، 243 ـ 242 ـ بەتلەر.
[49] ھۈسەيىن ناملق ئورقۇن : «ئەسكى تۈرك يازىتلارى»(2 ـ توم)، ئىستامبول، 1939 ـ يىلى، 73 ـ 91 ـ بەتلەر.
[50] مالوف : «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋەسىقىلەر»، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1951 ـ يىلى، 80 ـ 92 ـ بەتلەر.
[51] گابائىن : ««قەدىمكى تۈرك تىلى ئەدەبىياتى»، «تۈرك تىلىدىن ئاساس» ،(2 ـ توم)، 215 ـ 216 ـ بەتلەر.
[52] سېترەيۋا : ««تۈرك دىنلىرى ۋە ئەپسانىلىرىنىڭ سىستېمىلىرىنىڭ قايتا قۇراشتۇرۇلۇشى»، «تۈرك ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»، موسكۋا، 1972 ـ يىلى، 222 ـ 223 ـ بەتلەر.
[53] خاملتون : «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى پالنامە ‹ئىرىق بىتىگ› »، 10 ـ 9 ــ بەتلەر؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئارلوتتونىڭ «جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى مەجمۇئەسى» گە بېسىلغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى پالنامە » ناملىق ماقالىنىڭ 1971 ـ 1970 يىللىق سانلىرىنىڭ 685 ـ 636 بەتلىرىگە قاراڭ.
[54] لوئى بازىن : «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كالىندارى ھەققىدە تەتقىقات»، رېئىل ئۇنىۋېرستېتى، 1974 ـ يىلى، 296 ـ بەت.
[55] ستەيىن : «غەربى يۇرت : ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى»، 2 ـ توم، 294 ـ 295 ـ بەتلەر.

[56] ئوچىئائى موركازۇ : «دۇنخۇاڭ ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، 1 ـ قىسىم، «كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى»، 1966 ـ يىلىلىق 1 ـ سان، 28 ـ بەت.

[57] [64] تومسون: «دوكتور ستەيىن مىرەن ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقىغان تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر»، 215 ـ217، 219ـ218 ـ بەتلەر.

[58] [60] تەرجىماندىن قىستۇرما : بۇ ھەقتە روسچە ۋە ئېنگلىزچە ئەسلى نۇسخىلىرىدا 936 ـ يىلى دېيىلگەن، بۇ ھەقتىكى خاتالىقنى تۈزۈتۈش كېرەك.

[59] تەرجىماندىن ئىزاھات : گوچوۋىتاۋنىڭ تەرجىمىھالىنى «كونا بەش دەۋر تارىخى» دىن كۆرگەيسىز.

[61] تەرجىماندىن قىستۇرما : بۇ ھەقتە روسچە ۋە ئېنگلىزچە ئەسلى مەنبەدىكى ئەسىرلەردە 9369 ـ ئەسىردە دېيىلگەن، بۇ ھەقتىكى خاتالىقنى تۈزۈتۈش كېرەك.

[62] : خاملتون ، لوئى بازان : «دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە ۋە تۈرك ـ رونىكچە ۋەسىقىلەر»، «تۈركلوگىيە» ژورنىلى، 1972 ـ يىلىلىق 4 ـ سان،28 ـ25 ـ بەتلەر ؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە بازاننىڭ «قەدىمكى تۈركلەرنىڭ كالىندارى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 292 ـ بېتىگە قاراڭ.

[63] تەرجىماندىن: بۇ ۋەسىقىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ياڭ فۇشۆ ۋە نيو رۇجىيلار بىرلىكتە يازغان «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» ناملىق كىتابتىن كۆرۈڭ.

[65] تەرجىماندىن : بۇ ۋەسىقىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى نۇسخىسىنى ياڭ فۇشۆ ۋە نيۇرۇجىيلار بىرلىكتە يازغان «شاجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋەسىقىلىرى» ناملىق كىتابتىن كۆرۈڭ.

[66] ستەيىن : «غەربى يۇرت : ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگونىڭ غەربىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى»، 1 ـ توم،471 ـ476 ـ بەتلەر؛ بۇ ۋەسىقە تومسوننىڭ كىتابىنىڭ 192 ـ182 ـ بەتلىرىگە كىرگۈزۈلگەن، 21 ـ قىستۇرما رەسىملەر، ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ ۋەسىقىنى رەتلىگەندە تومسون مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىن پايدىلانمىغان، شۇڭا بۇ ۋەسىقىنىڭ كونكېرت مەزمۇنىنى ئېنىق ئېپادىلەپ بېرەلمىگەن.

[67] تەرجىماندىن : 屈罗勿 سۆزى خەنزۇ تىلىدىكى ۋەسىقىلەردە 咄罗勿 دەپ يېزىلغان، قەدىمكى تۈركچە ۋەسىقىلەردە بۇنىڭغا ماس ھالدا Kürabirs دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، "屈" خېتى咄 دەپ خاتا يېزىلىپ قالغان. ۋ. خېنىنىڭ "屈" نى "咄" قىلىپ ئۆزگەرتىپ يازغان. شۇنىڭ بىلەن 屈罗勿 سۆزى قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئەسلى نامى سۈپىتىدە Kürabirs قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ

www.kitaphumar.com

«شەرق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنىستىتوتى ئىلمىي خەۋەرلىرى» ژورنىلىنىڭ 1938 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاگنى ۋە توخرى تىلى» ناملىق ماقالىسىگە قاراڭ.

[68] ۋ. رالفا ، م.ئا. ئېلىئوت : «رونىك يېزىقى»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى، 1959 ـ يىلى نەشرى، 62 ـ بەت.

[69] ئەلالىدىن ئەتامالىك جۇۋەينى : «تەۋارىخى جاھان كۇشاي» ، 1 ـ توم، لوندون، 1958 ـ يىلى، 53 ـ 61 ـ بەتلەر.

(كلياشتورنىي ـــ 1928 ـ يىلى تۇغۇلغان، 1950 ـ يىلى لېنىنگراد ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. روسىيەلىك ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈرك تارىخى تەتقىقاتى بويىچە مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس ئالىم، روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرق ۋەسىقىلىرى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى)

تەرجىمان : ئىمىن تاجى تۈرگۈن

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنىستىتوتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

بۇ ماقالە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

www.kitaphumar.com

# يىڭى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى دۆلەت ئىچى قەدىمكى بۇددا دىن تەتقىقاتىدىن ئەسلىمە ۋە كەلگۈسىگە نەزەر

## (تەرجىمە ئەسەر)

دىلخۇمار سادىق

شىنياڭ،دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن ئارقا-ئارقىدىن قېزىۋېلىنغان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىلىرى ،بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇلار ئېتىقات قىلغان بۇددا دىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرىشىمىزنى بىرىنچى قول ماتىرىيال بىلەن تەمىللىدى.بۇ يۈز يىلدىن بۇيان دولەت ئىچى-سىرتىدىكى ئىلمى خادىملار بۇ قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنى تەتقىق قىلدى،شۇنداقلاقەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ تارىخى مەنبەسى ئۈستىدە چوڭقۇر تەكشۈرۈش ئىلىپ باردى.

21-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تېخىمۇ كۆپ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ بايقىلىپ، مەنىلىرىنىڭ يېشىلىپ ئىلىم ساھەسىگە ئىلان قىلىنىشى،شۇنداقلا ئىلىكتۈرلەشكەن«نوملار دىۋانى»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشى،كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشى دۆلەت ئىچى بۇددا دىن تەتقىقاتىنى يېڭى بىر ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىپ ، كىيىنكى قەدەمدىكى بۇددا دىن تەتقىقاتىنى شارائىت بىلەن تەمىللىدى.

خۇلاسىلاپ چىقىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندە ئىلگىركى تەتقىقاتلاردا ساقلانغان مەسلىلەر ۋە كەلگۈسىدىكى تەتقىقات مەنزىلىگە بولغان كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرى، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شىچۇۋەن رايونلىرىدىن بىر تۈركۈم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر بايقالدى.بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنى تولىمۇ مول بولۇپ ،قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيتى،دىنىنى ئىتقادى، تىل-يېزىقى،ئىلىم -پەن تېخنىكىسى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرگە

www.kitaphumar.com

ئالاقىدار مەزمۇنلار بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىت ماتېرىياللار كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.بۇ بىر تۈركۈم قىممەتلىك ۋەسىقىلەر ،بىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان جەمئىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىنىشى بىلەن جوڭگو، روسىيە، ئەنگلىيە، فرانسىيىلەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددادىن ۋەسىقىلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىشى، شۇنداقلا موگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ شىمالى رايونىدىن يەنە بىر تۈركۈم قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ قېزىۋېلىنىپ ئاشكارلىنىشى «نوملار دىۋانى»نىڭ ئىشلىتىلىنىپ، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشى ،قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ كەملىرىنىڭ تولۇقلىنىپ ، رەتلىنىش خىزمىتىدە پايدىلىق شارائىتلار بىلەن تەمىنلىدى.بۇ ئون يىل مابەينىدە دۆلەپ ئىچى قەدىمكى بۇددا دىن تەتقىقاتى، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان جانلىق ئەندىزىنى شەكىللەندۈردى،تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرنەرلىك بولدى.ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ؛قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قېزىۋېلىنىپ ئاشكارلىنىشى،ۋە تەتقىقات خىزمىتى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن دەرىجىدە مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەندى.تەتقىقات نىشانى ئەسلىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىگىلا قارىتىلغان بولسا تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ بۇددا دىن تارىخى، بۇددا دىن مەدىنىيىتىگە قاراپ تەرەقى قىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن تەتقىقات خىزمىتى ئومۇملىششقاۋە سىستېملىششقا قاراپ يۈزلەندى.بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھاسىنىڭ تەرەقىياتىنىڭ موھىم نامايەندىسى،شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ خەلقارا قەدىمكى ئۇيغۇر تىل تەتقىقاتىغا قوشقا موھىم تۆھپىسى.

## قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوم دەستۇرلىرى تەتقىقاتى

غەربى يۇرۇت،دۇنخۇۋاڭ قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنى ئومومەن مۇنداق ئىككى تەرەپدىن كۆرىۋالالايمىز. بىرى ھىندىستان بۇددا كىلاسىك ئەسەرلەر تەرجىمىسى، تەنە بىرى قېزىۋېلىنغان يازما ئەسەرلەر. مەسىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت شېئىرلار.

www.kitaphumar.com

يىقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋەسىقىلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا جاللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن بولۇپ،تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرىنەرلىك بولدى شۇنداقلا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققاكەلدى. مەسىلەن: نىۋرۇجىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىدىكى ـبۇددا نوملىرى ۋە پارىژدا ساقلىنىۋاتقان دۈنخۇۋاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىلىرى ھەققىدە ئومۇمى بايان» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرستى نەشرياتى2000-يىل)ناملىق كىتابىدا غەربى يورۇت ، دۈنخۇۋاڭ قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرگە قارىتا سىستىملىق رەتلەش ئېلىپ بارغان بولۇپ،باش قىسمىدا دۈنخۇۋاڭ ،تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ رەت نومۇرى، رەتلىنىپ ئىلان قىلىنىشى، تەتقىقات ئەھۋاللىرى بايان قىلىنسا كېيىنكى قىسمىدا مەخسۇس قىلىپ پارىژدا ساقلىنىۋاتقان دۈنخۇۋاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ ساقلىنىش ،نومۇر بېكىتىش،تەتقىقات ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مۇلايىزە قىلىنغان.ئۇنىڭدىن باشقا مەخسۇس قىلىپ پارىژدا ساقلىنىۋاتقان دۈنخۇۋاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋىسقىلىرىنىڭ تەتقىقات ئەھۋالىغا قارىتا قەدىمكى ئۇيغۇر تەتقىقاتىدىكى كۆرىنەرلىك ئالىم گىڭشىمىن ئەپەندى ئارقا-ئارقىدىن ئىلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە ئومۇمي بايان»(مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى2001يىل)«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋىردىكى ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى»( مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى2003يىل)قاتارلىق ئىككى پارچە ئەسىرىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرى ھەققىدىكى بىلىملەر نۇرغۇن. دىلدار مەمتىمىننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇدا دىن ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتىدىكى ـ (يۈگانى ئۇستاز تۇتۇش)(مەنچۇ شېئىرلىرى بۇددا دىنى ئېتىقادىدىكى ئەڭ ئۇلۇق شېئىر )» (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 2001يىل )ناملىق كىتابىداكالا بىلەن سىمۇ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ بۇ ئىككى ۋەسىقە ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم ھالدا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە ئېلىپ بېرىپ ،بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

«ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دەۋىرلەردىكى ۋەسىقىلەر تەتقىقاتى»ناملىق كىتابىدا گىڭشىمىن ئەپەندى «مايترى سىمىت »ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تىلغا ئالغاندىن سىرىت يەنە نۇرغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرىنى ئىلان قىلغانلىقىنى«ئابىدەرمە كوشە شاستىرا»«كوشە شاستىرا» «80جىتلىق ئاۋاتەمسەكە سۇترا» «ئالتۇن يارۇق» «ئاۋالوكسۇۋارا نامىغا ئوقۇلغان 21خىل پاشائى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى سۆزلەنگەن.

www.kitaphumar.com

ئۇنىڭدىن باشقا گىڭشىمىن ئەپەندىمنىڭ «غەربى يۇرۇت ئەدەبىيات تارىخى ھەققىدە» ناملىق كىتابىدا «بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستان ۋە شىنجاڭدا تارقىلىشى» «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىكى ۋەسىقىلەرنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىقاتى» «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئاساسلىق بۇددا دىن ۋەسىقىلىرى» «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى(مايترى سىمىت)» «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئاق نىلوپەر دىنىنى مەزھىپى)نىڭ پارچە نۇسخىسىنىڭ تەتقىقاتى» قاتارلىق ئىلمى ئەمگەكلىرى بار .بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى «ئاق نىلوپەر دىنىنى مەزھىپى»بىلەن «»بولۇپ ئۇ ئەسەرلەر بولۇپ بۇ ئەسەرلەر گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىلللىق قەدىقى بۇددا دىن تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلىرىدۇر.گىڭشىمىن ئەپەندى ئېلان قىلغان يەنە نۇغۇن تەتقىقات ئەسەرلىرى بار.گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېلان قىلغان ھازىر مەملىكىتىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاق نىلۇپەت دىنىنى مەزھىپى»ناملىق ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بىتى بولۇپ ئەسلى تۆت قىسىمدى تۈزۈلگەن جوڭگۇدا ساقلىنىۋاتقىنى ئۈچۈنچى قىسمى .بۇ كىتاپنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغاندا 10-11ئەسىرلەردە يېزىلغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. بىراق خەتنىڭ ئىملا قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا 13-14چى ئەسىرلەرگە توغرا كىلىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ بايقىلىشى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ مايترى بۇددىغا چوقۇنۇش ئېتقادى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئامىتا بۇددىغىمۇ چوقىنىش بىر مەزگىل ئومۇملاشقان .شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردە «ئامىتا بۇددا نومى» تىلغا ئېلىنغانلىقى يېزىلغان①.

گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ تەتقىقاتىغا پۈتۈن زېھنىنى سەرىپ قىلغان بولۇپ تەتقىقاتنى توختىتىپ قويماي داۋام ئەتتى .بۇ ۋەسىقىنىڭ6-بۆلىمى «ھاسىسا تۇتۇپ تۇرغان پادىشاھ» ھىكايىسىنىڭ 2-بېتىدە موھىم بۇختا گەۋدىلەنگەن بولۇپ، باشلىنىشتىن تارتىپ قۇمۇلنىڭ قويۇق يەرلىك پۇرىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن②. دۇنخۇۋاڭدىن تېپىلغان «ئابىدارما كوشە شاستىرا» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل ساقلانغىنى بولۇپ بۈگۈنگە قەدەر B-A75/8212.or نومۇر بىلەن ئەنگلىيە لوندۇن دايىك كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. بىرق موگاۋ ئۇنكىرىنىڭ شىمالىي رايوندىن بايقالغان يەنە بىر ۋەسىقە پارچىسىنىڭ نومۇرى52B(乙)17; .بولۇپ جاڭتىشەننىڭ كيىنكى ئەۋلاتلىرى ئەنگلىيە كۈتۈپخانىسىدىكى كىتاپ بىلەن سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بارغان نەتىجىدە دۇنخۇۋاڭدىن تېپىلغان بۇ قىسمى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى ئىكەنلىكىنى بىكىتتى③.ئۇنىڭدىن باشقا موگاۋ ئۆنكىرىنىڭ شىمالىي رايونىنىڭ B157

www.kitaphumar.com

نومۇرلۇق ئورنىدىن تېپىلغان 157:17Bنامىلىق ۋەسىقىنىڭ «ئابىدارما كوشە شاستىرا»نامىلىق ۋەسىقىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىنىقلىغان.④

«كۇشە شاستىرا»نامىلىق ئەسەر بىلەن زىش مۇناسىۋەتلىك بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرىيىزىقى بىلەن يېزىلغان «كۇشە شاستىرەنى مەدھىلەش شەرھى»نامىلىق كىتاب موگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ شىمالىي رايوندىن تېپىلغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ۋەسىقىلەر ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ ئىلان قىلىنىپ ھازىر ئايرىم-ئايرىم ھالدا بېجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، لوندۇن دايىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.موگاۋ ئۆڭكىرىنىڭ شىمالىي رايوندىن تېپىلغان يىڭى نۇسخىسى 172Bبولسا بەشكە بۆلۈنگەن بولۇپ نومۇرى ئايرىم ئايرىم ھالدا172:5B

«ئاخەن نومى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كەڭ تارقىلىشى شۇنداقلا كەينى كەينىدىن ئىلان قىلىنغان ھەرخىل ئۇسلۇپتىكى «ئاخەن»نوم پارچىلىرىنى ھەممە كىشى بىلىدۇ. مەسىلەن بېجىڭ ئۇنىۋېرسىستېدە ساقلىنىۋاتقان «بېجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى V012D ۋە V01Cپارچىلىرىدۇر. جاڭتىشەن ئەپەندى بۇ نوقتىغا قارىتا ئىلگىركىلەر يۇۋەن سوۋلالىسىدىن تارتىپ خەنزۇ يېزىقى بىلەن بىۋاستە تەرجىمە قىلىپ كەلگەن، قىستۇرۇپ يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەر پەقەت بىرلا خىل رولنى ئوينىغان.كېيىنكىلەر بولسا يۇۋەن سۇلالىسىدىن تارتىپ قوللانغان خەنزۇچە بەزىلىرى مەزمۇننى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغان. شۇڭا بۇ ۋەسىقىلەرنىڭ مەزمۇنىنىڭ بەزىلىرى ماس كەلسە بەزىلىرىنىڭ ماس كەلمەيدۇ.شۇنداقلا كەم يەرلىرى تولۇقلانغان دەپ قارىلىدۇ⑤.

شۇ يىلى جاڭجىشە ئەپەندى يەنە دۇنخۇۋاڭدىكى موگاۋ ئۆڭكىرىنىڭ شىمالىي رايوندىن قىزىۋېلىنغان5218Bچى نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوتتۇرا ئافەن نومى»نى لاتىن يېزىقىغا ئۆزگەرتىپ يېزىپ ۋە تەرجىمە ئىلىپ باردى.⑥

بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق»نى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ھازىرغىچە تېپىلغان نۇسخىلىرى بۇرغۇن بولۇپ ،بۇلارنىڭ ئىچىدە روسىيىلىك مالوفۇنىڭ 1910-يىلى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جىۋچۈۋەن رايوندىن بايقالغان بۇ نۇسخىسى تولىمۇ موھىم بولۇپ جەمى398بەت بولۇپ ساقلانغان.بۇ كىتاپ قۇرماتى ئەڭ چوڭ بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتاپلارنىڭ بىرى.بۇ كىتاپ ئۇستىدىكى تەتقىقات ئاللىبۇرۇن خەلقارالىق تەتقىقات قىزىق نۇختىسىغا ئايلانغان بولۇپ تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرىنەرلىك بولدى.يىڭى ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن تارتىپ، كىشلەرنىڭ بۇ ۋەسىقىلەرگە بولغان قىزىقىشى يوقىرى دولقۇننى قوزغىماقتا. ئىسرايىل يۇسۇپ بىلەن ئالىم كىرىمنىڭ ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇقنىڭ سەككىزىنچى بۆلۈم ئون يەتتىنچى،ئون سەككىزىنچى

www.kitaphumar.com

تەتقىقاتى ⑦،جاڭجىشەن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق»دىكى ئۆزىنى قۇربان قىلىش ھەققىدە ھېكايىسىنى تەتقىق قىلىپ چىققان، شۇنداقلا خەنزۇيېزىقىدىكى نۇسخىسىنى تېپىپ چوڭقۇر تەرجىمە قىلىپ ،خەنزۇ يېزىقىدىكى تەرجىمە ماھارەت مەسىلىسىنى يېتىلدۈردى. ⑧

مۇساجان ئەلى «ئالتۇن يارۇق»نىڭ لىكسىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ ، ئەڭ موھىمى ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەنزۇ تىلى ،گىرىس تىلى،سۇسۇ تىلى ،زاڭزۇ تىلى ،پارىس تىلى، توخۇر تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ لىكسىكىسىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ باردى.⑨

بۇلاردىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى دەستۇرلىرى ھەققىدە يېزىلغان يېزىلغان تەتقىقات ماقالىلىرى كۆپ بولۇپ بىر نەچچە مىسال بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

## قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شەرىقىدىن قېزىلغان يازما ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمە تەتقىقاتى

دۈنخۇۋاڭ ،تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن دەستۇرلىرى تېپىلغاندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ئەسەرلەرمۇ ئۇچرايدۇ.يىگى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بۇ قىممەتلىك ۋەسىقىلەر ئىلىم ساھاسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقات قىزىزىق نۇقتىسىغا ئايلانغان.

بۇ ۋەسىقىلەر ئاساسەن دۈنخۇۋاڭ، تۇرپان ئىككى جايدىن تېپىلغان بولۇپ ئەڭ موھىمى 1988-1995يىللىرى موگاۋ ئۆڭكىرىنىڭ شىمالى رايونىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا نوم ۋەسىقىلىرى بولۇپ ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى تارتقان .ئابدىرىشىت ياقۇپ بۇ بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەر ئۈستىدە بۇددا مۇخلىسلىرى مونى، بۇددا راھىپلىرى رىۋايىتى،بۇددا دەستۇرلىرىدىن ئۈزۈندە بېرىش،يىقىن تۇققانلار ۋەسىقىلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىجات قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىدىكى شېئىرلار ئەپسۇن، ۋە باشقا بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى شېئىرلار ئۈستىدە ئايرىم -ئايرىم ھالدا رەتلەش ئېلىپ باردى⑩.شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە«ئۇستازىنى مەدىلەش»نىڭ پارچە نۇسخىسى، «ماھايانانىڭ چەكسىز ئۆمۈر كۆرۈش سۇترەسى»نىڭ پارچىسى قاتارلىق توققۇز پارچە ئەسەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى .موگاۋ ئۆڭكىرىنىڭ شىمالي رايونىدىن قېزىۋېلىنغان « ماھايانانىڭ چەكسىز ئۆمۈر كۆرۈش سۇترەسى»ناملىق ئەسەرنىڭ پارچە نۇسخىسى تۆت بۆلەككە

www.kitaphumar.com

بۆلۈنگەن بولۇپ رادىلوفنىڭ بۆلۈش ئۇسسۇلى بىلەن ئوخشاش، تەرجىمە جەريانىدا زاڭزۇ يېزىقىدىكى تەرجىمە قىلىش ئۇسسۇلىمۇ قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ ئىجاتچانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.كىتاپ بولۇپ چىققان ۋاقتى تەخمىنەن 13 ـ14ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. يېقىندا ئابدۇرىشىت ياقۇپ ئەپەندى يەنە تۇرپان پەيزىكەدىن تېپىلغان ئۈچ ھۆججەتلىك « ماھايانانىڭ چەكسىز ئۆمۈر كۆرۈش سۇترەسى»نىڭ پارچىسى ئۈستىدە يەنىمۇئىلگىرلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ باردى.(11)

موگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ شىمالىي رايونىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەقىلىرى دۇنخۇاڭ ئەتراپىدا ياشاۋاتقان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى، دىنى، مەدەنىيتى، قاتارلىق تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىشتا قىممىتى ناھايتى زور.ئەڭ موھىمى قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىنىڭ بۇ پارچە نۇسخىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا مۇناقىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسىدىن كەلگەن. مەسىلەن 128Bنومۇرلۇق ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مىھىر ـشەپقەت دىننى مۇراسىمىدىكى تۆۋۋەقىلىش ئۇسسۇلى »ناملىق ئەسەرنىڭ پارچە قىسمىدا يۈۋەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئاز ئۇچرايدىغان z بىلەنs t بىلەن d ئالمىشىپ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن بولۇپ بۇ ئەھۋال شۇ دەۋرنىڭ يۈۋەن سۇلالىسى دەۋرى ئىكەنلىكىنى بىكىتەلەيمىز(12).يېقىندا جاڭجىشەن ئەپەندى 1980 ـيىلى تۇرپان بەيزىكىتىكى تاش ئۆڭكۈردىن قېزىۋېلىنغان ئىككى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى«مىھىر ـ شەپقەت دىننى مۇراسىمىدىكى تۆۋۋەقىلىش ئۇسسۇلى »نىڭ پارچە نۇسخىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئىككى بەتلىرى تولۇق بولمىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مىھىر ـ شەپقەت دىننى مۇراسىمىدىكى تۆۋۋەقىلىش ئۇسسۇلى »ناملىق ئەسەرنىڭ سەككىزىنچى قىسمى دەپ مۇقۇملاشتۇردى.

يوقۇرقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا يەنە موگاۋ ئىڭكىرىنىڭ شىمالىي رايونى 59Bنومۇرلۇق ئۆڭكۈردىن يەنە بىر تۈركۈم ۋەسىقىلەر بايقالغان بولۇپ جاڭجىشەن ئەپەندى بۇلارنىڭ كىلىش مەنبەسىنى ساكيامۇنى ئۆتكەن دەۋردىكى ئالاقە تۇشۇش دىن كەلگەن دەپ قارىغان(13). ھەيدەر مىر كامال بۇ پارچىلارنىڭ ژانىرى ۋە شەكلى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن ساكيامۇنى ئۆتكەن دەۋر بىلەن ئۇددۇل كېلىدۇ دەپ قارىغان(14). ئابدۇرىشت ياقۇپ ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەكتۇپ 59:68 بۇددا مۇخلىسلىرىغا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن .بىراق مەكتۇپنىڭ يېزىلغان مەزمۇنىغا قارىغاندا بۇ پەقەت ئەمەلدارلار ئوتتۇرسىدىكى شەخسى خەت ئالاقىغا تەۋە بولۇپ مۇخلىسلارنىڭ يازغان مەكتۇبى بولۇشى ناتايىن.

www.kitaphumar.com

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «»بولسا گېرمانىيە تۇرپان ئېكسپېدىيە ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم تۇرپانغا بارغان ۋاقتىدا تۇرپان شەھىرى شىجاۋ دەريا قەدىمكى خارابىسىدىن بايقالغان قەدىمكى يادىكارلىق بولۇپ بۇ ۋەسىقە بېرلىن گېرمانىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا نومۇرى 22... بۇ كىتاپنىڭ بايقىلىشى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ « ۋاجرا دىنىغا» ئېتىقات قىلىش بىلەن بىردەك بولۇپ بۇ بۇددا دىن مەدەنىيىتىنىڭ خەلق ئىچىگە ئەدەبىياتىدىكى بىر ئىسپاتى.

ماشاۋلىك روسىيەدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «سۋۇۋەنزاڭنىڭ قىسسىلىرى» ناملىق ئەسەرنىڭ 5 ـبۆلىمىنى ئەسەرنىڭ ئاساسى مەزمۇنى دەپ قاراپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خوڭ مىڭ نىڭ «شۇۋەنزاڭ قىسسىلىرىنىڭ»10 ـبۆلىكىنىڭ خەت شەكلى ئۇستىدە مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ باردى.(15)

دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «كۆڭۈل ماھىيىتىنى چۈشەندۇرگۈچى نوم »نىڭ خارەكتىر مەسىلىسىگە نىسپەتەن دۇنيا تەتقىقات ئالىملىرى نىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئالىم يۇسۇپ ئەپەندى بۇ بىر تۈركۇم قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىنى پەلسەپىۋى ئەسەرلەر دەپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئايرىم خىللىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى باشقا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىغا ئوخشىمايدۇ، دەسلەپكىلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كېيىنكىلىرى خەنزۇ يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا يېزىلغان مەنىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلەنگەن دەپ قارىغان (16).

ئىتالىيە بۇددا دىن مۇتەخەسسىسى شىدىچېك نىڭ قارىشىچە بۇ خىل ۋەسىقىلەرنىڭ مەلۇم قىسمى خەنزۇلاردىكى ھەن مەزھىپىنىڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. شىدىچېك كۆپلەپ سىلىشتۇرۇش شۇنداقلا «دامۇ ئۇستازنىڭ نوقتىنەزەرلەر نەزىرىيىسى»نىڭ مەزمۇنىغا يىغىنچاقلاپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەرجىمە قىلدى.

## قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن تارىخى ۋە ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەتلەر توغۇرسىدا

يېقى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ئون يىلىدىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن تەتقىقاتىدا جانلىنىش ۋەزىيىتى كۆرۈلدى، نەتىجىلەر كۆرۈنەرلىك بولدى.كۆپلىگەن داڭلىق قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن تەتقىقاتچىلىرى سىستىمىلىق تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.شۇنداقلا يەنە

www.kitaphumar.com

قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە ئىتراپىدىكى (خەنزۇ،تىبەت،قىتان،جورجىت،مۇڭغۇل)قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ دىنىي مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى.17.

دۇنخۇاڭ ئۆڭكۈرلىرىدىن ۋە تۇرپاندىن بايقالغان بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ئەسەرلەر ۋەمەتبە نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىغا نىسبەتەن تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات مۇئىلىرىگە ئاساسلىنىپ نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.رەتلەپ ئىلان قىلغان 90 نەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىگە قارىتا تۈرلەرگە بۆلۈپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ نامى،شەكلى،كىلىش مەنبەسى ،قۇرۇلمىسى،ۋە شەكىللىنىش جەريانى قاتارلىق تەرەپلەردىن چوڭقۇر مۇلايىزە قىلىپ ئىلمى يەكۈنلىدى(18).

ۋاڭ دىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە، روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلىنىۋاتقان تۇرپان تېكىسى «开宝藏»نىڭ پارچىسىغا ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلدە ئىشلەتكەن نوم بولۇپ بۇ نىمە ئۈچۈن «开宝藏»نىڭ تۇرپاندىن تېپىلغانلىقىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى(19).قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرىدىن باشقا يەنە دۇنخۇاڭ، موگاۋ ئۆڭكۈرى، شىجىيەنفۇ ئۆڭكۈرى،شىنجوۋ ئورمان ئۆڭكۈرى ۋە شېچۋەن قارياغاچلىق ئورمان ئۆڭكۈرى قاتارلىق ئۆڭكۈرلەردىن مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەرمۇ بايقالغان.بۇ ئابىدىلەردە پەقەت تارىقلا خاتىرلەنگەن بولماستىن يەنە بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان سوڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى دۇنخۇاڭ خىشى كارودىرى ،يىپەك يولى بىلەن قەدىمكى بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىشىدەك قىممەتلىك ماتىرىياللار بىلەن تەمىللەيدۇ.(20)

بۇ ئابىدىلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى،دىنى،مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا مەدىنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايتى قىممەتلىك ماتىرىياللار بىلەن تەمىللەيدۇ.كىشىنى تېخىمۇ قىززىقتۇردىغىنى شۇكى ۋىن تىغىنىڭ ۋەنفۇ ئۆڭكۈرىدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا ئابىدىلىرى ئىچىدە مىڭ،چىڭ سۇلالىرىنىڭ ۋاقتىغا توغرا كىلىدىغانلىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.ئەڭ بۇرۇنقىلىرى مىڭ سۇلالىسى جىياچىڭنىڭ 30-يىللىرىغايەنى1551يىلى،ئەڭ كېيىنكىلىرى كاڭشىنىڭ 12-يىلىغا يەنى1713-يىلىغا توغرا كەلگەن.بۇلار شۇنى ئىسپاتلايدىكى خىشى كارۇدىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنى كاڭشىنىڭ 12-يىللىرىغىچە داۋاملاشقان.

خىشى كارۇدىرى ئەتراپىدا قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدىنىيىتىنىڭ ساخلىنىشى كىيىنكى مەزگىللەردە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساخلانغان ئەنئەنىۋى مەدىنىيەت يارىتىشىغا ئاساس بولغان.شۇنداقلا مۇڭغۇل گۇدىڭ خان قەبىلىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇق مەدىنىيەت ئالاقىسىنى ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇپ، مۇڭغۇللار ۋە

www.kitaphumar.com

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇق مەدەنىيەت ئالاقىسىنى ئورناتقان ،مانا بۇلار سىرىق ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدە سەل قاراشقا بولمايدىغان رولى بار.

دۇنخۇۋاڭ تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قىزىۋېلىنغان كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇربۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىن ئىدىيىسىنى ئەكىس ئەتتۈرگەن بولۇپ ،باشقا مەزمۇن شەكىل ئاممىلىرىدىن قارىغاندا بۇ تەشۋىق ئەسەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ بۇددا دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

تۇرپاندىن قىزىۋېلىنغان قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى مەزگىلىدىكى خەنزۇ يېزىقىدىكى «مۇنار ياساش خاتىرىسى»ناملىق كىتاپتا ئېيتىلىشىچە خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە غەربىي رايونغا تارقىلىشى بۇ رايونلارنىڭ خەنزۇ مەدەنىيەت سىستېمىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى يېزىلغان، تۇرپاندىن تېپىلغان 4672نومۇرلۇق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «»ئىلىم ساھاسىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ تەتقىقات نەتىجىلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. يېقىندا ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ تاڭجىنىڭ سەككىزىنچى يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى يېزىلغان دەپ قارىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ تەرەققى قىلىش جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەتراپىدىكى خەنزۇ، قىتان، جورجىت، مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەر ئورناتقان بولۇپ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ باشقا مىللەت دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى يىڭى ئەسىردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر يارقىن نۇقتا.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار غەربىي تەرەپكە سىلجىپ ئۈچكە بۆلۈنۈپ قوچۇ(ھازىرقى تۇرپان)، بەشبالىق (جىمسار) خىشى كارىدورى (پامىر )بىرىپ ماكاللاشقان .گەنجۇ ئەتراپىغا ماكانلاشقانلار گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرۇپ خىشى ئەتراپىغا بىرىپ ماكانلىشىپ قالغان.كېيىن بۇددا دىنى مانى دىنى بىلەن تەڭ قوللىنىپ كېيىن بۇددا دىنى دۆلەت دىنى قىلىپ قوللىنىلغان ،شۇنداقلا يىپەك يولى ئەتراپىدىكى خوشنا دۆلەت، مىللەت، رايونلار بىلەن ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغان.

دۇنخۇۋاڭ تۇرپاندىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرگە قارايدىغان بولساق تىبەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ ،تىبەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خىشى كارىدورىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىن ئېتىقادىدا زور ئۆزگىرىشلەر بولغان.قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە قىتان،جۇرجىت،مۇڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرگە تارقىلىش جەريانىدا ئوخشىمىغان بۇددا دىن مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن.

www.kitaphumar.com

ۋاگخوگمى بىلەن ۋاك فۇ شۆنىڭ تۇرپاندىن قىزىۋىلىنغان تەرجىمە ئېلىپ بېرىپ بۇ دەستۇرنىڭ «يەتتە گۆھەر»مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى. بو دۆلەتىمىز ئازسانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ چوڭ نوم كىتابى بولۇپ ئۇ تەرجىمە قىلىنىپ، رەتلىنىپ ، تولۇقلىنىپ ،قايتا كۆچۈرلىنىپ ،نەشىر قىلىنىپ چىقىش جەريانىدا قەدىمكى ئۇيغۇر رايىپلىرى موھىم رول ئوينىغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ باشقا دىنلار بىلەن مەسىلەن مانى دىنى ،نىستورى دىنى ،شۇنداقلا ئوتتۇر تۈزلەڭلىكتىكى يەنە بىر قىسىم دىنلار بىلەن قويىوق مۇناسىۋەتتە بولۇپ تارىخى خاتىرلەرگە ئاساسلانغاندا قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنى بىلەن مانى دىنىنىڭ مۇناسىۋتى ناھايتى قويىوق بولغان ،ئىلگىرى مانى دىنى بۇددا دىنىدىن كۆپ خىل ئۇنۇم قوبول قىلغان بۇ نىڭ روشەن ئىپادىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇددا دەستۇرلىرىدا مانى دىنىنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغان ،شۇنداقلا منى دىنىدىكى ئاتالغۇلار بۇددا دىنىغا قوبول قىلىنغان ،ھەتتا بۇددا دىن ئىدىيىسىمۇ مانى دىنىنىڭ ئىدىيىسىنى قولۇل قىلغان.

ھەتتا ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ تەرەقياتى جەريانىدا ئوتتۇر تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلارمۇ قەدىمقى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان .قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىغا ۋە زاڭزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ،قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقلىرىنىڭ تىلىمۇ خەنزۇ تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئىبادەتخانا تەمسىل قىلىنغان «كامالىي ئوۋغۇنىش سۇترەسى» قەدىمقى ئۇيغۇرلاردىمۇ تارقالغان ئەلۋەتتە، بۇ يەردە خەنزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا نىسپەتەن تەسىرى مۇشۇ سەۋەپدىن ،ھىندىستان بۇددا دىنىغا سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى، زاڭزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىر قىلىشى تەكىتلەنگەن.1980-يىلى قىزى؛ مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان بىر پارچە سانكىرىت يېزىقى-قەدىمكى ئۇيغۇرىيېزىقىدىكى قوش تىل پۈتۈكلىرى،ھىندىستا بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا بولغان تەسىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.قەدىمكى ئۇيغۇرلار بىلەن زاڭزۇلار تېخىمۇ يېقىن ئۇچراشقان بولۇپ 9-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ زاڭزۇلاردىكى بۇددا دىنى بىلەن تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇچرىشىش بولغان.مىڭ يۈۋەن سۇلالىرىدە زاڭزۇ بۇددا دىنىنىڭ كەڭ ئومۇملىششى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا زاڭزۇ بۇددا دىنىنىڭ لاما رايىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.دۈنخۇۋاڭ ، تۇرپان قاتارلىق رايۇنلاردىن قىزىۋىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقلەردىن قارىغاندا نۇرغۇنلىغان زاڭزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نوم كىلاسسىكلىرى ئىلگىرى

www.kitaphumar.com

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ ،زاڭزۇلارغا تارقالغان بۇددا دىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئومۇمىي گەۋدىدىن ئالغاندا زاڭزۇلارغا تارقالغان بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن خېلىلا يىراق. يېقىنقى دەۋرلەردە ئارخېئولوگلۇق تەكشۈرگۈچى خادىملار تۇرپان ئويمانلىقى ياڭقۇنتاغنىڭ غەربىي قىسمى داتىياۋ جىلغىسى ۋە شاۋتىياۋ جىلغىسى كىمىرلىرىگە نىسپەتەن قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، كىمىردىكى شەكىل تۈزۈلۈش ۋە تېما مەزمۇنى ،ئۇسلۇبى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئىككىسىنىڭ قورۇلغان ۋاقتىنىڭ سىڭ تۈۋەن سۇلالىرىنىڭ ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغىنىنى بولۇپمۇ داتىياۋ جىلغىسى 9-كىمىر ئىچىدىكى بارلىق 84 چوڭ نەتىجە قازانغۇچىلانىڭ تېخىمۇ زاڭزۇلاردا تارقالغان بۇددا دىنىنى غەربىي يۇرت قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنى تەسىر قىلغىنىدەك ئىسپاتقا ھۆكۈم قىلغان.

بۇددا دىنىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار رايونىغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىقات سىستېمىسىدا ھەرخىل ئېتىقاتلار شەكىللىنىشكە باشلىدى. مەسىلەن ئۇۋەيىن ئېتىقادى، مايتىرى ئېتىقادى،ۋۇتەيشەن بۇددا گاھى،ۋە مەنچۇ شېئىرلىرى، بۇدساتۋا ئېتىقادى قاتارلىقلار، ئالىملار مۇشۇ ئىسپاتلار بۇيىچە قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىغا نىسپەتەن ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقاتنى كېڭەيتكەن.

مايتىرى بۇددىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقىلىشى بىرقەدەر ئۇزۇن ،كەڭ تارقانغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ ،قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىنىنىڭ يەنى بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ.

مۇشۇ خىل ئېتىقاتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن، قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا داۋاملىق ئاڭلىق ھالىدا ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا مايتىرىغا چوقۇنىدىغان مەزمۇننى قوشۇپ قويىدۇ.بەزىدە يەنە تاللاپ تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىملىرى مايتىرىغا چوقۇنىشقا مۇناسىۋەتلىك يوقىرى رايىپلار تەزكىرىسى بىلەن ئاڭلىق ھالدا مايتىرغا چوقۇنىشنى تەكىتلەيدۇ. دەل قەدىمكى ئۇيغۇرلار مايتىرغا چوقۇنغاشقا «شۈۋەنزاڭنىڭ تەرخىمھالى»ناملىق پۈتۈن ئەسەت ئاندىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن تەرجىمە قىلىنىپ كېڭەيتىلىپ چىققان، ئۇنىڭدىن باشقا مەنچۇ شېئىرلىرى ئېتىقادى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا تارقالغان گۈۋەلىن، يەنى پىرەكىرەنى، شاسەنە، شاستىرا، مەخپىيەت مەزھىپى، بۇ خەنزۇ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى، زاڭزۇ بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكىنى قايرىپ

قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار :


گىڭشىمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئاق نىلۇپەر دىنىنى مەزھىپى »نامىلىق ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بېتى تەتقىقاتى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»2003يىللىق 5-سانى 1-5بەت: گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئاق نىلۇپەر دىنىنى مەزھىپىنىڭ باشقا ئىككى بەت تەتقىقاتى» مەركىزى مىللەتلەر ئىلمى ژۇرنىلى»2005يىلىق 1-سان 110-114 بەت: گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئاق نىلۇپەر دىنىنى مەزھىپى»نىڭ بىرىنچى بەت تەتقىقاتى «شىنجاڭ پېداگوگا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى2007-يىللىق 4-سان،17-19بەت.

②گېڭشىمىن ئەپەندىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تەتقىقاتى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى »2008يىلىق 1-سان 140-144 بەت

③جاڭتىغەن ئەپەندىمىنىڭ «دۇنخۇاڭ موگاۋ ئۆڭكۈرى شىمالى رايونى52Bنومۇرلۇق ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنىڭ تەتقىقاتى » «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى ژۇرنىلى »2002 يىللىق 1-سان 13-21 بەت

④ئايدار مىركامالىنىڭ « دۇنخۇاڭ موگاۋ ئۆڭكۈرى شىمالى رايونى157 Bنومۇرلۇق ئۆڭكۈردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى()نىڭ پارچە بۇسخىسىنىڭ تەتقىقاتى » «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى »24-نومۇر 2005-يىلى 1-13 بەت

⑤جاڭتىشەن ئەپەندىمىنىڭ «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى بەتلىك دۇنخۇاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى تەتقىقاتى» «غەربى شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى» نەشرىياتى 2001-يىللىق 1-سان،97-103- بەت

⑥جاڭتىشەن ئەپەندىمىنىڭ «دۇنخۇاڭ موگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ شىمالى رايونىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئوتتۇرا ئاخەن نومى)نىڭ پارچە نۇسخىسىنىڭ تەتقىقاتى.

⑦ئىسراپىل يۇسۇپ بىلەن ئابلىم كىرىمنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇقنىڭ)سەككىزىنچى قىسىم 16-بۆلۈم تەتقىقاتى»«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى » (ئۇيغۇرچە ) 2001-يىللىق 1-سان،15-37- بەت،«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇقنىڭ)

www.kitaphumar.com

سەككىزىنچى قىسىم15 ـبۆلۈم تەتقىقاتى»«تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى »(ئۇيغۇرچە)2001ـ يىللىق 2ـسان،

⑧جاڭتىشەن ئەپەندىمنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇق ) «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتتى ئىلمى ژۇرنىلى2012 ـيىللىق 4ـسان، 63ـ67بەت.

⑨چىنمىڭنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇقدىكى پارچىلار) قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستۇتى ئىلمي ژۇرنىلى»2012ـيىللىق 4ـسان 56ـ58بەت.

⑩مۇساجان ئەلىنىڭ«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (ئالتۇن يارۇقتىكى سۆزلۈكلەر تەتقىقاتى)» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىستى2012يىللىق دوكتورلۇق تاماملاش ئىلمى ماقالىسى،

⑪ئابدىرشىت ياقۇپنىڭ «دۇنخۇاڭ شىمالىي تاش ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان قەدىكى ئۇيغۇرىيزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقلىرىدىن بايان»،«دۇنخۇاڭ موگاۋ ئۆڭكۈرى شىمالىي تاش ئۆڭكۈر تەتقىقاتى» ،485ـ502بەت.

(11)ئابدىرشت ياقۇپنىڭ «پەلزەكدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىپادىلەر» سىدىشىڭ، لى شاۋ نارىنگاۋ بىرلىشىپ تەھرىرلىگەن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئۆزگىرىشى»، ئۈرۈمچى خەلق نەشرىياتى نەشىر قىلغان 2010ـيىللىق107ـ 117بەت.

(12)جاڭتىشەن ئەپەندىنىڭ «موگاۋ ئۆڭكۈرى شىمالىي 128ـنومۇرلۇق ئۆڭكۈردىن قىزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىسىنىڭ تەتقىقاتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» 2008ـيىللىق 1ـسان 51ـ57 سان

(13)جاڭتىشەن ئەپەندىنىڭ «موگاۋ ئۆڭكۈرى شىمالىي رايۇنىدىن قىزىۋېلىنغان ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا دىن ۋەسىقىسى پارچىسى تەتقىقاتى»، «دۇنخۇاڭشۇناسلىق ئىلمى ژۇرنىلى»2003يىللىق 2ـسان 79ـ86بەت

(14)ئايدار مىركامالنىڭ «موگاۋ ئۆڭكۈرىنىڭ شىمالىي رايونىدىن قىزىۋېلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىسىنىڭ قايتا تەتقىقاتى» «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتى ئىلمى ژۇرنىلى »2008ـيىللىق 1ـسان 145ـ148 بەت.

(15)ماشاۋلىنىڭ «روسىيەدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى شۈۋەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى نىسخا بىرىنچى بەت تەرجىمە ئوقۇشلۇقى»«ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستۇتى ئىلمى ژۇرنىلى»2010ـيىللىق 2ـسان.49ـ53 بەت

(15)ئالىم يۇسۇپنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (قەلبنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلىگۈچى نوم) مىڭ ئەسلى ماترىيالى » «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»2010ـيىللىق1ـسان 59ـ64 بەت

www.kitaphumar.com

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (كۆكتۈلنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرگۈچى نوم)ھەققىدە ،«تۈركىي تىللار تەتقىقاتى-گىڭشىمىن ئەپەندىنىڭ سەكسەن ياشلىقىنى خاتىرىلەش ئەسەرلەر توپلىمى»27-36 بەت.

(16)ئالىم يۈسۈپ بىلەن پاتىگۈل مەمەتىنىڭ «دۇنخۇۋاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (كۆكتۈل ماھىيىتىنى بىلدۈرگۈچى نوم)دىكى خەنزۇچە خەتلەرنىڭ مەنىسى»«غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى»2010-يىللىق 2-سان 105-112 بەت.

(17)نيۇنۇجېننىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرىدىكى-بۇددا دەستۇرلىرى ئومۇمىي بايانى پارچىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا ۋەسىقىلىرى»ئۈرۈمچى:شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،2000يىل؛«دۇنخۇۋاڭ تۇرپان قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن ۋەسىقىلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا دىن چوڭ نوم لۇغىتى»«غەربىي يۇرت تەتقىقاتى»2001يىللىق 2-سان،56-65 بەت.

(18)ۋاڭدىڭنىڭ «غەربىي يۇرتتا تارقىلىپ يۈرگەن -غەربىي يۇرتتىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى بۇددا نىزىم تەتقىقاتى»سىدىشىڭ،لىڭشاۋ،نارىن گاۋۋا،ھەمكارلىشىپ تەھرىرلىگەن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە بۇددا دىنىنىڭ ئۆزگىرىشى»،شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان 2010-يىللىق 160-190 بەت.

(19)تېكىيەن ۋېي جاڭنىڭ «گاۋچاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى پۈتۈكى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2006-يىل.

(20)ياڭ فۇ شۆنىڭ«دۇنخۇۋاڭ قەدىمكى ئۇيغۇر بۇدداۋەسىقىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى»2-قىسمى 2002يىل،111-119 يىل.

غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى

ئىسمى فامىلىسى:دىلخۇمار سادىق
دەرس ئوقۇتقۇچىسى:ئالىم يۈسۈپ

www.kitaphumar.com

# قەلبىمدىكى ئۆچمەس ئوبراز ئەزىزى نىيازى ۋە ئۇنىڭ ئەسلىمىسى

## (مەرھۇم شائىر، يازغۇچى، خەتتات ئەزىز نىيازنى ئەسلەيمەن)

ئابلىمىت ئابدۇللا



ئەزىز نىيازىنىڭ ياشانغان ۋاقتى. (1905-1996)

91 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ۋۇ يىنسۇن (吴引荪)①، لىيەن كۇي (联魁)②، خې يەنشېڭ (何彦升)③، يۈەن داخۇا (袁大化)④، ياڭ زېڭشىن (杨增新)⑤، جىن شۇرېن (金树仁)⑥، شېڭ شىسەي (盛世才)⑦، گومىنداڭ (国民党)⑧ ۋە كومپارتىيە (共产党)⑨

www.kitaphumar.com

دىن ئىبارەت بىر قانچە دەۋرنى باشتىن كەچۈرگەن پىشقەدەم زىيالىي، مەشھۇر خەتتات سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تونۇلغان شائىر ۋە يازغۇچى ئەزىز نىيازى ۋاپات بولغىلى 15 يىل بولدى (1996-يىلى 8-ئاينىڭ 29-كۈنى 91 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولغان).

مەرھۇم ئالىم، يازغۇچى، شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى (1923-1995) نىڭ «ئىز» ۋە، «ئويغانغان زېمىن» (1-، 2-قىسىم) قاتارلىق تارىخىي رومانلىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەن بۇ رومانلارنى قىزىقىش ئىچىدە ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم.«ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 2-قىسمىنى ئوقۇۋېتىپ، رومانىنىڭ 381 ۋە 382- بەتلىرىدىكى تۆۋەندىكى قۇرلار ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى:

«شۇ ئارىدا كۆرۈنىشىدىن يىراق سەپەردىن يېڭىلا كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئوتتۇرا بويى، قىزىل يۈزلۈك، قاڭشالىق بىر يىگىت ھاجىمغا سالام بەجا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قومۇلدىن مۆھىم خەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ۋە قېلىن لىپاپىنى ئىككى قوللاپ سۇندى...

مەلۇم بولدىكى بۇ يىگىت قومۇلدىكى مەشھۇر باي سودىگەر ھەسەن بالاھاجى⑩ نىڭ ئىش باشقۇرغۇچىسى ئەزىز ئەپەندى ئىدى» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن بولسا، 392-بەتنىڭ ئاستىغا: «بۇ كىشى ھازىرقى كۈندە پىشقەدەم زىيالىي ۋە مەشھۇر خەتتات سۈپىتىدە جەمئىيەتكە تونۇلغان ئەزىز نىيازى ئىدى» دەپ مەلۇمات بېرىلگەن.

مەن رومانىدىكى بۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ئەزىز نىيازى ھازىر ھاياتمىدۇ؟ ئەگەر ھايات بولسا قەيەردە بولغاي؟ بۇ كىشى 1931-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى بىلسە كېرەك؟ مۇشۇ كىشى بىلەن كۆرۈشكەن بولسام ياخشى بولار ئىدى» دەپ ئويلاپ، 1995-يىلى 12-ئايدا ئۈرۈمچىگە چىققىنىمدا پولكوۋنىك سوپاخۇن سوۋۇروف (1915-2001) نىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەزىز نىيازىنى سورۇسام، ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:«بالام 1934-يىلى 7-ئايدا قومۇلدىن تۇرپانغا خوجىنىياز ھاجىغا خەت ئېلىپ چىققان ئەزىز ئاخۇن ئاكامنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسىلا؟ ئۇ كىشى ئۈرۈمچىدە، ئۆيى يەنئەن يولىدىكى شىنخۇا كىتاپخانىسىنىڭ شەرقىي-شىمالىدا يەنە ئۇيغۇر تىبابەت دوختۇرخانىسىغا بارىدىغان يولنىڭ شىمالىدىكى قورودا ئولتۇرىدۇ. يېشى 90 دىن ئاشتى، سالامەتلىكىمۇ ياخشى، 1931-يىلى ئەتىيازدا قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئەزىز ئاخۇن ئاكام قومۇلدا، ئۇ قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن تارىخنى بىلىدۇ، ۋاقتىلىرى چىققاندا ئۆيىگە بېرىپ يوقلىغاچ سۆھبەتلىشىپ كەلسىلە خۇش بولۇپ قالىدۇ» دېدى ۋە كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويغان كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 27-قىسمىنى ئېلىپ «بالام بۇ كىتابتا ئەزىز ئاخۇن ئاكامنىڭ ئەسلىمىسى بار» دەپ كىتابنى بەردى. مەن خۇش بولۇپ

www.kitaphumar.com

سوپاخۇننىڭ قولدىن كىتابنى ئىككى قوللاپ ئالدىم ۋە ئۆيگە ئېلىپ بېرىپ ئۇدا بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئەزىز نىيازىنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ تېمىسى«ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىمدىن قىسقىچە ئەسلىمە» بولۇپ، ئەسلىمە تۆۋەندىكى ماۋزۇلارغا بۆلۈنگەن ئىكەن:

1ـ ماناستىكى ھاياتىم،
2ـ قومۇلدىكى كۈنلەر،
3ـ جاڭجېغا بېرىش ۋە قايتىش،
4ـ كۇشۈيدە ئاققان قان،
5ـ يولۋاسنىڭ خېتى،
6ـ كۆرجەيدىكى ھادىسە،
7ـ قومۇلغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشىم،
8ـ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدىكى كۈنلەر ۋە ئۇنىڭدىن چىقىش جەريانىم،
9ـ ئىت ئۇۋىسىدىكى ئىشلار،
10ـ بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىق،
11ـ ئىككى ئىنىمنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئالتايدىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى،
12ـ ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئەھۋاللار.



www.kitaphumar.com

ئاپتور ئەزىز نىيازى ئائىلىسىدە. ئولتۇرغانلار: ئابلىمىت ئابدۇللا، ئەزىز نىيازى، ئەمەت نىياز.

1996-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنى.

ئاپتور مەزكۇر ماقالىسىدا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋە كۆرگەن-ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان قىلغان ئىكەن. 5-ماۋزۇدىكى «يولۋاسنىڭ خېتى» دە تۆۋەندىكىدەك مەلۇمات بېرىلگەن:

«1934-يىلى 7-ئاي مەزگىلى ئىدى. قومۇلدىكى يولۋاس شېڭ شىسەي ئۈچۈن خەۋپلىك دۈشمەن ھېسابلىناتتى. ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شېڭ شىسەي تۈرلۈك ھىيلىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ، يولۋاس ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەستىن ھوقۇق تۇتۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى يولۋاس مېنى چاقىرتىپتۇ. مەن بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن مېنى ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىپ كۈلكە ئارىلاش: ‹ئۆزلىرىگە بىر خىزمەت بار، شۇڭا چاقىرتتىم قىلامىلا؟› -دېدى. مەن جاۋابەن: ‹خوش، ئەلۋەتتە مەن تەييار› -دېدىم. ‹ئۇنداق بولسا-دېدى ئۇ، ئەتە مەخسۇس ماشىنا بىلەن تۇرپانغا ئاپىرىدىغان بىر پارچە خەت بار› -دەپ خەتنى ئېلىپ بەردى. خەتتىكى لىپاپىگە: ‹دادىمىز خوجىنىياز ھاجىمغا تېگىدۇ› -دەپ يېزىلغان. ‹مۇشۇ خەتنى ئېلىپ تۇرپانغا ئەتە بىر كۈندىلا يېتىپ بارسىلا، بىر-ئىككى كۈن ئارىلىقىدا خوجىنىياز ھاجىم ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە تۇرپانغا كېلىدۇ. بۇ خەتنى قادىر ھاجىم، ئوغلى ئېلى ھاجىم ئارقىلىق بېرىدىلا› -دېدى. يەنە بۇ خەت ئىنتايىن مەخپىي، ئىچىدە ئىككى پارچە خەت بار، بىرىگە ھاجىمنىڭ ئوغلى، ئايالى قاتتىق ئاغرىق، ئەھۋالى ئېغىر، شۇنىڭ ئۈچۈن تېز قومۇلغا كېلىپ يوقلاپ كەتمىسە بولمايدۇ دېگەن مەزمۇنلار يېزىلغان. يەنە بىر خەتكە ھاجىمنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىشىغا قەتئىي نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنىڭ تورىغا چۈشۈپ ئاخىر ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان شەيتانلىقى ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قومۇل مۆتىۋەرلىرىدىن يۈسۈپ تەيجى، ئاخۇنلۇغۇم قاتارلىق ئون نەچچە نەپەر كىشى قول قويغان خەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتتى، مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ خۇددى ھارۇن رىشت ئاچچىقى كەلسە كۈلگەندەك، غەزەپ كۈلكىسى بار يولۋاس، كۈلۈپ تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا: ‹ھەي ھاجىمنىڭ بىخوت يۈرگىنىنى نېمە دېگىلى بولىدۇ؟› -دەپ تېپىرلاپ كەتتى. دېمەك، بۇ خەۋپلىك خەتنى ئېلىپ تۇرپانغا كەلدىم. ئەتىسى شەن يامۇلغا بارسام ئۆزبېك ئەكبەر ئۆز قەلىمى بىلەن قىزىل لوزۇنكىغا: ‹مۇئاۋىن رەئىس خوجا نىياز ھاجىمنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!› -دەپ يېزىۋېتىپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ قايتتىم. ئەتىسى دېگەندەك ھاجىم ئىككى ماشىنىدا قوغداپ كېلىۋاتقان

www.kitaphumar.com

ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۈرۈمچىدىن ھاجىمنىڭ ئالدىغا كەلگەن، يۇقىرى دەرىجىلىك بىر توپ كىشىلەر بىر قانچە كىچىك ماشىنىدا كېلىپ قارشى ئېلىندى. ئەمما كۆپلىگەن كىشىلەر ھاجىمنىڭ بۇ قېتىم شېڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ، نارازىلىقلار بىلدۈرۈشمەكتە ئىدى.

ھاجىم يامۇلغا چۈشۈپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يولۋاسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە خەتنى ئېلىپ ھاجىمغا بەردىم. خەتنى يولۋاس بەرگەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئېنىق ئېيتتىم. ئېلى ھاجىم مېنى باشلاپ، قادىر ھاجىم بار ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بۇلار ئەھۋالنى تەپسىلىي ئاڭلاپ، سۈكۈتكە چۈشۈپ، جىددى ھالدا:‹دىمىدۇقمۇ، بىز دېگەندەك بولدى›-دېيىشىپ، خەتنى ھاجىمغا كۆرسەتمەكچى بولۇشۇپ چىقىپ كەتتى. مەن چاي ئىچىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن ئېلى ھاجىم مېنى ھاجىم قېشىغا ئېلىپ كىردى، ھاجىم مەندىن قومۇلدىن قاچان چىققانلىقىمنى سوراپ:‹يولۋاس يەنە نېمىلەرنى دېدى›-دەپ سورىدى. مەن:«يولۋاسىنىڭ ئەلپازىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە چىقىشلىرىدىن نارازى ئىكەنلىكىنى سەزدىم›-دېدىم. ھاجىم سۆز قىلمىدى. ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن مەن چىقىپ كەتتىم.

ھاجىم خەتنىڭ مەزمۇنىدىن پۈتۈنلەي ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە چىقماس بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان بەزى كىشىلەر (ئالدامچىلار) قاتتىق چۆچۈپ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، نەتىجىدە:‹قومۇلدىن خەت كېلىپ ماڭماس بوپتۇ›-دېگەن گەپنى ئاڭلايدۇ. سوۋېت كونسۇلى ۋە ھەربىي، مەمۇرىي رەھبەرلەر ئەندىشىگە چۈشۈپ ھاجىمنى پىكرىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ھاجىم:‹مەن قومۇلغا بېرىپ خاتىرجەم بولۇپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە چىقىمەن› دېگەن گەپتە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

ھاجىم بىلەن بىللە كېلىۋاتقان يېقىن كىشىلەرمۇ ھاجىمنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئارىدا شېڭ شىسەي ۋە كونسۇل تەرىپىدىن ئادەملەر كېلىپ ھەل قىلغىچە ئۈچ كۈن ئۆتىدۇ. بۇ ئەھۋال خەلق ئىچىگىمۇ ئاشكارا بولىدۇ. مۇشۇنداق خەۋپلىك سائەتنىڭ بىرىدە سارايدا ئولتۇرسام شەن يامۇلدىن ئەسكەر كېلىپ:‹شەنجاڭ سىزنى چاقىرىدۇ›-دېدى. مەن يامۇلغا كىرىشىم بىلەن قادىر ھاجىمنى كۆرۈپ قالدىم. شۇئان:‹ھاجىكا مېنى كىم چاقىرغان؟ خەۋەرلىرى بارمۇ؟›-دېدىم. چىرايىمنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرگەن قادىر ھاجىم بىللە ئېلىپ كەلگۈچىلەردىن‹كىم چاقىرتقان؟› دەپ سورىدى.‹شەنجاڭ بىلەن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن كىشى چاقىرتتى›-دېدى ئۇلاردىن بىرى. قادىر ھاجىم ئاڭلاپ:‹ھە بوپتۇ كىرسىلە›-دېدى. ئۆيگە كىرىشىمگە ئۈچ نەپەر كىشى غەزەپ كۆزلىرى بىلەن قارىشىپ قىسقىچە تارىخىمنى سوراپ:‹قومۇلدىن خەت ئەكەلگەن سەنمۇ؟›-دېدى. بىرسى:‹ياخشى پوچتىئالىئون ئىكەنسەن،

خەتنى ساڭا كىم بەردى؟›-دېدى. مەن:‹بۇ خەتنى يارى قارى بەردى›-دېدىم (خوجىنياز هاجىمنىڭ ئىنىسى).‹قاچان كەلدىڭ؟ ئەجەپ هاجىمنىڭ كېلىشىگىلا ئۆلگۈرۈپ كەپسەنا؟ راستىڭنى ئېيت!›-دېدى. مەن جاۋابەن:‹مەن ئۆزۈم سودىگەر، هاجىمنىڭ قاچان كېلىش-كەلمەسلىكى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق ھەم بىلمەيمەن. قومۇلدىن تۇرپانغا مال ئېلىش ئۈچۈن ماڭاي دەپ گاراژ (قاتناش بېكىتى) غا كېتىۋاتسام يارى قارى ئۇچراپ قېلىپ، نەگە باردىڭلا-دەپ سورىدى.‹تۇرپانغا› دېسەم. ‹بىر پارچە خەت بار ئىدى، ئالغاچ كەتكەن بولسىلا، ھازىرلا يەتكۈزۈپ بېرەي›-دېدى. مەن ماقۇل بولۇپ گاراژغا كېلىشىمگە خەتنى ئېلىپ كەلدى ۋە ماڭا بېرىپ:‹بۇ زۆرۈر خەت قوللىرىدا ساقلىنىپ قالمىغاي ۋە ئاكاملار تۇرپانغا كەلمەكچى، كېلىشىگىلا تاپشۇرۇپ بېرەرلا›-دېدى. مەن ماقۇل دەپ ئالدىم. مەن تۇرپانغا كېلىپ هاجىملار ئىككى كۈندىن كېيىن كەلدى. خەتنى ئېلىپ هاجىم ئارقىلىق بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا ئەھۋالنى ئۇقمايمەن›-دېدىم. شۇ ئارىدا هاجىم سوراقچىلار بار ئۆيگە بىر نەپەر رۇس بىلەن كىرىپ كەلدى. مېنى كۆرۈپ: ‹بۇ يەرگە كەپسىزغۇ؟›-دەپ سورىدى. مەن هاجىمغا قاراپ:‹بۇ كىشىلەرنىڭ سورايدىغان گېپى بار ئىكەن›-دەپ تۇرۇشۇمغا، هاجىم گېپىمنى كېسىپ: ‹بۇنىڭدىن نېمىنى سوراپ يۈرىسىلەر؟ بۇ ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ›-دېدى-دە، ماڭا قاراپ: ‹چىقىپ كېتىڭ›-دېدى. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىلەر ئىلاجىسىز بولۇپ:‹ھېچ گەپ يوق، خاپا بولماڭ، ئارىدىكى گۇمان يوقالدى. بۇ يىگىت راستىنلا ھېچ نەرسە بىلمەيدىكەن› دېيىشىپ قېلىشتى. مەن شۇ يەردىن چىقىپلا قومۇلغا قاراپ تىكىۋەتتىم. مۇشۇ سوراق ئۈستىدە ئەگەر هاجىم كىرمەي قالغان بولسا، ساقچىغا تاپشۇرۇلۇپ شىڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى زىندانىغا تاشلىنىپ تىرىك كۆمۈلۈشۈم تۇرغان گەپ ئىدى. بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشۇم بولدۇ.

ئەپسۇسكى، ئاقكۆڭۈل خوجىنياز هاجىم سىياسەتتە بىخۇتلۇق قىلىپ، خائىنلارنىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۈرۈمچىگە كېتىپ قالدى. ماڭا تەسىر قىلغىنى شۇكى، مەن شىڭ شىسەي تۈرمىسىگە هاجىمدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى قامالغاندىم. قاملىپ سەككىز ئايدىن كېيىن مېنى ئىككىنچى تۈرمىگە يۆتكەپ تۈرمە ئىچىدە ئوچاقلارغا ئوت قالاشقا ۋە تازىلىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈندۈزى كامېردىن چىقىرىپ ئىشلىتىدىغان ئون نەچچە نەپەر گۇناھكارغا ئىش بېشى (گوڭتۇ-工头) قىلىپ قويدى. خەنزۇچە تىل بىلگەنلىكىم، شۇنىڭدەك تۈرمىدىن بوشاش ۋاقتىمنىڭ ئاز قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ماڭا ئېتىبار بەرگەندەك قىلىپ كوچىلارغا نەرسە كېرەك ئالغىلى ۋە تۈرمە ئۆيلىرى (كامېرلارغا) قايناقسۇ، تاماق ئەكىرىپ بېرىدىغانلار قاتارىدا ئىشلەيدىغان قىلدى.

1938-يىلى 10-ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى كېچىسى تۈرمە ئىچىدە ھەربىي ھالەت بولۇپ كەتتى. تۈرمە سېپىلى ئۈستىدە قوراللىق ئەسكەرلەر قورۇ ئىچىگە پىلىموتلارنى قارىتىپ قويغانىدى. بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ تۈرلۈك خىياللاردا بولدۇم. ئەتىسى تاڭ ئېتىشىغا ئادەتتىكىدەكلا ئەمگەككە چىقتىم. مەن بىر تۈرمە ساقچىسى بىلەن كامېرغا تاماق ئېلىپ كىرسەم تۈرمىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە كۆزۈم چۈشتى. ئادەتتە تۈرمە كامېرلىرىنىڭ ئىشىكىدە چوڭ قۇلۇپلار بولاتتى. ئەمما جەنۇبتىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن. ئىشىك ئالدىدا تاپانچا تۇتقان بىر ساقچى ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇردۇ. بۇ ئۆيگە كىمنى سولىغانلىقنى كۆرەلمىدىم. پەقەت كېيىنكى كۈنى بۇ مەخپىي ئۆينىڭ تام مېشىگە ئوت يېقىۋاتقىنىمدا ئۆي ئىچىدىن قۇرئاندىكى تابارەك سۈرىسى ئوقۇلۇۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدىم. شۇ ئارىدا ساقچىنىڭ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىككە بېرىپ قارىسام خوجىنىياز ھاجىم ئىكەن.‹ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھاجىكا›-دېدىم.‹ۋاھالەيكۇم ئەسسالام›-دەپ ھاجىم لاپپىدە بىر قارىدى-دە، مەن جاۋابسىزلا ئارقامغا ياندىم. چۈنكى سۆزلىشىشكە قەتئىي رۇخسەت يوق ئىدى. بىر ھەپتە ئۆتۈپ يەنە بىر ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. ‹كىم بولىسىز، تونۇش ئوغولغۇ؟›-دېدى ھاجىم. مەن تاراتىدا بولغانلىقىمنى، تۈرپانغا خەت ئېلىپ چىققانلىقىمنى قىسقا قىلىپ ئېيتتىم. ‹ھە› دەپ ھەسرەتلىك ھالدا تىنىپ قويۇپ: ‹شۇ ۋاقىتتا خاتا بوپتىكەن، خەير خۇدانىڭ تەقدىرى، مېنى بۇ جاللات ساق قويمايدۇ. بۇشاپ چىققىنىڭىزدىن كېيىن كۆرگەن بىلگەنلەرگە سالام دەڭ›-دېدى. ‹خوش ھاجىكا، خۇدا نىجاتلىق بىرەر›-دەپ تارامىلغان يېشىمنى سۈرتۈپ ئارقامغا ياندىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى كۆرۈشەلمىدىم...».



www.kitaphumar.com

ئاپتور ئەزىز نىيازى ئائىلىسىدە. ئوڭدىن: ئەزىز نىيازى، ئابلىمىت ئابدۇللا، ئابدۇغوپۇرجان (ئاپتورنىڭ چوڭ ئوغلى).

1996-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى.

مەن سوپاخۇن سۇۋۇروفتىن ئەزىز نىيازىنىڭ تۇرار جايىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈردۈم. 1996-يىلى 6-ئاينىڭ 11-كۈنى (يەكشەنبە) ئەتىگەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىزىكا ئىلمىي ۋە تېخنىكا ئىنىستىتوتىنىڭ دوتسېنت (مۇئاۋىن پرافېسسور) تى دوستۇم ئەمەت نىيازنىڭ ھەمرالىقىدا ئەزىز نىيازىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. بىز ئۆيگە كىرگەندە ئەزىز نىيازى دادىمىز كارىۋاتتا يېتىپ ھاردۇق ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئايالى مەرىيەمخان ئەزىزى 1991-يىلى 63 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن پەرزەنتلىرى دادىسىغا قاراۋاتقان ئىكەن. ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. بىزنى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى قىزغىن قارشى ئالدى. سالامدىن كېيىن ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قومۇلدىن چىققانلىقىمىزنى، كېلىشتىكى مەخسىتىمىزنى قەغەزگە يېزىپ ئۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئەزىز نىيازى دادىمىز خوش بولدى. ئۇ كۈنى ئەزىز نىيازى دادىمىز ساقىيىپ بولۇپ قالغاچقا، بالىلىرى ئۆيگە دوختۇر چاقىرتىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرماقچى ئىكەن. شۇڭا بىز ئېلىپ بارغان سوۋغا-سالاملىرىمىزنى قويۇپ، «بىز باشقا بىر كۈنى كېلەيلى» دەپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ قايتىدىغان چاغدا ئەزىز نىيازى دادىمىز بىلەن سۈرەتكە چۈشتۇق.



www.kitaphumar.com

ئەزىز نىيازى پاكىستاندا ئولتۇرۇشلۇق قىزى گۈزەل بىلەن بىللە

1996-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ يەنە ئۈرۈمچىگە چىققىنىمدا ئەزىز نىيازى دادىمىزنى يوقلاپ باردىم. تىنچلىق سوراشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «مەن قاسىم پالۋاننىڭ نەۋرىسى بولىمەن» دېۋىدىم، ئۇ خوش بولۇپ: «شۇنداقمۇ بالام سىز قەھرىمان-باتۇر كىشىلەرنىڭ پەرزەنتى ئىكەنسىز، مەن 1928-يىلىدىن 1937-يىلىغىچە قومۇلدا تۇرغان. مەن قومۇلغا بارغان يىلى بوۋىڭىز قاسىم پالۋان ۋاڭ ئوردىسى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىكەن. ئۇ ئېگىز بوي، ئۇزۇن قارا ساقاللىق، ئاق يۈزلۈك، ئادەم زوقلىنىپ قارىغۇدەك كېلىشكەن كىشى ئىدى. مەن قومۇلدا تۇرغان ۋاقتىمدا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتىم. بىر كۈنى سودا بىلەن بازارغا چىققىنىمدا قاسىم پالۋانمۇ بازارغا چىققان ئىكەن. ئۇ مەندىن نەرسە-كېرەك سېتىۋالغاچ پاراڭلىشىپ، مېنىڭ گەپ-سۆزلىرىمدىن مەلۇم مەدەنىيەت سەۋىيەگە ئىگە ۋە خەنزۇچە تىل-يېزىقنى بىلىدىغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇكام ئۆزلىرى خەنزۇچە تىل-يېزىقنى بىلىدىكەنلا، مەن 1913-يىلىدىن 1920-يىلىغىچە گەنسۇ (甘肃)-چىڭخەي (青海) ئۆلكىلىرىدە تۇرغىنىمدا خەنزۇچە تىل-يېزىقنى ئۆگەنگەن. شۇ يىللاردا چېچىم ئۆسۈپ قالسا ساتراشخانىغا بېرىشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئەينەككە قاراپ ئۇستۇرا بىلەن چېچىمنى ئۆزەم چۈشۈرەتتىم. مەن دۇنخۇاڭ (敦煌) دا تۇرغان مەزگىلدە ئاتا-ئانىسى بازارغا ساتقىلى ئېلىپ چىققان ئىككى ئوغۇل، بىر قىز خەنزۇ بالىنى بېقىۋالغان ئىدىم[11]. كېيىن ئانام بۇنىيازخان ھاجى (1856-1930)، ئىككىنچى ئاكام تاھىر ھاجى (1879-1937) بىلەن كەنجى ئۇكام ئابدۇگۇلى ئاخۇن (1891-1974) نى مېنى ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن دۇنخۇاڭغا ئەۋەتىپتۇ، مەن ئاكام تاھىر ھاجىغا: ‹بۇ يەردە توپلاپ قويغان مال-مۈلكۈم بار[12]، يەنە ئۈچ نەپەر خەنزۇ بالىنى بېقىۋالغان. تۇرار جايىمغا بېرىپ بالىلار بىلەن مال-مۈلۈكلەرنى ئېلىۋېلىپ ئاندىن ماڭايلى› دېسەم. ئاكام مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلماي مەن بىلەن ئۇچراشقان يەردىن مېنى ئۇدۇل قومۇلغا قايتۇرۇپ چىقتى. مەن قومۇلغا چىقىپ ھازىرغا قەدەر ۋاڭ ئوردىسىدا ئىشلەپ كەلدىم. ئوردىدا شامەخسۇت ۋاڭ (1849-1930) مېھمان قوبۇل قىلغاندا بەزىدە تەرجىمانلىق قىلىمەن. ئېغىزچە تەرجىمانلىق قىلىشتىن سىرت يېزىقچە تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن. قەلەم ۋە ئۇستۇرىنى سول قولۇم[13] دا تۇتىمەن. ھازىرمۇ چېچىمنى ئەينەككە قاراپ ئۆزەم چۈشۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. مېنىڭ يەنە سۇنۇقچىلىق ۋە تېۋىپچىلىقتىنمۇ خەۋىرىم بار. كۈندە ئۆيۈمگە كېسەل كۆرسىتىش،

www.kitaphumar.com

سۇنۇق تاڭدۇرۇش ئۈچۈن كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمەيدۇ. ئۆيىمىزدە چۆچۈرە ئەتمەكچى بولساق، ئىككى قولۇمغا ئىككى قىغىراقنى بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى تۇتۇپ گۆش ۋە پىيازنى بىر دەمدىلا قىيما قىلىپ تەييارلايمەن.

ئايالىم رابىخان (1887-1962) بىلەن قىزىم زىلىخە ئاپپاق (1912-1987) خىمىرنى ئېچىپ (يېيىپ) بەرسە مەن تۈگىمەن، ئۇلار خىمىرنى ئېچىپ ئۈلگەرتەلمەيتتى. تاماق يېگەندە ئوڭ قولۇمدا يەيمەن. مېنىڭ ئاشقازان كېسىلىم بار، شۇڭا قورىغان گۆش ۋە قورۇما تاماقلارنى يېيەلمەيمەن، سۇدا پىشقان گۆش ياكى خام قىيمىداپ ئەتكەن تائاملارنى يەيمەن. ھازىر خەلقىمىزنىڭ ئىچىۋاتقىنى قارا تاختا چاي، ئىچكىرىسىدە تۇرغىنىمدا قارا تاختا چاينى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئورۇنلارغا بېرىپ تازىلىقىنىڭ بەكلا ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، قارا چاينى ئىچمەيدىغان بولدۇم. قومۇلغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن بەش ۋاق ناماز ۋە جۈمە نامازدا جامائەتكە:‹قارا تاختا چاينى ئىچمەيلى، تازىلىقى بەك ناچار ئىكەن› دەپ كۆپ قېتىم تەشۋىق قىلغان بولساممۇ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قارا تاختا چاينى ئىچىپ كۆنۈپ كەتكەن خەلقىمىزگە كار قىلمىدى، شۇڭا مەن ئادەتتە كۆك يوپۇرماق چاي ئىچىمەن. مەن كىچىكىمدىنلا قورالغا ئىشتىياق باغلىغاچقا ئۇستا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ چىققان، شۇڭا كىشىلەر مېنى ‹قاسىم پالۋان› دەپ ئاتايدۇ...› دېدى. ئۇ قايتىدىغان چاغدا ‹ئۇكام ۋاقتىڭلىرى بولسا ئۆيگە بارسىلا، شەھەر ئىچىدىكى ساڭخىي مەھەللىسىدە ئولتۇرىمەن، ئۆزلىرى ئۆيگە بارغاندا كەڭ-كۇشادە سۆھبەتلىشەيلى› دەپ خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. كېيىن مېنىڭ قاسىم پالۋاننىڭ ئۆيىگە بارىدىغانغا پۇرسەت بولمىدى» دېدى. بۇ قېتىم مەن «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» دىن بىر يۈرۈش (1-ساندىن 4-سانغىچە) ئالغاچ چىققان ئىدىم. ئۇنىڭغا: «بۇ كىتابلارنى سىزگە ئالغاچ چىقتىم» دېدىم، ئۇ كىتابلارنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ ماڭا رەھمەت ئېيتتى. مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ قايتماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ:«بالام بىز ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق، ۋاقتىڭىز چىققاندا يەنە كېلىڭ، سىز كەلسىڭىز مەن خۇش بولىمەن» دېدى.

ئارىدىن 20 نەچچە كۈن ئۆتۈپ يەنى 1996-يىلى 7-ئاينىڭ 17-كۈنى چوڭ ئوغلۇم ئابدۇغوپۇرجاننى ئېلىپ ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇمچىگە چىققىنىمدا ئەزىز نىيازى دادىمىزنى يوقلاپ باردىم. مەرھۇم بىزنى كۆرۈپ خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ «ئوغلۇم ئوبدان كەپسىز، بۇگۈن روھى-ھالىتىم ياخشى، ئىككىمىز ئوبدان سۆھبەتلىشەيلى، سىز يېزىقچىلىق بىلەن شوغۇللىنىدىكەنسىز. سورايدىغان سوئاللىرىڭىز بولسا تارتىنماي سوراڭ، مەن ئۆزەمنىڭ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بېرىمەن» دېدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ پاكىستاندا ئولتۇرۇشلۇق قىزى گۆزەل دادىسىنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن، ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە سۆھبەتتە بولدى. مەن ئۇنىڭغا:«مەن

سىزنىڭ ‹شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى› نىڭ 27-سانىغا بېسىلغان ‹ئازاتلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىمدىن قىسقىچە ئەسلىمە› ناملىق ئۆزۈن ماقالىڭىزنى ئوقۇدا بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ماقالىدا قومۇلغا دائىر مۇھىم بايانلار بار ئىكەن» دېدىم. ئۇ:«شۇنداق بالام، ئۇ ئۆزۈن ماقالە مېنىڭ ھاياتىمدىكى كەچۈرمىشلىرىم. ماقالىنىڭ ئەسلى ئارگىنالى ئۆزۈن ئىدى، تەھرىرلەر تەھرىرلىگەندە قىسقارتىپ تاشلاپتۇ» دېدى. مەن يەنە ئۇنى ئۆزىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن:

«بولىدۇ بالام مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەي بۇ بەك ئۆزۈن تارىخ، بۇ يىل مەن 91 ياشقا كىردىم، ياشىنىپ قالدىم. ‹شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى› نىڭ 27-سانىغا بېسىلغان ماقالەمدە بايان قىلىنغاندەك، مەن 1905-يىلى ھازىرقى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ماناس ناھىيەسىدە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىدە تۇغۇلدۇم. مېنىڭ بوۋام (دادامنىڭ دادىسى) مەشۇق خوجا (موللا مەشۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ھازىرقى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق ئاتۇش شەھرىنىڭ ئازاق يېزىسى (ئاستىن ئاتۇش) تېتىر كەنتىدىن، مومام (دادامنىڭ ئانىسى) مەمۇدىخانمۇ بوۋام بىلەن بىر كەنتلىك بولۇپ، بوۋام مەشۇق خوجا يۇرت ئاتلاپ تىجارەت قىلىدىغان كىشى بولغاچقا، ئۇ ياش ۋاقتىدا ئايالى مەمۇدىخان بىلەن ئاتۇشتىن ھازىرقى تۇرپان ۋىلايىتىگە قاراشلىق پىچان ناھىيەسىنىڭ لۈكچۈن يېزىسىغا كېلىپ، بىر قانچە يىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن قومۇلغا بېرىپ تىجارەت قىلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئىكەن. دادام نىياز ئاخۇن ۋە كىچىك ئانام مەلىكخان لۈكچۈندە تۇغۇلغان بولۇپ، بوۋام مەشۇق خوجا قومۇلدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئانام مەمۇدىخان كورلىدىن قومۇلغا قاساپچىلىق قىلىپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كېپەكباي ئىسىملىك كىشىگە ياتلىق بولغان ئىكەن. دادام ئۆگەي دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشنى خالىماي ماناسقا بېرىپ، ئىلگىرى تىجارەت بىلەن ماناسقا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتا تەرەپ تۇققانلارنىڭ ياردىمىدە كىچىك تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كېيىنچە ئانام ئايىسخان (توقسۇنلۇق) بىلەن توي قىلغان ئىكەن. دادام نىياز ئاخۇن مەن ئون ياشقا كىرگەن يىلى (1915-يىلى) 40 يېشىدا ماناستا ۋاپات بولدى. بىز مەن، مەلىكخان، زىلەيخان، بۇخەلچەم، يەنە بۇخەلچەم(14) قاتارلىق بەش بالا بولۇپ، مەن بالىلارنىڭ چوڭى ئىدىم. مەلىكخان غۇلجىدا، زىلەيخان ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولۇپ كەتتى. ئانام 27 يېشىدا دادامدىن تۇل قالغاندىن كېيىن قۇربان ئاخۇن ئىسىملىك قاساپچىلىق قىلىدىغان كىشىگە ياتلىق بولدى. ئانام ئۆگەي دادام قۇربان ئاخۇندىن ئايشەمخان، ھەلىمخان، زەينەپخان، سۇلايمان ۋە ئابدۇكېرىمجان قاتارلىق ئۈچ قىز ئىككى ئوغۇل پەرزەنت كۆردى. كىچىك ئىنىم ئابدۇكېرىمجان 1944-يىلى 8-ئايدا 17 يېشىدا ئالتايدا

www.kitaphumar.com

ئوسمان ئىسلام (1889ـ1951) باندىتلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئايشەمخان ۋاپات بولۇپ كەتتى. ھازىر زەينەپخان[15]، ھەلىمخان، سۇلايمان[16] لار غۇلجىدا. مەن ئۆگەي دادامنىڭ قاسساپچىلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىش بىللە تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىپ، 1928ـيىلىغىچە ماناستا تۇردۇم.

1928ـيىلى كۈز ئايلىرىدا مەن دادامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن مومام مەمۇدىخاننى يوقلاپ قومۇلغا بېرىپ مومام بىلەن دىدارلاشتىم. قومۇلدىكى تۇققانلار مېنىڭ قايتىشىمغا رۇخسەت قىلماي دادامنىڭ سىڭلىسى مەلىكىلىخاننىڭ قىزى زورىخانغا ئۆيلەپ قويدى،

شۇنىڭ بىلەن 1937ـيىلىغىچە قومۇلدا تۇرۇپ قالدىم. قومۇلدا قېينى ئاتام ئابدۇرېھىم ئاخۇن (رېھىم كوسا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ تىجارەت ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ، قومۇل بەش شەھەر[17] ئون ئىككى تاغ[18] لارغا بېرىپ تىجارەت بىلەن شوغۇللاندىم يەنە تىجارەت بىلەن گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې شەھىرى(甘肃省张掖市) قاتارلىق يۇرتلارغا باردىم. مەن زورىخاندىن غولام، ھەبىبۇللا، ئامىنەم قاتارلىق ئىككى ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان ئىدىم. ئىككى ئوغلۇم كىچىك ۋاقتىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى، قىزىم ئامىنەم[19] ئۈرۈمچىدە خىزمەتتە بولۇپ، ھازىر پېنسىيەگە چىقتى. 1937ـيىلى مەن جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالغاندىن كېيىن، قېينى ئانام مەلىكىخان[20] كىشىلەردىن مېنى ‹جاللات شېڭ شىسەي تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ› دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايالىم زورىخان باۋۇدۇن ساۋۇق (1887ـ1991) ئىسىملىك باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن مۇھەممەت، زىرىپەم، ھەمىدەم، زىۋىدەم، سادەتخان، راشىدىن قاتارلىق ئىككى ئوغۇل، تۆت قىز پەرزەنتلىك بوپتۇ. زورىخان ھازىر قومۇلدا(21).

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ، يەنى 1931ـيىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ جىن شۇرېن (1879ـ1941) نىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كەڭ ـ كۆلەملىك دېھقانلار ئىنقىلابى قومۇل ئون ئىككى تاغىنىڭ بىرى شوپۇلنىڭ دورغىسى سالى مەمەتنىياز (1887ـ1942) نىڭ رەھبەرلىكىدە باشلاندى. تاغدا قوزغىلاڭ پارتلىغاندىن كېيىن قومۇل شەھىرىدىكى چېرىكلەر جىددىيلىشىپ، ھەر ئاخشىمى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ جان سانىنى تىزىملايتتى. مەن خەنزۇچە بىلگەچكە چېرىكلەر مېنى تەرجىمانلىق قىلىشقا ئېلىپ باراتتى. ئەگەر بىر ئائىلىدە بەش جان بولۇپ، ئەتىسى تۆت جان بولۇپ قالسا چېرىكلەر ‹ئۆيىڭدىن بىر ئادەمنى تاغدىكى ئوغرىلارنىڭ ئىچىگە قاچۇرۇۋېتىپسەن› دەپ ئائىلە باشلىقىنى جازالايتتى. 1931ـيىلى 5ـئاينىڭ باشلىرىدا ئۆلكە رەئىسى جىن شۇرېن قومۇلدىكى

www.kitaphumar.com

قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا دەسلەپكى قەدەمدە ئەۋەتكەن شيۇڭ فايۇ (熊发友، 1891ـ1932) باشچىلىقىدىكى 500 نەپەر چېرىك 5ـئاينىڭ 7ـكۈنى  قومۇلغا يېقىنلاپ قالدۇ. شۇ ۋاقىتتا مەن كىشىلەردىن ئاڭلىشىمچە بوۋىڭىز قاسىم پالۋان شيۇڭ فايۇ چېرىكلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، 7ـچېسلا كەچ ئۆزى يالغۇز سىڭىرقۇم (تۇسقا)، ياقا مەھەللە قاتارلىق جايلاردا شيۇڭ فايۇ چېرىكلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ يوٚتكىلىپ يۈرۈپ بىر كېچە جەڭ قىلىپ، چېرىكلەرنى زور زىيانغا ئۇچراتقان ئىكەن. ئەتىسى (8ـچېسلا جۈمە) تاڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يالغۇزلىقىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى ئارايۇلتۇز (شىڭشىڭشيا ـ星星峡) قوراۋۇل (چازا ـ卡子) دىكى ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ پولك كوماندىرى جاڭ يۈشيۇ (张毓秀) ما جۇڭيىڭ (马仲英، 1909ـ1940) نىڭ قومۇلغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ، بۇيرۇققا بىنائەن 500 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ قومۇلغا چېكىنىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قاسىم پالۋان، ھەرقايسى تاغلاردىكى دورغىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ جاڭ يۈشيۇ چېرىكلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش پىلانىنى تۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى شەرق تەرەپكە يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئەتىسى (9ـچېسلا شەنبە) قاسىم پالۋاننىڭ قارىمۇقچىدىكى جەڭدە قۇربان بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. قاسىم پالۋانلار كەتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن شيۇڭ فايۇ چېرىكلىرى قومۇلغا كېلىپ كونا شەھەر (لوچىڭ ـ老城) دىكى چېرىكلەر بىلەن بىرلىشىۋالدى. ئەتىسى شيۇڭ فايۇ بىر قىسىم چېرىكنى باشلاپ زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ شەرققە ـ قارىمۇقچا تەرەپكە كەتتى. كېيىن كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ئۇلار قىزىل يۇلغۇن مەھەللىسى(22) دىن ئۆتۈپلا قارىمۇقچا تەرەپكە قارىتىپ زەمبىرەك ئېتىپ بېرىپ، قاسىم پالۋانلار قورشاپ زەربە بېرىۋاتقان جاڭ يۈشيۇ چېرىكلىرىگە ياردەم بەرگەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار شىمالغا ـ تاققا چېكىنىپ كېتىپتۇ. شيۇڭ فايۇ قارىمۇقچىغا بېرىپ قاسىم پالۋاننىڭ جەسىدىنى چوڭ يولدىكى ھارۋىنىڭ يېنىدىن تېپىۋېلىپ، بېشىنى كېسىپ قومۇلغا ئەكىلىپ كونا شەھەر دەرۋازىسىغا ئاستى. يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ‹يۈرەكلىك ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى يىسە ئادەم يۈرەكلىك بولىدۇ› دەپ قاسىم پالۋاننىڭ يۈرىكىنى قازاندا قورۇپ شيۇڭ فايۇ باشلىق چېرىكلەر ھەر بىرى بىر چىشلەمدىن يەپتۇ. شيۇڭ فايۇ قومۇل خەلقىنى قانلىق باستۇرغان ئەشەددى جاللات. ئۇ 1932ـيىلى 2ـئايدا پىچاندىن تۇرپانغا كېتىۋېتىپ ماشىنىسىنىڭ سۈيى تۈگەپ قېلىپ، 23 ئادىمى بىلەن تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قولىغا تىرىك چۈشكەندىن كېيىن، قوزغىلاڭچىلار ئۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىگە يىگۈزۈپ ئۆلتۈرۈۋەتتى(23)›. مېنىڭ ئەينى يىللاردا 1931ـيىلىدىكى قومۇل دېھقانلار  قوزغىلىڭى توغرىسىدا يازغان كۈندىلىك خاتىرەم بار بولۇپ، بۇ خاتىرەمدە قارىمۇقچا جېڭى ۋە قومۇلدىكى

www.kitaphumar.com

بارلىق جەڭلەرنىڭ تەپسىلى جەريانى ۋە يىل ئاي كۈنلىرى تولۇق خاتىرىلەنگەن ئىدى. كېيىن بۇ كۈندىلىك خاتىرەم جاللات شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە مۇسادىرە قىلىنىپ كەتتى.

قومۇلدىكى ئۇرۇش ئۇدا داۋاملىشىپ، 1933-يىلى 3-ئايغا كەلگەندە قومۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىرلىشىپ پىچان، تۇرپان، مورى، جىمسار ۋە گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا ئۇرۇش قىلدى. جىمساردىكى ئۇرۇشتىن كېيىن ما جۇڭيىڭ بىلەن خوجىنىياز ھاجى ئوتتۇرىسىدا قورال-ياراق تالىشىش ماجراسى يۈز بېرىپ، ھاجى ما جۇڭيىڭدىن ئاغرىنىپ ‹مەن بۇ تۇڭگاندىن قولۇمنى جەينىكىمگىچە يۇۋاتتىم› دەپ جاللات شېڭ شىسەي بىلەن بىرلەشتى...كېيىنكى ئۇرۇشلارنى سۆزلىمىسەممۇ بولار، چۈنكى بۇ ئۇرۇشلار توغرىلۇق ‹شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى› ۋە ھەر قايسى شەھەرلىك، ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەت كومىتېتلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن‹تارىخ ماتېرىياللىرى› نىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرىدا ھەمدە مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ‹ئويغانغان زېمىن› (1-ۋە 2-قىسىم) ناملىق تارىخى رومانلىرىدا تەپسىلى مەلۇماتلار بېرىلدى›. گومىنداڭ دەۋرى ۋە ئازاتلىقتىن كېيىنكى ئىشلار توغۇرلۇق ئەسلىمەمدە مەلۇمات بەردىم» دەپ سۆزىنى ئاياقلاشتۇردى.

مەن ئۇنىڭدىن يەنە:«سىز ھاشىم ھاجى، قادىر ھاجى ۋە سېيىت ھاجىلارنى كۆرگەنمۇ؟ ئۇلارنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ باشلىقى ستالىن (1879-1953) شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن ئادەملەر دەپ ئاڭلىدۇق، يولۋاس قانداق ئادەم ئىدى؟» دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ: «بالام ئەينى ۋاقىتتا ستالىن جاللات شېڭ شىسەينىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمىگەچكە ئەكسىچە ئۇنى قوللاپ، ‹قان ئىچەر ئۈچ ھاجى› دەپ سېسىق نامى پۈتۈن شىنجاڭغا پۇر كەتكەن قانخور جاللاتلارنى شىنجاڭغا-جاللات شېڭ شىسەيگە ياردەملىشىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. مەن ھاشىم ھاجىنى دەسلەپ قومۇلدا، كېيىن ئۈرۈمچىدە كۆردۈم. سېيىت ھاجى بىلەن قادىر ھاجىنى ئۈرۈمچىدە كۆرگەن. سېيىت ھاجى ئۈرۈمچىدە ئىشلەيتتى، قادىر ھاجى قەشقەردە بولسىمۇ دائىم ئۈرۈمچىگە كېلىپ تۇراتتى. بۇ قانخور ئۈچ قاسساپ شىنجاڭغا كېلىپ شېڭ شىسەينىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، 120 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەتتىن بولغان تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر، زىيالىيلار، دىنىي زاتلار، سودىگەرلەر...مۇشۇ قانخور قاسساپلار ۋە ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى قول-چومىقى، غالچىسى بولغان ھوشۇر مۇسا (1915-1984)، شاۋاز (1917-1951) غا ئوخشاش قانخور جاللاتلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ئەڭ قەبىھ، ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن قىين-قىستاققا ئېلىنىپ، ئۇلاردىن 80 مىڭدىن ئارتۇقى مۇشۇ قانخور جاللاتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ھايات قالغانلارمۇ تۈرمىدە قەبىھ،ۋەھشى قىين-قىستاققا ئېلىنغاچقا ئۇزۇن ياشىيالمىدى. مەن بۇ ‹قان ئىچەر ئۈچ ھاجى› نىڭ

www.kitaphumar.com

شىنجاڭدىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرىنى ۋە يولۋاسنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ماقالەمدىكى ‹قومۇلغا ئىككىنچى قېتىم بېرىشىم› ناملىق ماۋزۇدا قىسقىچە بايان قىلدىم، سىز مېنىڭ ئاشۇ ئەسلىمەمنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ» دەپ تەكلىپ بەردى. مەن قومۇلغا كېلىپ ئەزىز نىيازنىڭ ئەسلىمىسىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئۇ «قان ئىچەر ئۇچ هاجى» ۋە يولۋاسقا تۆۋەندىكىدەك باها بەرگەن:

«هاشىم هاجىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەنسۇر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھەرقايسى ئورۇنلارغا بېرىپ ۋەزىپە ئۆتەشتە ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ تۇردىغان ۋە تۇرلۇك قىياپەتلەرگە كىرىۋالىدىغان هىيلىگەر رەڭۋاز ئىدى. ئۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدىن چىققان مەككار بولۇپ، ئۇنىڭ قىياپىتى ۋە جادۇگەرلىك سىماسى، قارا چىراي، سوقا يۈزلۈكى، چىقىر خۇنخور كۆزلىكى، ئۇنىڭ قارا يۈرەكلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. 42 ياشلارغا كىرگەن بۇ ئادەم سوۋېت تۈپرىقىدا ئۆسۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى (ئامانلىق ساقلاش) بۆلۈملىرىدە ئىشلەپ تېررورلۇق قىلىش بىلەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە قاتارلىق جايلىرىدا نۇرغۇنلىغان خەلقنىڭ قېنىنى تۆككەن ھەم كۆپلىگەن ئائىلىلەرنى خانىۋەيران قىلغانلارنىڭ بىرى ئىدى.




1935-يىلى 5-ئايدا شىڭ شىسەي هاكىمىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۈچ نەپەر ژاندارما خادىمى بىلەن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى،

www.kitaphumar.com

سىيىت ھاجى ئۈرۈمچى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن ئىشلىدى. ئىككىنچىسى، ھاشىم ھاجى قومۇلدا يولۋاسنى قولغا ئېلىش شۇنىڭدەك قومۇل خەلقى ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەرنى يوقىتىش ئۈچۈن قومۇلغا كەلدى. ئۈچۈنچىسى، قادىر ھاجى دېگىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا خوسۇسەن مامۇت شىجاڭنى قولغا چۈشۈرۈش، يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە بۆلۈم باشلىقى ئەمەلىيەتتە ئىدارە باشلىقى بولۇپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ قەشقەر خەلقىغە يەتكۈزگەن دەھشەتلىك قىلمىشلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىزدۇر. ئۇ قانچە يۈزلىگەن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئاتا-بالا ۋە ئانىلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، مال-مۈلۈكلەرنى مۇسادىرە قىلدى. بۇ ھەقتە قەشقەردىن قولغا ئېلىنىپ كەلگەن ئابدۇراخمان خالىقنىڭ ئېيتىشىچە قەشقەر كوچىسىغا چاپلانغان بىر كۇبلىت شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

كاشغار چۇمباستا يۇرتۇم ھاشىم ھاجى ئوغلىمەن،
كۆرۈنۈشتە سۈپى ئەمما باتىنىمدىن ئوغرىمەن.
ئۆلتۈرۈش سەنئەتكە تولغان قانخومار كەسىپىم مېنىڭ،
كىم ماڭا ئىشلىك خاتا دېسە جاۋابىم توغرىمەن.

مانا قادىر ھاجىمنىڭ قەشقەر خەلقىغە قىلغان زىيانكەشلىكى، كۆشەندىلىكى پۈتۈن شىنجاڭغا ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئالللىقاچان مەلۇم بولغان.

ئەمدى بىز ھاشىم ھاجىنىڭ قومۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقانلىقىدىكى ئىپلاس قىياپىتىگە كەلسەك، ئۇچىسىغا كىيگىنى ئالا يوللۇق ئالدى ئوچۇق ئۇزۇن چاپان، بېشىدا ھەرەمنىڭ سېرىق سەللىسى، پۇتىدا مەسە-كالاش، كۆرۈنۈشى كەمتەر، يەنە بىر تەرەپتىن زاھىت-سوپى، ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز تامغا ئېسقلىق قۇرئان جىلتىكىسى ھەمدە تامغا نەقىشلەپ يېزىلغان ئايەتلەر كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. بەشۋاق نامازدا جامائەت بىلەن بىللە بولۇپ، مەسچىتكە بۇرۇن كىرىپ، كېيىن چىقىشتەك ئۇستىلىقى بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆزىگە دام قىلىپ ماتېرىيال توپلاشقا كىرىشىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھاشىمنىڭ قومۇل ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە كېلىشىدە كۆرۈنۈشتە ئۇ بۆلۈمچە باشلىقى (گۇجاڭ-股长) بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. ئۇ كېلىپ بىر ئاي ئىچىدىلا باش قارا قوللۇق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە

www.kitaphumar.com

ئالدۇ. بۇ جەرياندا قومۇل شەھرى، بەش شەھەر، 12 تاغ دائىرىسىنى جاسۇسلۇق تورى بىلەن قاپلاپ بولدۇ.

ئۆتكەن تارىختىن تارتىپ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان ۋە ياردەم بەرگەن ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتلىرىنى، دورغا، بەگ، غوجا، خىزمەتچىلەرنى، شۇنىڭدەك شەھەر ئىچىدىكى يۇرت مۆتىۋەرلىرى ھەم دىنى زاتلار ۋە زىيالىي، تىجارەتچى قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەرنى قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يوللاشتەك رەزىل ئىشلارنى قىلدى. شۇنىڭدەك نەچچە يۈزلىگەن خەلقنى ناھەق ئۆلتۈرگۈزدى ۋە ئىزسىز يوقاتتى.

جاللات شېڭ شىسەينىڭ ھاشىم ھاجىنى قومۇلغا ئەۋەتىپ، يولۋاسنى قولغا چۈشۈرۈش مەقسىتى كىتابخانىلارغا ئېنىق بولسىمۇ، بۇ ھەقتە مەن يەنە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن.

يولۋاسنىڭ 1930-يىللاردىكى ياش قورامى قىرىق بەشلەردە بولۇپ، ساقاللىق، ئېگىز گە مايىل، ئاق چىراي ئادەم بولۇپ، ئۆتكۈر زېھنىلىك، جىددى، مۇھاپىزىتى كۈچلۈك ئادەم ئىدى. خەنزۇ تىلىغىمۇ خېلى ئۇستا بولۇپ جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيدىن كەلگەن خەنزۇچە تېلېگراممىلارنى تۈۋك فاملىلىك كاتىپى ئوقۇپ بەرسىلا شۇ ھامانلا چۈشىنەتتى ۋە جاۋابىنىمۇ خەت بويى ئېيتىپ بېرەتتى. گارنىزون قوماندانى بولۇشتىن بۇرۇنقى تارىخىغا كەلسەك، شاماخسۇت ۋاڭ دەۋرىدىمۇ شامەخسۇتنى قايىل قىلدۇرۇپ كەلدى. ۋاڭنىڭ ئىككىنچى ھۆكۈمرانى بولغان تەيجىلەرنى كۆرۈنۈشتە ھۆرمەت قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى كۆزگىمۇ ئىلمايتتى. ئۇ ۋاقىتتىكى خىزمىتى ۋاڭنىڭ تايانچ بەگلىرىنىڭ ئالدىنقىسى، ۋاڭنىڭ تەرجىمانى، شەنجاڭ، ئوردا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن قوشۇمچە بازار بېگى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە بولسا قومۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ھوقۇقلۇق باشلىقى بولۇش بىلەن ما جۇڭيىڭغىمۇ ياردەم قىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قومۇل، باركۆل تاغلىرىدىكى قوراللىق، قورالسىز قازاقلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ھەربىي كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، گارنىزون قوماندانلىق ھوكىمى ئاستىدا شېڭ شىسەينىڭ قومۇلغا ئەۋەتكەن قوشۇنى يەتتە قۇدۇققا كەلگەندە قوشۇننىڭ قومۇلغا كېلىشىگە قارشى چىقىپ، ئارقىغا چېكىندۈردى. بۇ ئەھۋاللاردىن شۇ ۋاقىتتا خەۋەر تېپىپ تۇرغان شېڭ شىسەي يولۋاسقا قارىتا تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىشكە كىرىشىپ، ئارقىمۇ ئارقا سوۋغا-سالام ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدۇ.

بىر قېتىم مەن بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم: توختاخۇن بىلەن ئىككىمىز يولۋاسنىڭ ھويلىسىدا تۇرغىنىمىزدا يولۋاس ھەربىيچە كىيىنگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا توختاخۇن:‹سىلىگىنىڭ ھەربىيچە كىيىمى تازا يارىشىپتۇ› -دېدى. مەنمۇ قوشۇمچە قىلىپ:‹راست

www.kitaphumar.com

يارىشىپتۇ، مۇبارەك بولغاي›-دېدىم. يولۋاس شۇ چاغدا كۈلۈپ قويۇپ:‹دۈبەن جانابلىرى ئالدىدا پۈتۈمغا ئۆتۈك ئەۋەتتى، ئارقىسىدىن ئۇچاڭدەي (پورتۇپىيە-قىلىچ ۋە يان قورال ئاسىدىغان قىيىش) بىلەن پاگون ئىلتىپات قىپتۇ، بۇ ئىلتىپات ئۈرلەپ باشقا يېقىن كېلىپۋاتىدۇ›-دېدى ئۇ. ئۇنداق كۈلۈشى‹يولۋاسنىڭ ھىجايغىنى، كۈلگىنى ئەمەس›-دېگەن تەمسىلنىڭ ئۆز ئەينى ئىدى. بىز ‹باشلىرىنى خۇدايىم ساقلايدۇ سىلىنىڭ›-دېدۇق. ئاخىرىدا دۈبەن يولۋاسنى ئۈرۈمچىگە چىقىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىپ بىر قانچە تېلېگراما ئەۋەتىدۇ. ئەمما يولۋاس بۇ تورغا چۈشمەي ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئوغلى ياقۇپبەگنى ئەۋەتىدۇ. دېمەك يولۋاس سىياسىي ھىيلىگەرلىكتە بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ كۆتۈرىدۇ. ئۇ بىر يۈمىلىنىپ دىنىي زات، بىر يۈمىلىنىپ كوممۇنىست بولۇۋېلىشتەك خۇسۇسىيەتكە ماھىر ئىدى. يەنە كېلىپ قومۇلنىلا ئەمەس، بەلكى شىنجاڭنىمۇ مۇستەقىل ھاكىم بولۇشتەك سۇيىقەستلىك غەرەزدىن خالى ئەمەسلىكى سۆز ھەرىكىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

شېڭ شىسەي بۇنداق خەۋپلىك يولۋاسنى تورغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھاشىم ھاجىدەك ئۇستا ئوۋچى ئاپشاركىلارنى تەكلىپ قىلىپ قومۇلغا ئەۋەتتى، ھاشىم ھاجى قومۇلغا كېلىپ ئالدى بىلەن يولۋاسقا يېقىنلىشىپ ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلەتتى. ئەمما ئۇ ھەرقانچە نەيرەڭ ئىشلىتىپمۇ يولۋاسنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. ئاخىر ئۆزى مەغلۇپ بولۇپ، قومۇلدىن ھىمايەت ئاستىدا قېچىپ قۇتۇلدى. ئاخىرىدا يولۋاس جىن شۈرىن، شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى جاسۇسلىرىنىڭ قولىغىمۇ چۈشمەي، ھەتتا كېيىنكى ۋاقىتتا خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىگىمۇ تەسلىم بولماي قېچىپ يۈرۈپ، ئۆزىنى تەيۋەندىكى جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى...».

مەن ئۇنىڭدىن يەنە:«سىز نىياز دېھقاننى كۆرگەنمۇ» دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ:

«كۆرگەن بالام، ئۇ كىشى قاسىم پالۋاننىڭ ئاكىسى بولىدۇ، ئۇ 1931-يىلىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى. مەن قومۇلغا كېلىپ سودا-سېتىق بىلەن قالغايىتغا چىققىنىمدا نىياز دېھقان بىلەن كۆرۈشكەن، چۈنكى ئۇ شۇ يىللاردا سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانغاچقا، قومۇلدىكى چوڭ خۇيزۇ سودىگەر ما چاڭلىن ھاجى (24) ۋە سىدىق ھاجى (1875-1933) قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئالاقىسى بار ئىكەن. شامەخسۇت ۋاڭ ئۇنى قالغايىتنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كەرۇ(25) قىر دېگەن جايدىكى ۋاڭ ئوردىسىغا قاراشلىق يەرلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ‹نىياز دېھقان›(26) دەپ ئاتايدىكەن. نىياز دېھقان تۇرسۇن ئاخۇن ۋە توقسۇن ئاخۇن (كىچىك ئاخۇن دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قاتارلىق ئىككى ئوغلىنى

www.kitaphumar.com

ئەگەشتۈرۈپ خوجنىياز ھاجى بىلەن بىللە قومۇلدىكى بارلىق جەڭلەرگە قاتناشتى، كېيىن پىچان-تۇرپانلارغا بېرىپ، ئۇ يەرلەردىمۇ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقانلىقىنى ئاڭلىدىم. 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنى خوجنىياز ھاجى شىڭ شىسەي ئوتتۇرىسىدا ‹جىمسار بىتىمى› ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئۇ ‹ھاجى قاراپ تۇرۇپ بۆرە بىلەن بىرلەشتى، ما جۇڭيىڭنىڭ كۆچىدىن پايدىلىنىشنى بىلمىدى› دەپ ھاجىدىن ئاغرىنىپ قومۇلغا قايتىپ كەلگەن ئىكەن. 1938-يىلى 10-ئايدا نىياز دېھقان خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ دەسلەپ قومۇل، كېيىن ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە قامالدى. مەن نىياز دېھقاننى ئۈرۈمچىدە تۈرمىدە كۆرگەن ئىدىم. كېيىن ئۇنى ‹تۈرمىدە ئەمگەك قىلىۋاتقان يەردىن پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىپتۇ› دەپ ئاڭلىدىم» دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن يەنە:«سىز خوجنىياز ھاجىغا قانداق قارايسىز» دەپ سورىغان ئىدىم. ئۇ تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەردى:

«1931-يىلى ئەتىيازدا قومۇل خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كەڭ-كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. ئىككىنچى يىلى (1932-يىلى) 6-ئايدا ئېچىلغان ‹تاراتى يىغىنى› دا خوجنىياز ھاجى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى بولۇپ سايلاندى. قومۇلدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلاردا ھاجى باتۇر-قەيسەرلىكى، مەرگەنلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ تالانتىنى نامايەن قىلىپ ئۇرۇشلارغا توغرا قوماندانلىق قىلىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇڭا قومۇلدا تۇرۇشلۇق ليۇ شىزېڭ (刘希曾) قاتارلىق ھۆكۈمەت چېرىكلىرىنىڭ باشلىقلىرى خوجنىياز ھاجى قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارنى قورال كۈچى بىلەن يوقىتىشقا كۆزى يەتمەي، ئاخىر ھىلە-مىكىر ئىشلىتىپ ھاجىنى قومۇلغا سۆھبەتكە تەكلىپ قىلدى، ھاجى قومۇلغا كېلىپ، ليۇ شىزېڭ، شيۇڭ فايۇ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋىگەندىن كېيىن‹مەن تاققا چىقىپ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئادەملىرىمنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى يىغىپ سىلەرگە تاپشۇراي› دەپ تاققا قايتىپ چىقىپلا:‹سەنلەرگە تەسلىم بولۇپ قورال-ياراق تاپشۇرىدىغان خوجنىياز تېخى تۇغۇلمىدى› دەپ ئۇرۇشنى باشقىدىن باشلاپ، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. 1933-يىلى 3-ئايدا قومۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى بىرلەشكەندىن كېيىن قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى. مۇشۇنداق پەيتتە يولۋاس (1889-1971) گەنسۇغا بېرىپ ما جۇڭيىڭنى 2-قېتىم شىنجاڭغا باشلاپ چىقتى. ما جۇڭيىڭ بۇ قېتىم ‹گومىنداڭ دۆلەت ئارمىيەسىنىڭ 36-دىۋىزىيەسى› دېگەن نام، بىلەن شىنجاڭغا چىققان ئىكەن. ئۇ ھاجى ۋە مەھمۇت مۇھىتلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭەشكەندىن كېيىن، ھاجىلار جىمسارغا، ما جۇڭيىڭ گۇچۇڭغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، پۈتۈشكەن ئىكەن. گۇچۇڭ ۋە جىمساردىكى چېرىكلەر ما

www.kitaphumar.com

جۇڭيىڭ ۋە ھاجىلارنىڭ قاخشاتقۇچ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر قورال تاشلاپ تەسلىم بولدۇ. گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا ما جۇڭيىڭنىڭ ئۇكىسى ماجۇڭجې (马仲杰، 1911ـ1933) ئىككى قولىغا ئىككى پىچاقنى ئېلىپ، پىچاقنى سېپىلنىڭ تېمىغا سانچىپ يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا كەينىدىن ئوق تېگىپ جېنىدىن ئايرىلغان ئىكەن. كېيىن تارىخى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىغا قارىغاندا، جىمسارىدىكى ما لۈيجاڭ (马旅长) چېرىكلىرى كېچىدە تەسلىم بولۇپ، قورال-ياراقلارنى ئەتىسى تاپشۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن ئىكەن. ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ما لۈيجاڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى ئەتىسى يىغماقچى بوپتۇ. بىراق سالى دورغا، نىياز دېھقان...قاتارلىق كىشىلەر ما لۈيجاڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى دەرھال يىغىۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، ھاجى‹جەڭچىلىرىمىز كېچە-كۈندۈز ئۇرۇش قىلىپ بەك چارچاپ كەتتى، قورشاۋدىكى چېرىكلەر ھېچيەرگە كېتەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى ئەتە ئەتىگەندە يىغساقمۇ بولىدۇ› دەپ ئۆز پىكرىدە تۇرغان ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن جىمسارىدىكى چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قورالارنى شۇ كېچىسى گۇچۇڭدىكى ما جۇڭيىڭ يىغىپ كېتىپتۇ(27). شۇنىڭ بىلەن ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ ئىككىسى ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ ئىتتىپاقچىدىن رەقىپكە ئايلاندى. بۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدىكى ھېلىگەر ئىككى يۈزلىمچى پۇرسەتپەرەست جاللات شېڭ شىسەي سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رەھبىرى ستالىننىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شېڭ شىسەينىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، بۇ جاللات ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، ھاجىنى يېنىغا تارتىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى قىلىۋالدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ما جۇڭيىڭ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ ھاجى بىلەن قايتا يارىشىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ ھاجى ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. 1933-يىلى 6-ئاينىڭ 4-كۈنىدىكى ‹جىمسار بېتىمى› دىن كېيىن ھاجى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى قومۇل-تۇرپان قوزغىلاڭچى قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبى شىنجاڭغا ماڭدى. ما جۇڭيىڭ قوشۇنى شېڭ شىسەي، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىرلەشمە ئارمىيەسىدىن مەغلۇپ بولۇپ جەنۇبى شىنجاڭغا چېكىنىپ، يول بويى ھاجىلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. بۇ ۋاقىتتا ھىلىگەر شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭنىڭ تاماشىسىنى كۆردى.

1934-يىلى 8-ئايدا خوجىنىياز ھاجى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، جەنۇبي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە تۇرپانغا كەلگەندە، مەن يولۋاسنىڭ

www.kitaphumar.com

تاپشۇرىقى بىلەن قومۇلدىكى سەدەنشا ئەلەم (1853ـ1947)، يۈسۈپ تەيجى (1864ـ1940)... قاتارلىق يۇرت چوڭلىرىنىڭ ھاجىنى ئۈرۈمچىگە بارماسلىق توغۇرسىدا نەسىھەت قىلىپ يازغان خېتىنى تۇرپانغا ئېلىپ چىقىپ ھاجىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن بولسامۇ، ئۇ يەنىلا ئىشپىيونلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئىلگىرى قومۇل ـ تۇرپاندا ۋە كېيىنكى كۈنلەردە شىنجاڭدا دەريا ـ دەريا قانلارنى ئاققۇزغان جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۇۋىسى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ‹مۇئاۋىن رەئىس› دېگەن قۇرۇق ئەمەلگە ئېرىشتى(28). كېيىن ما جۇڭيىڭ ستالىننىڭ، ھاجى جاللات شېڭ شىسەينىڭ قانلىق چاڭگىلىدا ھالاك بولدى».

مېنىڭ ئەزىز نىيازى بىلەن يەنە سۆھبەتلەشكۈم بار ئىدى. بىراق 91 ياشلىق ياشانغان كىشى بولغاچقا ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر قانچە قېتىم دېمى سىقىپ ھاسىراپ قالدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭدىن داۋاملىق سوئال سوراشقا بولمايتتى. مەن ئۇنىڭغا:«رەھمەت بوۋىگان ماڭا نۇرغۇن تارىخنى سۆزلەپ بەردىڭىز، سىزنى چارچىتىپ قويدۇم، مەن كېيىنكى قېتىم چىققىنىمدا يەنە سۆھبەتلىشەيلى» دەپ قايتماقچى بولدۇم. ئۇمۇ «بالام سىزگىمۇ رەھمەت، مېنى دەپ ئالاھىدە قومۇلدىن كەپسىز، يەنە كېلىڭ، مەن ياشنىپ قالدىم خۇدا بۇيرىسا يەنە كۆرۈشەرمىز» دېدى. مەنمۇ «خوش سىزنى خۇداغا ئامانەت» دەپ قايتتىم. بىراق ئەزىز نىيازى بىلەن بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئاخىرقى قېتىمقى كۆرۈشۈش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مەن قايتىدىغان چاغدا خاتىرە ئۈچۈن ئەزىز نىيازى دادىمىز بىلەن يەنە سۈرەتكە چۈشتۇق.

مەن قومۇلغا قايتىپ كېلىپ 7ـئايدىن 10ـئايغىچە ئۈچ ئاي ئىدارىدە باشقا خىزمەتتە بولدۇم. 10ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۈرۈمچىگە چىققىنىمدا ئەزىز نىيازىنى يوقلاپ بارسام پۈتۈن ئائىلىسىدىكى پەرزەنتلىرى، ئايالى ئاق ياغلىق سېلىۋالغان بولۇپ، مۇسىبەت بولغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. پەرزەنتلىرى كۆز يېشى قىلىپ:«ئابلىمىت دادام 8ـئاينىڭ 29ـكۈنى تۇيۇقسىز بىزنى ھەسرەتتە قالدۇرۇپ، كېتىپ قالدى» دەپ قايغۇرۇپ يىغلىشىپ كەتتى. مەن ئاۋۋال پەتە قىلىپ، ئاندىن ئۇلاردىن ھال سوراپ تەسەللى بەردىم ھەمدە ئەزىز نىيازى دادىمىزنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سورىدۇم. پەرزەنتلىرى جاۋابەن:«دادىمىز يېقىندىن بۇيان، ئىچى سۈرۈپ، تاۋى يوق بولۇپ قالغان. ئائىلە كارۋىتى قىلىپ ئاسما ئوكۇل ئىسقۇزۇپ داۋالاتتۇق، ئەمما ئۈنۈم بولمىدى، 29ـئاۋغۇست تاڭ سەھەر دادىمىزنىڭ مىجەزىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش بولۇپ كېتىپ قالدى» دېيىشتى. مەن پەرزەنتلىرىگە: «ئۆلۈم تەبىئەتنىڭ قانۇنى، بۇنىڭغا ھېچ چارە يوق ئىكەن، ھەممىمىز سەۋرى قىلىشىمىز كېرەك» دەپ تەسەللى بەردىم ۋە «بىزبۇندىن كېيىن يەنە ئىزدىشىپ، بىر ـ بىرىمىزنى يوقلىشىپ تۇرايلى» دەپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتىم. كېيىن ئەزىز

www.kitaphumar.com

نىيازنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇدىر مۇخبىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان چوڭ ئوغلى رىشات ئاكا (ھازىر ئۈرۈمچىدە پېنسىيەدە) بىلەنمۇ تونۇشۇپ خۇددى ئاكا-ئۇكىلاردەك بولۇپ قالدۇق. بىزنىڭ بۇ مۇناسىۋىتىمىزدىن مەرھۇمنىڭ روھى خۇش بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. كېيىن رىشات ئاكا ماڭا: «ئۇكام مەن دادامنىڭ ‹شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى› نىڭ 27-سانىغا بېسىلغان ئەسلىمىسىنىڭ قومۇلغا مۇناسىۋەتلىك قىسمىنى ئايرىم ماقالە قىلىپ تەييارلاپ قويغان ئىدىم. سىز بۇ ماتېرىيالنى قومۇلدىكى مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرسىڭىز، دادامنىڭ بۇ ئەسلىمىسىنى قومۇلدىكى ئوقۇرمەنلەرمۇ ئوقۇپ پايدىلانغان بولسا» دەپ ماتېرىيالنى ماڭا بەردى. مەن ماتېرىيالنى قومۇلغا ئېلىپ كېلىپ «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەت كومىتېتى» غا تاپشۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئەسلىمە «قومۇل شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 6-سانىدا «قومۇلدا ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەن ماۋزۇدا ئېلان قىلىندى.

ھەش-پەش دېگىچە 15 يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن ئەزىز نىيازى بىلەن پەقەت ئۈچ قېتىم كۆرۈشكەن بولساممۇ، ئۇ مېنىڭدە ئۇنتۇلغۇسىز چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە قىلغان گەپ-سۆزلىرى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ. شۇڭا ئەزىز نىيازىنى چوڭقۇر سېغىنىپ ۋە ئەسلەپ بۇ ئەسلىمىنى يازدىم.

## ئىزاھاتلار:

① ۋۇ يىنسۈن (1848-1917): 1905-يىلىدىن 1906-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى (巡抚) بولغان.

② لىيەن كۈي (1849-؟): 1906-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان.

③ خې يەنشېڭ (1860-1910): 1910-يىلىدىن 1910-يىلىغىچە (شۇ يىلى ۋاپات بولغان) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان.

④ يۈەن داخۇا (1851-1935): 1910-يىلىدىن 1912-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولغان.

⑤ ياڭ زېڭشىن (1864-1928): 1912-يىلىدىن 1928-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باش ھۆكۈمرانى بولغان.

www.kitaphumar.com

⑥ جىن شۇرېن (1879ـ1941): 1928ـيىلىدىن 1933ـيىلىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

⑦ شېڭ شىسەي (1897ـ1970): 1933ـيىلىدىن 1944ـيىلىغىچە شىنجاڭ چېگرا ـ مۇداپىئە باش ۋالىسى (دۇبەن ـ督办) قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغان.

⑧ گومىنداڭ 1944ـيىلىدىن 1949ـيىلىغىچە شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان (مۇشۇ بەش يىلدا ۋۇ جوڭشىن ‹吴忠信، 1884ـ1959›، جاڭ ژىجوڭ ‹张治中، 1890ـ1969›، مەسئۇد سەبرى‹1888ـ1952›، بورھان شەھىدى ‹1894ـ1989› لەر ئىلگىرى ـ كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولغان).

⑨ كومپارتىيە 1949ـيىلىدىن ھازىرغا قەدەر شىنجاڭغا رەھبەرلىك قىلماقتا.

⑩ ھەسەن بالا ھاجى ئاتۇشلۇق چوڭ سودىگەر بولۇپ، 1931ـيىلى 65 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

⑪ ئابدۇراخمان ۋەلى (1928ـ2005) يازغان، قومۇل شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەت كومىتېتى تۈزگەن:«قومۇل شەھرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ خەنزۇچە 3ـقىسمىغا بېسىلغان:«ئازاتلىقتىن بۇرۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىپ، قومۇلغا ئېلىپ كېلىنگەن خەنزۇ بالىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى (解放前被贩卖到哈密的汉族儿童的遭遇)» ناملىق ماقالىدا قاسىم پالۋان بېقىۋالغانغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسى سېتىۋەتكەن خەنزۇ بالىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن.

⑫ مەرھۇم ئانام زىلىخە ئاپپاق بىزگە مۇنداق دېگەن ئىدى:«دادام شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، دادامنىڭ دۇنخۇاڭدا قالغان مال ـ مۈلۈكلىرىنى بىر قازاق كىشى دۇنخۇاڭدىن شوپۇلغا ئېلىپ چىقىپ دادامنى سۈرۈشتۈرگەن ئىكەن. شوپۇللۇق كىشىلەر ئۇنىڭغا:«قاسىم پالۋان شېھىت بولۇپ كەتتى، ھازىر بالىلىرى بار» دېگەندىن كېيىن، بىزنى «شوپۇلغا چىقىپ مال ـ مۈلۈكلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىۋالسۇن» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىكەن. بىراق ئۇ ۋاقىتتا جاھان تىنىچ بولمىغاچقا شوپۇلغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىپ چىققان قازاق قايتىپ كېتىپتۇ.

⑬ مەن ئوقۇش يېشىغا يېتىپ تاكى 1978ـيىلىغىچە سول قولۇم بىلەن خەت يازاتتىم. 1978ـيىلىدىن باشلاپ ئوڭ قولۇم بىلەن يازىدىغان بولدۇم. مەرھۇم ئانام ماڭا:«بالام سىز بوۋىڭىز قاسىم پالۋاننى دوراپ قاپسىز. بوۋىڭىز خەتنى سول قولىدا يازاتتى» دېگەن ئىدى.

www.kitaphumar.com

(14) ئەزىز نىيازنىڭ 3-سىڭلىسى بۇخەلىچەم يېشىغا تولمايلا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، 4-سىڭلىسىمۇ بۇخەلىچەم دەپ ئىسىم قويغان بولۇپ، ئۇمۇ يېشىغا تولمايلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

(15) (16) ئەزىز نىيازى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە زەينەپخان، سۇلايمان هايات ئىدى. زەينەپخان 1997-يىلى 2-ئاينىڭ 10-كۈنى 69 يېشىدا، سۇلايمان 2003-يىلى 12-ئاينىڭ 21-كۈنى 73 يېشىدا غۇلجىدا ۋاپات بولدى.

(17) بەش شەھەر: سۇمقاغا (头堡)، ئاستانە (二堡)، تۇغچى (三堡)، لاپچۇق (四堡)، قارادۆۋە (五堡) دىن ئىبارەت.

(18) ئون ئىككى تاغ: شوپۇل (小堡)، خوتۇنتام (苂苂台)، باغداش (八大石)، تاشار (下庙尔沟)، ئېدىر (榆树沟)، قوراي (二道沟)، تاراتى (七道沟)، تۇركۆل (盐池)، نىرىنكىز (前山)، ئاراتۇرۇك (伊吾)، نوم (淖毛湖)، باي (下马崖) دىن ئىبارەت.

(19) (19) ئەزىز نىيازى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئامىنەم هايات ئىدى. ئۇ 2003-يىلى 11-ئاينىڭ 2-كۈنى 66 يېشىدا ئۈرۈمچىدە ۋاپات بولدى.

(20) ئەزىزنىيازى قومۇلغا بېرىپ 3-يىلى يەنى 1930-يىلى ئۇنىڭ ئاتىسى كارۋان بېشى بولۇپ ئىچكىرىسىگە سودا ئېلىپ كېتىۋېتىپ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيەسىگە قاراشلىق سۇلېخې بازىرى ‹甘肃省安西县疏勒河镇› غا بارغاندا زۇكامداپ شۇ يەردە ۋاپات بولغان، قەۋرىسى هازىرمۇ سۇلېخېدا.

(21) ئەزىز نىيازى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە زورىخان ئانا هايات ئىدى. ئۇ 2000-يىلى 1-ئاينىڭ 15-كۈنى 85 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولدى.

(22) قىزىل يۇلغۇن مەھەللىسى-قومۇل شەھرى پالۋانتۇر بازىرىغا قاراشلىق خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان كەنت.

(23) مۇشۇ ۋەقە توغرىلىق يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر (1922-1992) يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1987-يىل 2-ئايدا نەشر قىلغان«بالدۇر ئويغانغان ئادەم» ناملىق تارىخى رومانىنىڭ 368-ۋە 369-بەتلىرىدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىلگەن.

(24) ماچاڭلىن (马常林) هاجىنى كىشلەر ئادەتتە «ما شياڭزوڭ» دەپ ئاتايدۇ، 1945-يىلى 70 يېشىدا قومۇلدا ۋاپات بولغان.

(25) قومۇل شۋىسى، كۆپ دېگەن مەنىدە.

(26) قومۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەل نامى

www.kitaphumar.com

(27) مەرھــۇم دادام ئابــدۇللا مىھــرى (1906-1978) نــىڭ جىمىســار ئۇرۇشــىغا قاتناشــقان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىچە، ما جۇڭيىڭ ھاجىلارنىڭ جىمسارىدىكى چېرىكلىرىنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنى ئەتىسى تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاجىغا:«بۈگۈن تەسلىم بولغان دۈشمەننىڭ قولىدىكى قورال-ياراقنى ئەتىسى تاپشۇرۇپ ئالىدىغان قائىدە ئۇرۇش تارىخىدا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ھاجى سىز چېرىكلەرنىڭ قولىدىكى قورال ياراقلارنى دەرھال يىغىۋېلىڭ، بولمىسا مەن ئادەم ئەۋەتىپ يىغىۋالىمەن» دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىكەن. بىراق ھاجى يەنىلا قورال-ياراقلارنى ئەتىسى يىغىۋېلىش پىكرىدە چىڭ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى ما جۇڭيىڭ كېچىدە جىمسارغا ئادەم ئەۋەتىپ ما لۇيجاڭ چېرىكلىرىنىڭ قولىدىكى قورال-ياراقلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ھاجى بىلەن ما جۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ، ھاجى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى ما جۇڭيىڭ بىلەن دۈشمەنلىشىپ، دۈشمىنى جاللات شىڭ شىسەي بىلەن بىرلەشكەن ئىكەن...

(28) يولۋاسنىڭ نەۋرىسى ناسىربەگ (يولۋاسنىڭ چوڭ ئوغلى نىياز بەگ ‹1904-1960› نىڭ ئوغلى، 2004-يىلى 6-ئاينىڭ 30-كۈنى 77 يېشىدا قۇمۇل شەھرىدە ۋاپات بولغان) مۇنداق دېگەن ئىدى:«خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە بوۋام يولۋاس قۇمۇلنىڭ ھاكىمى ئىدى. بىر قېتىم مەن بوۋامنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم ئۇ خوجىنىياز ھاجى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان ئىكەن. بوۋام ھاجىغا:‹ھاجى، سىز ئۈرۈمچىدە تۇرماي دەرھال قەشقەرگە-مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىغا كېتىڭ، ئۇنىڭ قولىدا تۆت پولك ئەسكەر بار، قەشقەرگە بېرىشنى خالىمىسىڭىز قۇمۇلغا قايتىپ كېلىڭ، مېنىڭ قولۇمدا بىر پولك ئەسكەر بار. بېشىمىزغا كۈن كەلگەندە ئەسكەر بىزنى قوغدايدۇ› دەپ تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ھاجى بوۋامنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى. بوۋامنىڭ بىزگە دەپ بېرىشىچە بوۋام ئىلگىرى ھاجىغا يۇقىرىدەك بىر قېتىم تېلېفوندا تەكلىپ بەرگەن ئىكەن. بىراق ھاجى بوۋامنى:‹قورقۇنچاق، توخۇ يۈرەك، ئۈرۈمچىگە چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭ، مېنى ھازىر يۈزلىگەن رۇس سالداتلىرى قوغداۋاتسا كىم مېنىڭ بىر تال مويىمغا تېگەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بوۋام ھاجى بىلەن مۇشۇ قېتىم كۆرۈشكەندە:‹ھاجى ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىلىڭ. ناۋادا بېشىڭىزغا كۈن كېلىپ يامان كۈندە قالسىڭىز، بۇنىڭغا مەن جاۋابكار ئەمەس. سىز ھامان بىر كۈنى شىڭ شىسەينىڭ قۇربانلىق مېلى بولۇپ كەتمىسىڭىز، مەن يولۋاس دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن› دەپ تېلېفوننى قويىۋەتتى. كېيىنكى ئىشلار دەل بوۋامنىڭ دېگىنىدەك بولدى».

www.kitaphumar.com

1999-يىلى 8-ئايدا مەن قومۇل شەھرىنىڭ شەرقى ئۆستەڭ رايونى يۇقىرى ئاقيەر كەنتىدە ئۇلتۇرۇشلۇق خوجىنىياز ھاجىنىڭ ئاديۇتانتى (فۇگۇەن-副官) تى يۇنۇس موللام (1890-1949) نىڭ قىزى رازىخان (ئايخان دەپمۇ ئاتىلىدۇ، 2004-يىلى 12-ئاينىڭ 22-كۈنى ‹چارشەنبە› 82 يېشىدا يۇقىرى ئاقيەر كەنتىدە ۋاپات بولغان) ئانا بىلەن سۆھبەتلەشكىنىمدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «دادام شىبېك شىسەي تۇرمىسىدىن چىقىپ قومۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، غولئېرىق مەھەللىدىكى جامائەتلەر ھەر ئاخشىمى خۇيتەن نامازدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىپ دادام بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. مەن ئوچاقتا ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ دادامنىڭ جامائەتكە قىلغان گەپ-سۆزلىرىنى بىرىلىپ ئاڭلايتتىم. بىر ئاخشىمى دادام جامائەتكە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى: خوجىنىياز ھاجى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ تۇرغان كۈنلەردە، بىر كۈنى قومۇلدىكى يولۋاستىن بىر پارچە خەت چىققانلىقىنى، خەتنى ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى، يولۋاس خېتىدە ھاجىنى ئۈرۈمچىدە تۇرماستىن قەشقەرگە بېرىپ مەھمۇت مۇھىتى بىلەن بىللە تۇرۇشنى، ئۇ يەردە توت پولك ئەسكەرنىڭ بارلىقىنى ياكى بولمىسا قومۇلغا قايتىپ كېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشنى قومۇلدا ئۆزىنىڭ قولىدا بىر پولك ئەسكەر بارلىقىنى، ياماي كۈندە ئەسكەرنىڭ ئاسقاتىدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە ‹ئەسكىرى يوق قوماندان› بولماسلىقىنى، ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرىۋەرسە ئاقىۋەت ياخشى بولمايدىغانلىقى...قاتارلىق مەزمۇنلار يېزىلغان ئىكەن. ھاجى خەتنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن يولۋاسنى ئەيىپلەپ، ‹قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك تاز، ئۇنىڭ يۈرىكى تېخى جايىدا ئەمەسكەن. مېنى نەچچە يۈز رۇس سالداتلىرى قوغداۋاتسا ماڭا چېقىلىدىغان كىمكەن، يۇنۇس موللام بۇ خەتنى شىبېك دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بېرىڭىزلەر› دەپتۇ. دادام: ‹ھاجى ئاكا خەت يېنىمىزدا قالسا بولمامدۇ› دېگەن ئىكەن، ھاجى ‹گەپنى ئاز قىلىڭ بىز شىبېك دۇبەن بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۇق، شۇڭا ئۇنىڭدىن سىر تۇتساق بولمايدۇ› دەپ يولۋاستىن كەلگەن خەتنى شىبېك شىسەيگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. كېيىن يولۋاستىن 2-قېتىم خەت چىقىپتۇ، دادام خەتنى يەنە ھاجىنىڭ ئىشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ‹ھاجى ئاكا يولۋاس بەگىمدىن يەنە خەت چىقىپتۇ› دېگەندىن كېيىن ھاجى ‹ئوقۇڭ› دەپتۇ. دادام كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇپتۇ. يولۋاس بۇ قېتىمقى خېتىدە ھاجىغا ئاچچىقلاپ ۋە تىللاپ:‹تاغىچى! ھەي تاغىچى! ئەقلى كەينىگە ئۆتۈپ قالغان تاغىچى! مەن ساڭا ئاغرىنىپ، ياماي كۈندە قالمۇسۇن، ھاياتىڭغا خەۋپ يەتمىسۇن دەپ يازغان خەتنى شىبېك دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بېرىپسەن (يۇنۇس موللامنىڭ پەرزەنتلىرىگە دەپ بېرىشىچە يولۋاسنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشەنچلىك ئادىمى بار بولۇپ، ئۈرۈمچىدىكى ئىشلاردىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىكەن).

www.kitaphumar.com

شىلك دۇبەن سىنىلك داداڭمىدى؟ سەن يەنە مېنى قورقۇنچاق توخۇ يۈرەك دەپ ئەيىپلەپسەن. مەن توخۇ يۈرەك قورقۇچاقمۇ ياكى سەن قەھرىمان-باتۇرمۇ كېيىن كۆرەرمىز. ساڭا نەسھەت قىلغان ئاغزىمنى تامغا سۈركىسەمچۇ! خەت يازغان قولۇمنى چېقىۋەتسەمچۇ! بۇ قېتىمقى خەتنىمۇ شىلك دۇبەنگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بولىدۇ. ئەمدى مېنىڭ سەن بىلەن كارىم يوق. بۇندىن كېيىنكى ئىشلارغا مەن جاۋابكار ئەمەس. مەن ئۆزەمنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ بولدۇم. مېڭىۋاتقان يولۇڭ توغرا بولسا راھىتىنى كۆرەرسەن. خاتا بولسا دەردىنى تارتارسەن. خەيرى-خوش ھاجى سېنى خۇداغا ئامانەت› دەپ خەتنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىكەن. دادام خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ‹ھاجى ئاكا ئۆتكەندە يولۋاس بىگىمدىن چىققان خەتنى ئۆزىمىزلا بىلىپ قالايلى دېسەم، ئۇنۇمىدىڭىز. بۇ قېتىم يولۋاس بىگىم سىزدىن قاتتىق ئاغرىنىپتۇ› دېيىشكە ھاجى ‹بولدى سۆزلىمەڭ!› دەپ ئىككى قولنى بويىنغا گىرە قىلىپ سىلىپ يەرگە قاراپ بىر ھازا ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. چۈنكى ھاجى ئىلگىرى ساددىلىق قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ئىكەن...

مېنىڭ بۇ ئەسلىمىنى يېزىپ چىقىشىمغا رىشات ئەزىزى بىلەن شىنجاڭ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئابدۇرېھىم كېرىم (ئەزىز نىيازىنىڭ نەۋرە ئىنىسى ئابدۇكېرىم رىھىم ‹كېرەم جىڭلى دەيمۇ ئاتىلىدۇ، 1927-2009› نىڭ ئوغلى، ھازىر ئۈرۈمچىدە پېنسىيەدە) قاتارلىق كىشىلەر يېقىندىن ياردەم بەردى. مەن يۇقىرىقى كىشىلەرگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

(ئاپتور:قومۇل تۆمۈريول ج خ باشقارمىسىدا)

2011-يىلى 8-ئاينىڭ 30-كۈنى   باغداش تورىغا خاس ، رۇخسەتسىز كۆچۈرمەڭ

www.kitaphumar.com

# چۆۋانقىر ۋە چۆۋانقىرلىقلارنىڭ بەزى ئادەتلىرى

ئەھمەد ئىمىن ئەلنەزەر

**قىسقىچە مەزمۇنى**: بۇ ماقالىدە پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى تەۋەسىدىكى چۆۋانقىر مەھەللىسىنىڭ نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ھەمدە بۇ مەھەللىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆزگىچە لەقەم، نىكاھ-توي، ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

چۆۋانقىر پىچان ناھىيىسى لەمجىن بازىرى تەۋەسىدىكى مەھەللە بولۇپ، چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا، لەمجىن بازىرىدىن ئۆتكەن دۆلەت 312-نومۇرلۇق تاشيولىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇقىرى مەھەللە، قۇم مەھەللە، قوتان مەھەللە، جىگدە مەھەللە، ئارا مەھەللە، توت ئۆي، جاگزا، ئاقبۇلاق، يۇتۇق، چىنجۇ قاتارلىق مەھەللەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. تار دائىرىدىن ئالغاندا ھازىرقى چۆۋانقىر كەنتىگە قاراشلىق ئارا مەھەللە، توت ئۆي، جاگزى مەھەللە، ئاقبۇلاق، يۇتۇق، چىنجۇ قاتارلىق مەھەللەرنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

چۆۋانقىر تەۋەسىدىكى قىزىلقۇم يېنىدىكى تاش قورال خارابىلىكى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7-3-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە تەۋە دۆڭمەھەللە خارابىسى، چەكمەن قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مىلادى 3-5-ئەسىر ئارىلىقتا قۇرۇلغان ئېغىلتام بۇددا ئىبادەتخانە خارابىسى، مىلادى 6-9-4-ئەسىرلەرگە تەۋە قاراتوپىلىق قەدىمىي قەبرىستانلىقى، مىلادى 4-9-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە ياسالغان ماگدىغۇر مىڭئۆيى، تاڭ دەۋرىدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگىچە بولغان يىللارغا تەۋە يەتتە قىزلىرىم مازىرى قەبرىستانلىقى (1) قاتارلىق مەدەنىيەت ئىزنالىرى چۆۋانقىرنىڭ ئۇزاق قەدىمدىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىز پائالىيەتتە بولغان قەدىمكى مەھەللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكتە.

چۆۋانقىر نامى ھارىرغىچە بىز بىلگەن يازما خاتىرىلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ خاكاس تۈركلىرىدىن بولغان روسىيەلىك ئالىم كاتونوفنىڭ 1892-يىلى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ھازىرقى پىچان ناھىيىسىنىڭ لۈكچۈندە شائىر نايىخان بەگنىڭ ئېغىزىدىن خاتىرلىگەن «لۈكچۈنگە تەۋە يۇرتلارنىڭ بايانى» دا «چۇبانقىر، چۆۋانقىر» (2) شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. پىچان مىرەنلىك ياغاچچى ئەيسا ئىمىن ئۇستا ساقلىغان 1929-يىلى كۆچۈرۈلگەن «ياغاچچىلىق رىسالىسى» دىكى

«چۇبانقىرلىق مۇللا مۇھەممەت بىلال قارى كۆچۈردى.»(3) دېگەن ئۇچۇردىمۇ<<چۇبانقىر>> شەكلىدە ئۇچرايدۇ. ھازىرغىچە چۇۋانقىر نامى تۇغرىسىدا ھازىر بىرقانچە ئوخشىمىغان قاراشلار بار: تەتقىقاتچى ئابدۇقەييۇم خوجا << لەمجىندىكى تاش ئويمىلار>> ماقالىسىدە، <<چۇۋانقىر-چوڭ قىرنىڭ ئاۋام تىلىدىكى ئۆزگىرىشى>>(4) دەپ تەبىرلەيدۇ. پىچاندىكى پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى، يەرلىك تارىخچى ئابدۇللا ھەمدۇللا« تۇرپان كارىزلىرى» ناملىق كىتابىدا «چۇۋانقىر – مال چارۋا باقىدىغان يەر مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان چوپانقىرنىڭ ئۆزگىرىشى» (5) دەپ تەبىرلەيدۇ. يەرناملىرى تەتقىقاتچىسى نىياز كېرىم تۆپە ئاتا «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە «چۇۋانقىر – چۇۋالچاق قىر نىڭ تىلدىكى ئۆزگىرىشى» (6) دەپ تەبىرلەيدۇ. ئەمەلىي تەكشۈرۈش شۇنداقلا چۇۋانقىردىكى چوڭلارنى قىلغان زىيارىتىمىزدە چۇۋانقىر نامىنىڭ يۇقىرقى تەبىرلەرگە ئوخشىمايدىغان، تېخىمۇ ئېنىق تەبىرىگە ئېرىشتۇق. چۇۋانقىردىكى چوڭلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، تۇرپان شېۋىسىدە ياۋا چىلاننى <<چۇغان>> دەپ ئاتايدۇ. چۇۋانقىر تەۋەسىدىكى ئېتىز -قىرلاردا ياۋا چىلان دەرىخى كۆپ بولغاچقا ، مۇشۇ ئالاھىدىلىككە ئاساسەن <<چۇغانقىر– چۇغان كۆپ ئۆسكەن جاي>>دەپ ئاتالغان. ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي <<دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك>> تە «چىپىقان-چىلان» دەپ ئۇچۇر قالدۇرغان(7) . «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى مەنىسى ئاساسەن ھازىرقىغا ئوخشاش، فونېتىكىلىق شەكلىدە ئازدور- كۆپتۇر پەرق بولغان سۆزلەرنى مەخسۇس تەكشۈرۈپ چىقىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدۇقكى، ھازىرقى زامانغىچە تەرەققىي قىلىش جەريانىدا،«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى بەزى سۆزلەردە تاۋۇشلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيەسى، قوشۇلۇپ قىلىشى، چۈشۈپ قىلىشى، ئۆزگىرىشى، نۆۋەتلىشىشۋە ئورۇن ئالمىشىشى دېگەندەك تاۋۇش ئۆزگىرىش ھادىسىسى كۆرۈلگەن. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى بەزى سۆزلەردىكى «پ» تاۋۇشى ھازىر ئاجىزلىشىپ، «ۋ» غا نۆۋەتلەشكەن، يەنە بەزى سۆزلەرنىڭ كەينى ۋە تەركىبىدىكى «ق» تاۋۇشى ھازىر «غ|ج» تاۋۇشىغا نۆۋەتلەشكەن(8) شۇڭا تۇرپان شېۋىسىدىكى ياۋا چىلاننى بىلدۈرىدىغان «چۇغان» دەل«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە يېزىلغان «چىپىقان» نىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە بېرىلگەن «قىر-قىر، تۆپىلىك، دۆڭ»(9) سۆزى ھازىرغىچە تىل ئىستېمالىمىزدا ئەينەن قوللىنىلماقتا. يەكۈنلىيەلەيمىزكى، چۇۋانقىر نامى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «چىپىقان» ۋە «قىر» سۆزلىرىنىڭ بىرىكمىسى بولغان<<چىپىقانقىر>> نىڭ تىل تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشى بولۇپ «چىلان كۆپ ئۆسكەن جاي»مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. پىچاندا

www.kitaphumar.com

چۈۋانقىر نامىنىڭ ياسىلىشىغا ئوخشايدىغان يۇغانقىر، سايقىر، ياڭقىر، خاندۇقىر، جىغانقىر، سەۋزە قىر، ئاققىر، سەكسەنقىر دېگەندەك يەر-جاي ناملىرىمۇ ئۇچرايدۇ.

چۈۋانقىرلىقلارنىڭ لەقىمى: ئۇيغۇرلاردىكى <<لەقەم ئاسماندىن چۈشىدۇ>>، <<لەقەمسىز ئەر بولماس>> دېگەندەك ماقال تەمسىللەر لەقەمنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ لەقەملەر ئىچىدە يەككە لەقەم ،جەمەت لەقىمى ۋە يۇرت لەقەملىرىمۇ بار. چۈۋانقىردا بۇغقۇچ، كۆلتۈك، بۆرە، بايتال، تايلاق، تۆگە، تاز، پوم، شىخ، سەپتەگۆر، تۇقماق، گۆۋەن دېگەندەك جەمەت لەقەملىرى بولۇش بىلەن بىرگە پۈتۈن چۈۋانقىرلىقلارنىڭ <<تۇقىچەنلەر>>دېگەن يۇرت لەقىمى بار. بۇ لەقەمنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا چوڭلار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: تۇقىچەن كۆزلۈك تېزىلىدىغان ياۋا قۇغۇننىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بۇرۇندا چۈۋانقىردا ياشىغان ئەجدادلار يازغى بوغدايىنىڭ ئېگىزىغا قوناق تېرىغاندا، قوناققا تۇقىچەننىڭ ئۇرۇقىنى ئارلاشتۇرۇپ، ئېتىزغا چېچىپ قويىدىكەن. ئاچچىقلىقىدىن سويمىسىنى يېگىلى بولمايدىغان تۇقىچەن كۆزدىكى قوناق ئورۇمىغىچە، قوناقلىقتا ئۆسۈپ، مۇشتەك-مۇشتەك چوڭلۇقتا خەمەكلەپ، تاتلىق پىشىدىكەن. چۈۋانقىرلىقلار قوناق ئورغاندا تۇقىچەن يەپ ئۇسسۇزلۇقلىرىنى قاندۇرىدىكەن. باشقا يۇرتتىكى كىشلەر ئېتىزلىرىدىن يۇلۇپ تاشلايدىغان تۇقىچەننى چۈۋانقىرلىقلارنىڭ يەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ مەسخىرە قىلىپ، ياۋا قۇغۇننىڭ نامىنى چۈۋانقىرلىقلارغا <<تۇقىچەنلەر>> دەپ لەقەم قويغانىكەن. بۇ ياۋا قوغۇن بۇجايدىكى قوغۇن ئۆستۈرۈش تارىخىنىڭ شاھىدى بولغانىكەن. چۈنكى مۇشۇنداق ياۋا قۇغۇنلاردىن ئەجدادلار تەكرار تەجرىبىلەر ئارقىلىق شىرىن تەملىك يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرگەنىكەن. ئۈزۈمنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ ئىشىشى بىلەن قوغۇن تېرىلماي ، قۇغۇن سورتلىرىنىمۇ چۈۋانقىردىن كۆچۈپ كەتكەن.

چۈۋانقىرلىقلارنىڭ توي-تۆكۈن، نەزىر -چىراق ئادەتلىرى تورپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاش. لېكىن تورپاننىڭ باشقا جايلىرىدا ئۇنتۇلغان بىرقىسىم ئادەتلەر بۇ يەردە داۋام قىلىپ كەلمەكتە (10) .

نىكاھنى ۋەكىل قويۇپ ئوقۇش: ئىلگىرى قاتناش قولايسىز ۋاقىتلاردا توي باشلىغان كۈنى ئاخشىمى نىكاھ ئوقۇلاتتى. ھازىرتوي كۈنى ئەتىگەنلىكى نىكاھ ئوقۇلىدۇ. بۇيەردىكى ئاخۇنلارنىڭ «نىكاھ ئوقۇش سۈننەت ئەمەل، ئايالنىڭ يات ئەردىن ئۈزىنى چەتكە ئالمىقى پەرز. شۇڭا سۈننەت ئۈچۈن پەرزنى بۇزۇش جايىز بولمايدۇ. يىگىت ـ قىزنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، نىكاھ ئوقۇلىدىغان بولغاچقا ۋەكىل قويۇپ نىكاھ ئوقۇش كۇپايە >> دېگەن تەشەببۇسى بىلەن بۇجايدا نىكاھنى ۋەكىل قويۇپ ئوقۇش ئومۇملاشقان. نىكاھ ئوقۇشتىن

www.kitaphumar.com

ئىلگىرى، ئىككى مۇشاھىد (گۇۋاھچى) بېكىتىلىپ، يىگىت ۋە قىزدىن ئۆز ئورنىدا نىكاھ ئۇقۇۇشقا قاتنىششقا ۋەكىلى مۇتلەق (تۇلۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل)لىككە كىمنى قويىدىغانلىقىنى ياكى ئىمام بەلگىلىگەن كىشىگە رازى بولۇپ قوشۇلىدىغان-قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورايدۇ. يىگىت ۋە قىزنىڭ ماقۇللىقىدىن كېيىن تۆت گۇۋاھچى نىكاھ ئۇقۇلىدىغان سۇرۇنغا كىلىپ، جامائەت ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يىگىت ـقىزنىڭ بۇ نىكاھقا رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئۆز ئورنىدا كىمنى ۋەكىل قىلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. نىكاھ ئۇقۇيدىغان ئىمام شۇندىن كېيىن نىكاھ خۇتبىسىنى ئۇقۇيدۇ. ئارلىقىدا قىزنىڭ ۋەكىلىدىن«سىزكى **ئاخۇن، قىز*** گۈل (ئاي)نىڭ ئورنىدا ۋەكىل مۇتلەقتۇرسىز. ئالغان تۇيلۇقلارغا رازى ۋە راغىپ بۇلۇپ،**گۈل (ئاي)نى ئېلىپ يىگىتنىڭ ۋەكىلى ***ئاخۇنغا تاپشۇرۇپ بەردىگىزمۇ؟>> دىگەن سۇئالغا قىزنىڭ مۇتلەق ۋەكىلى« تاپشۇرۇپ بەردىم>>دەپ جاۋاپ بىرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىمام يەنە يىگىتنىڭ ۋەكىلىدىن «سىزكى *** ئاخۇن، يىگىت*** جان(ئاخۇن)نىڭ ئورنىدا ۋەكىل مۇتلەقتۇرسىز. بەرگەن تۇيلۇقلارغا رازى ۋە راغىپ بۇلۇپ،** گۈل (ئاي)نى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، يىگىت *** جان(ئاخۇن)غا تاپشۇرۇپ بەردىگىزمۇ؟» سۇئالغا يىگىتنىڭ مۇتلەق ۋەكىلى«ئېلىپ يىگىت*** جان(ئاخۇن) غا تاپشۇرۇپ بەردىم» دەپ جاۋاپ بىرىدۇ. نىكاھ خۇتبىسى داۋاملىق ئوقۇلۇپ، نىكاھ ئۇقۇش تاماملىنىدۇ.

بۇ خىل نىكاھ ئۇقۇش ئۇسۇلى بەلكىم ئۆتمۈش جەمئىيەتتىكى قىز-يىگىتلەرنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكىنى پۈتۈنلەي ئاتا ـئانا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، يىگىت بىلەن قىز بىر-بىرىنى كۆرۈپمۇ باقماي تويلىشىدىغان كەلمەس دەۋرلەرنىڭ ساقىندىلىرىدىن بولسىمۇ، ھازىرقى يىگىت ـ قىز ئۆز ئارا سىنىششىپ، ئۆزئارا ماقۇللىشىپ توي پۈتۈشىدىغان، نىكاھ ئەركىنلىكى قوغدىلىدىغان دەۋردە بۇخىل ۋەكىل قويۇپ نىكاھ ئۇقۇش يەنىلا ئانچە چەتكە قېقىلمىسا كېرەك.

دەستار كىيگۈزۈش: بۇمۇ چۆۋانقىردا داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت. بۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەنئەنە بۇيىچە ئۆتكۈزۈلۈشى مۇنداق ئىكەن: قىزنى كۆچۈرۈپ ئۆيدىن چىققاندا، ئالدىغا چىققان يىگىت ۋە دوستلىرى بىلەن يېرىم يولدا كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا ھېپىزلار توققۇز داپ چېلىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرىدۇ. بۇ ناخشا «تاغدا تېرىق» دېيىلىدۇ. قىز كۆچۈرگىچىلەر كەلگەندە ئۇلارغا سالام بېرىلىپ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ مەھەللىگە قاراپ ماڭىدۇ. ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، تۇنجى نىكاھلىق (قىز توي قىلغان) ياشتا چوڭراق ئەر ياكى ئايال يىگىت ئۈچۈن يېڭى دۇپپا ياكى بىر نىكاھلىق بولغان چوڭلارنىڭ تۇمىقىنى تاللاپ ئۈستىنى قىز تەييارلىغان قىزىل رەڭلىك تاۋاردىن چىرايلىق قاپلاپ دەستار (10) ياسايدۇ. يىگىت توي تۈگىگىچە

www.kitaphumar.com

«سۇلتان» دېيىلىدىغان بولغاچقا، بۇ قىزىل رەڭلىك دەستار يىگىتنىڭ «سۇلتانلىق تاجىسى» دېيىلىدۇ. دەستارنى يىگىتكە كىيدۈرۈشتە دەستارنى ياسىغان ئەر دەستارنى غەلۋىرگە سېلىپ يىگىتنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرۇپ يىگىتكە كىيگۈزىدۇ. ئايال كىشى ياسىغان بولسا دەستارنى يىگىتكە كىيدۈرۈش ئۈچۈن، بىر نىكاھلىق بولغان ئەرگە بېرىدۇ. ئاندىن قىز تەرەپ تەييارلىغان قىزىل ياغلىق ۋە پۇتا بۇ كىشى تەرىپىدىن يىگىتنىڭ بويىنىغا ۋە بېلىگە چىڭ چىگىلىدۇ. يىگىت ئىككى قولداشنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوت ئاتلايدىغان جايغا باشلاپ كېلىنىپ كۆن ئولتۇرۇشقا قاراپ تۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتىسى «ئوغلىنىڭ ئامانلىقى، يېڭى قۇرغان ئائىلىسىنىڭ بەختى» ئۈچۈن يىگىت بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئوك ئايلاندۇرۇپ كىشلەر ئارىسىغا پۇل چاچىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى قىزىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق ھەر خىل رەڭدار رەختلەرنى ئاۋۋال ئوك تەرەپتىن، ئاندىن سول تەرەپتىن يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىپ، قولتۇق ئاستىغا چۈشۈرۈپ چىڭ چىگىدۇ. يىگىتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- يارەنلىرى يىگىتنىڭ بويىنىغا سېلىنغان رەختلەر ئارىسىغا پۇل قىستۇرۇپ ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىدۇ. بۇ چاغدا تۇققۇز ھېيىز داۋاملىق «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى ئېيتىپ سەل ئېگىزگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئوت يېقىلىپ، ئوت راسا يالقۇنجىغان چاغدا يىگىت قولداشلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا داپ تەڭكەش قىلىنغان ناخشا ساداسى ئىچىدە ئوتتىن سەكرەپ ئۆتىدۇ. بىر قېتىم سەكرەپ بولۇپ ئوڭ ئايلىنىپ ئىككىنچى قېتىم، يەنە كەينىگە ئوڭ ئايلىنىپ ئۈچىنچى قېتىم سەكرەيدۇ. بۇ جەرياننى يىگىتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- يارەنلىرى، قىز ۋە ئۇنىڭ قولداشلىرى كۆرۈپ تۇرىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا- ئانىسى خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشىدۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم ئوتتىن سەكرەپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن قىز يىگىت ئۆيىگە قاراپ ماڭىدۇ. كەينىدىن يىگىتمۇ قولداشلىرى بىلەن ھوجرىغا قاراپ ماڭىدۇ. ناخشىچىلار (ھېيىزلار) «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى«يەل» ناخشىسىغا ئۆزگەرتىپ يىگىت كەينىدىن ماڭىدۇ. قىز بوسۇغىدىن ئوت ئاتلاپ ھوجرىغا كىرىدۇ ۋە ئۆينىڭ بولۇڭىغا كېلىپ يىگىتنى ساقلاپ تۇرىدۇ. يىگىت قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىزنىڭ بېشىغا بىر مۇش ئۇرىدۇ. ئەگەر قىز چاققان بولسا ئۆزىنى چەتكە ئالايدۇ ئاندىن قىز يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ «سۇلتانلىق تاجىسى»نى ئېلىپ بويىنىدىكى قىزىل پۇتا ۋە باشقا رەڭدار رەختلەرنى يېشىدۇ. ياغلىق ۋە پۇتا چىڭ چىگىلگەن بولۇپ قىزنىڭ سەۋرچانلىقى ۋە چىۋەرلىكى يەنە بىر رەت سىنىلىدۇ. ئاندىن كېيىن يىگىت- قىز بىر- بىرىگە تازىم قىلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ھېيىزلار تۇختىماي ناخشا ئېيتىپ تۇرغان بولىدۇ. بۇ «دەستار كىيگۈزۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئېيتقان «تاغدا تېرىق» ناخشىسى ناھايىتى مۇڭلۇق، چۈۋانقىرلىقلاردا «تاغدا

www.kitaphumar.com

تېرىق، ئاشلىساڭ ئەرگە تەككۈڭ كېلۇر،مەۋلۇت شېرىپ ئاشلىساڭ ئۆلگۈڭ كېلۇر» دېگەن ماقالە شۇنىڭدىن كەلگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، يۈز ئاچقۇدىن كېيىن دەستار كىيگۈزۈلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن. شۇنداقلا ئەل ئارىسىدىكى «تاغدا تېرىق» ناخشىسىنى ئېيتالايدىغانلار ئازىيىپ كەتكەن بولغاچقا بۇرۇنقى تۇققۇز داپ چالغۇچى ھېرىزلار قالمىغان. شۇڭا دەستار كىيگۈزگەندە بەزىدە ناغرا چېلىنىپلا بۇئادەت تاماملانغان. ياكى بىر-ئىككى داپ، داپ ئازلىق قىلسا بىر-ئىككى لېگەننى چېلىپ، يەتتە ئۆزگىرىشلىك «تاغدا تېرىق»ناخشىسىنىڭ بىر-ئىككى ئۆزگىرىشنى ئېيتىپ ئاياغلاشتۇرىدىكەن. «تاغدا تېرىق>>تىن كېيىن ئېيتىلىدىغان «يەل »ئېيتىلمايدىكەن. بۇرۇن ئابدۇقادىر زور، ھېيتى يۈسۈپ، كازىم سېيتلدى، تۇرسۇن ساجىت، تۆمۈر مىننەم، تۆمۈر تاھىر قاتارلىق «تاغدا تېرىق»ئېيتالايدىغان ھېرىزلار ئۆتكەن. ھازىر يۇقىرى مەھەللىدىكى 70نەچچە ياشقا كىرگەن ھازىم تۆمۈرچى ۋە ئۇنىڭ ئىككى داپ ياردەمچىسى چۇۋانقىردىكى تويلاردا «تاغدا تېرىق» ئېيتىشقا مەخسۇس تەكلىپ قىلىنىدىكەن. چۇۋانقىردىكى چوڭلار «دەستار كىيگۈزۈش ئۇلۇغلاردىن قالغان ئىش، ھەزرىتى ئەلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا دەستار كىيگەنىكەن»دەپ ئىسلامى تۈس بېرىپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆرپ-ئادەتتىكى ئوتتىن ئۈچ قېتىم ئاتلاش، بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئوك ئايلاندۇرۇپ دەستار كىيگۈزۈش، چاچقۇ قىلىش، ئوتتەك قىزىل رەڭدىكى دەستار، توققۇز ھېرىز بىرلىكتە ناخشا تۇۋلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئادەتنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمقى ئېتىقات-ئىشەنچلىرىدىن شەكىللەنگەن ئادەتلەرنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكتە.

يىگىتلەرنىڭ سالامغا بېرىشى: تۇينىڭ ئەتىسى چۈشتىن كېيىن يىگىت بىر نەچچە ئاغىنىلىرى ۋە قولداشلىرى بىلەن قىزنىڭ ئاتا- ئانىسىغا سالام بەرگىلى بارىدۇ. بۇ «سالامغا بېرىش» دېيىلىدۇ. ئۇلار قىزغىن كۈتىۋېلىنىدۇ. يىگىتلەر قېينئاتا، قېينئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۆي ئىگىلىرىگە كۆرسەتمەستىن مۇھىم جابدۇق ۋە كۆندە ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى«ئوغۇرلاپ» ئېلىۋالىدۇ. بۇھال يىگىتنىڭ چاققانلىقى شۇنداقلا بۇ نەرسىلەر يىگىت ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغاندا قىزنىڭ بۇ نەرسىلەرنى تونۇشىغا قاراپ قىزنىڭ چىچەنلىككىگە بولغان قىزىقارلىق سىناق ھېساپلىنىدۇ.

تاختىغا ئېلىش: چۇۋانقىرلىقلاردا «ئادەم جان ئۈزگەن ھامان يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشى كېرەك» دەيدىغان قاراش بار. شۇڭا ئۇلار ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن مېيىتنى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تاختا (ياغاچ كارۋات) ئۈستىگە ئېلىپ، كېيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئېڭىكىنى

www.kitaphumar.com

قوشتۇرۇپ، پۇت ـ قوللىرىنى تۈزلەپ، پۈتنى غەربكە قىلىپ ياتقۇزىدۇ ۋە ئۈستىگە ئاق رەخت ياپىدۇ.

قازان بېشى قىلىش: ئادەم جان ئۈزگەندىن كېيىن شۇ مەھەللىدىكى ياشتا چوڭراق ئاياللاردىن بىرى ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ پوشكال سىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنىدۇ. بۇ ئايال «قازان بېشى قىلغۇچى» دېيىلىدۇ. قازان بېشى قىلغۇچىغا يېقى ئىشتان كىيگۈزۈلىدۇ. يېڭى ئىشتان بولمىسا يېڭى رەختنى پەرتۇق قىلىسمۇ بولىدۇ. ئاندىن ئۇ خېمىر يوغۇرۇپ «جان ھەققى پۇشكىلى» سالىدۇ. دەسلەپتە 11 دانە پوشكال سالىدۇ ۋە پوشكال سىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيدۇ:

زەر كەلدى، زەۋەر كەلدى،
يەر ئاستىدىن خەۋەر كەلدى.
خەۋەر كەلگۈچە مەن كەلدىم.#

مېيىت نامىزى چۈشۈرلۈپ دەپنە قىلىش ئۈچۈن ماڭغاندىن كېيىن قازان بېشى قىلغۇچى قايتىدىن 9 دانە پوشكال سالىدۇ. پوشكال سىلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇيدۇ:

زەر كەتتى، زەۋەر كەتتى،
يەر ئاستىدىن خەۋەر كەتتى،
خەۋەر كەتكۈچە مەن كەتتىم.

قازان بېشى قىلغۇچى ئايال ئىككىنچى كۈنى سەھەردە 7 دانە، ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە 5 دانە، ئۈچىنچى كۈنى كەچتە ئەتىكى نەزىر(چۈۋانقىردا تۆتىنچى كۈنى چوڭ نەزىر بېرىلىدۇ) ئۈچۈن پوشكال سىلىشتىن بۇرۇن 3دانە پوشكال سالىدۇ. بۇ پوشكاللار پەتە قىلىپ كەلگەنلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. لېكىن يېيىلمەيدۇ. كېيىن بۇ پوشكاللار نەزىر پوشكاللىرىغا قوشۇۋېتىلىدۇ. پوشكال خېمىرغا پىياز كۆپ قوشۇلىدۇ. «پىياز پۇرىقى كۆچلۈك بولغاچقا روھلارغا تېز تېگىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «قازان بېشى قىلىش» ئاخىرلىشىدۇ. قازان بېشى قىلغۇچىمۇ رازى قىلىنىدۇ.

ئازنا پەيشەنبە، نەزىر-چىراقلاردا «ياغ پۇرۇتۇش>> ئۇيغۇرلاردا ئومۇميۈزلۈك ئادەت ئىكەنلىكى ھەممىگە تونۇش. چۈۋانقىرلىقلارنىڭ«قازان بېشى قىلىش»ئادىتىدىكى ئۆزگىچىلىك بولۇپمۇ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان «ئۈچ مىسرا»كىشىگە يىراق قەدىم زامانلاردا ئەجداتلىرىمىز ئۆتكۈزگەن مۇراسىملاردا قاملارنىڭ ئوقۇيدىغان ئەپسۇن-ئەرۋىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

تۆكلۈككە چىقىش: مېيىتنى يۇيۇشتىن بۇرۇن، يۇيغۇچىلار «مېيىتنى يۇيىمىز» دەپ خەۋەر بەرسە قارىيلاردىن بىرى مېيىتنى يۇيىدىغان ئۆينىڭ تۆكلىكىدە تۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ. بۇ «ئۆلگۈچىنى يۇيغان ۋاقىتتا، ئازاپ پەرىشتىلىرىنىڭ كېلىپ ئازاپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن» دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر ئۆلگۈچى ئايال كىشى بولسا بىر تەخسە بۇغداي، بىر تەخسە قوناق، قايچا، ئەينەك، لېچەك قاتارلىق نەرسىلەر، ئەر كىشى بولسا بىر تەخسە بۇغداي، بىر تەخسە قوناق ، دۇپپا، ئۇستۇرا قاتارلىق نەرسىلەر تۆكلۈكنىڭ ئاغزىغا ئەچىقىپ قويۇلىدۇ. قارىي قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنىدۇ. بۇ «تۆكلۈككە چىقىش» دېيىلىدۇ.“

مەۋلوت شېرىپ ئوقۇش: ئۇيغۇرلاردا مەۋلۇت ئوقۇش ئومۇملاشقان ئادەت .چۈۋانقىردا مېيىت ئۈزۈتۈشقا كەلگەن جامائەت توپلىشىپ ناماز چۈشۈرۈشتىن بورۇنمۇ مەۋلوت شېرىپ (مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئېيتىلغان مەرسىيەلەر)نى ناھايىتى مۇڭلۇق قىلىپ ئوقۇيدۇ. چۈۋانقىرلىقلاردىكى «مەۋلوت شېرىپ ئاڭلىساڭ ئۆلگۈڭ كېلۇر، تاغدا تېرىق ئاڭلىساڭ ئەرگە تەگكۈڭ كېلۇر» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن كەلگەن.

مېيىتنى سۇغا ئېلىش: مېيىتنى يۇيۇش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئورتاق ئادەت. ئەمما چۈۋانقىردىكى بۇ ئادەتتە سۇنىڭ تەييارلىنىشى ئۆزگىچىرەك. مېيىت دەپنە قىلىنىشتىن بۇرۇن پاكىزە سۇدا ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. بۇ «سۇغا ئېلىش» دېيىلىدۇ. سۇغا ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان سۇ مۇنداق تەييارلىنىدۇ: ئېقىپ تۇرغان سۇدىن سۇنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى بويىچە سۇ ئېلىنىدۇ ۋە سۇ ئالغۇچى ئېلىش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرنى تەكرار- تەكرار ئوقۇيدۇ:

تۇم ئاللا، تۇمۇم ئاللا،
يەتتە بۇلاقتىن سۇ ئالدىم،:
يەتتە پەرىشتەم سەن ئاڭلا.’

سۇغا گۈلى رەيھان قاتارلىق پۇراقلىق گۈللەرنى قوشۇپ قاينىتىلىدۇ ۋە يىلمان سۇ تەييارلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

مېيىت يۇيۇش جەريانىدا قولىغا رەختتىن ئۆزلىرى تەييارلىغان قولقاپ كىيىۋالىدۇ ۋە ئېغىزلىرىنى چىك ئېتىۋالىدۇ. <<ئەگەر مېيىتنىڭ پۇرىقى ئېغىزغا كىرىپ كەتسە چىشلارنى ئورنىدىن تەۋرىتىپ، ئاسانلا چىش چۈشۈپ كېتىدۇ>> دەپ قارايدۇ. ئاق رەختتىن كېپەنلىك تەييارلىغاندا، كېپەنلىك رەختتىن يىپ چىقىرىپ، تۆمۈر يىڭنە ئىشلەتمەي، ئوڭ تەرەپ بىلەن سول تەرەپنى باستۇرۇپ (چاپان تۈگمىلەشنىڭ ئەكسىچە) يۆمەپ چىگىلىدۇ. مېيىتنى سۇغا ئېلىش جەريانىدا ئىشلەتكەن چۆمۈچنى مېيىت ئىگىلىرىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇزۇنغىچە تۇغمىغان ئاياللار ئىشلىتىشكە ئېلىۋالىدۇ. «بۇنى ئىشلەتسەك پەرزەنتلىك بولىمىز» دەپ قارايدۇ. مېيىت يۇيۇشقا قاتناشقان كىشىلەرمۇ رازى قىلىنىدۇ. ‘

مېيىت يۇيۇش جەريانىدا ئىشلەتكەن قول قاپ، لۆڭگە ئورنىدا ئىشلەتكەن رەختلەر كەچتە يۇلتۇز چىققاندا ئۆگزىگە ئەچىقىپ يېيىپ قويۇلىدۇ. بۇ «يۇلتۇزغا كۆرستىش» دېيىلىدۇ. بۇلار قۇرغاندىن كېيىن مېيىت ئىگىلىرى ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ. مېيىت يۇيۇشتىن چىققان سۇنى ئادەم سىيمەيدىغان، پاكىزە جايغا تۆكۈپ، تۇپا بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ.

تەلىم ئۆتكۈزۈش: بۇ مېيىت دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار توپلىشىپ ئۆتكۈزىدىغان دىنىي پائالىيەت، بۇنىڭغا ئەرلەر قاتناشمايدۇ. ئاياللار مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ تۇققۇز تۈمەن قېتىم «ئىمان كەلىمىسى»ئوقۇيدۇ. بۇ تۈگىگەندىن كېيىن مەرھۇمنىڭ ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىككە سالام بېرىپ، مەرھۇمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۈچ قېتىم سورايدۇ. يەنە مەرھۇمغا ۋاكالىتەن ئاياللاردىن رازىلىق سورايدۇ. ئاياللار رازىلىق بىلدۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىدۇ. ئاندىن ياشتا چوڭراق، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاياللاردىن بىرى ياش ئاياللارغا، قىزلارغا، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئائىلىنى قوغداش، ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش، ھاياتلىقنى قەدىرلەش، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش ۋە تۇسۇش تۇغرىسىدا ۋەز ـ نەسىھەت سۆزلەيدۇ. بۇ پائالىيەت«تەلىم ئۆتكۈزۈش» بولۇپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇشى، ئۆزگىرىشى مۇقەررەرلىك بولسىمۇ، چۈۋانقىردىكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنىڭ كۆپلىكى، دەۋرىنىڭ ئۇزۇنلىقى، بۇيەردىكى ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىك، رەڭدار ئۆرپ ـ ئادەتلەركىشىنى جەلىپ قىلىدۇ. ۋە يەنە بۇ تۇغرىسىدا ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئىشىنىمىزكى، چۈۋانقىرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخ ـ فولكلور تەتقىقاتىدىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش.

www.kitaphumar.com

# ئىزاھلار:

(1). ئابلىم قېيۇم :<<تۇرپان ئاسارە ئەتىقىلىرى >>،شىنجاڭ نەشىرىياتى يىل نەشىرگە قارالسۇن.

(2)ن.ف كاتۇنۇق: << كۇنچىقىش ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى>>، مىراس ژۇرنىلى 2008-يىل1-سان، ئابلىز ئۇرخۇن نەشرگە تەييارلىغان.

(3)ھەمىت ھەمدۇل :<<تارىخى ۋەسىقە- ياغاچچىلىق رىسالىسى>> پىچان تارىخ ماتېرىياللىرى10-قىسىم 180-بەت. پىچان ناھىيلىك سىياسىي كېڭەش نەشىر قىلدۇرغان مەخسۇس توپلام.

(4)ئابدۇقەييۇم خوجا :<<دىيارىمىزدىن تېپىلغان قىسمەن يادىكارلىقلار ھەققىدە>>، مىللەتلەر نەشرىياتى 2009-يىل 5-ئاي نەشرى203-بەت

(5) ئابدۇللا ھەمدۇللا:<<ئۇلۇغ كەشپىيات كارىز>> ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 2006-يىل 5-ئاي نەشرى61-بەت .

(6)نىياز كېرىمى، زىۋىدە ساتتار:<<دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە>> مىللەتلەر نەشرىياتى2006-يىل 6-ئاي1-نەشرى،<<پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يەرجاي نامىلىرى>> قىسمىغا قاراڭ.

(7) (9) مەھمۇد كاشغەري: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2012-يىل نەشرى 341-،248- بەتلەر.

(8) مۇھەببەت قاسىم: « <دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك> بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە دىيالېكت شېۋىلىرىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرما تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 2012-يىل 3-سان 52-بەت

(10) بۇ ئادەتلەردە تۇنۇشتۇرۇلغان جەريانلارنىڭ بەزىلىرىگە ئۆزەم قاتناشتىم، يەنە بەزىلىرنى بۇ ئىشلارغا كۆپ قېتىم قاتناشقانلارنى زىيارەت قىلىپ ئىگەللىدىم.

(11) دەستار پارسچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بولۇپ سەللىنى كۆرسىتىدۇ.لىكىن چۈۋانقىرلىقلارنىڭ بۇ دەستارنىڭ ئورۇلۇش شەكلى پارسلارنىڭ دەستارى ۋە ئەرەبلەرنىڭ سەللىسىنىڭ ئورىلىشىغا ئوخشىمايدۇ.

بۇ ماقالە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2013-يىللىق 5-سانىدىن ئېلىندى

# ئۇيغۇر تېرىم مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم بەلگە - «تارانچى ئاتالغۇسى»

پەرھات ئىلياس

ئىلىنىڭ يېزىلىرىدا ئىلگىرى بۇغداي باشىقىنى چىرايلىق توقۇپ قىبلە تامغا ئېسىپ قويىدىغان ياكى قالپاق-بۆكلىرىنىڭ يېنىغا قىستۇرۇۋالىدىغان ئادەت بار ئىدى. كىچىك چاغلىرىمدا بىر مويسىپىتتىن سورىسام، «بۇ دېھقان تارانچىلىقنىڭ بەلگىسى» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. «ئۇنداق بولسا تارانچى دېگەن نېمە گەپ؟» دەپ سورىسام، «تارانچى دېگىنىمىز دېھقان دېگەن سۆز، ئاق كۆڭۈل، ھالال تەرى بىلەن ياشايدىغان كىشىلەرنى شۇنداق ئاتايمىز» دېگەنىدى. يېزىمىزدىكى نۇرغۇن قەبرىلەرگە تۇلۇق تېشى تىكلەپ قويۇلغانلىقىنى بايقاپ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىمدا، بۇمۇ يەنىلا شۇ تارانچى-تېرىمچى بولغانىنىڭ بەلگىسى دېگەن جاۋابقا ئېرىشكەنىدىم. يەنە بۇ نامنى ئەزەلدىن ئىلىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەرمۇ بولدى. بۇنىڭ ئەكسىچە مۇشۇ ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنسىلا، بۇ ئاتالغۇنى موڭغۇلچە ياكى مانجۇچە «قۇل، يانچى» دېگەندەك مەنىنى بىلدۈرىدىغان ھاقارەتلىك نام دەپ چۈشەندۈرۈشكە بەكرەك كۆچەيدىغانلارنىمۇ ئۇچرىتىپ تۇردۇم. لېكىن بۇ نامنى مەيلى ئىجابىي نۇقتىدىن ياكى سەلبىي نۇقتىدىن چۈشەندۈرگۈچىلەر بولسۇن، ھېچقايسىدىن بۇ نامنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلمىدىم. نەتىجىدە مۇشۇ نامنىڭ زادى قانداق كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدە ئۆزۈم بىر جاۋاب تېپىپ بېقىش ئويىغا كېلىپ، بۇ ئاتالغۇ ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىپ چامىمنىڭ يېتىشىچە تەھلىل، تەتقىق قىلىپ باقتىم. تۆۋەندىكىسى مۇشۇ ئىزدىنىشىمنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلى.

«تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدىكى يازمىلارغا قاراپ باقىدىغان بولساق، ھازىرغا قەدەر ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

1.مانجۇ تىلىدىن كەلگەن دېگەن قاراش

www.kitaphumar.com

بۇ قاراش رۇس شەرقشۇناسلىرى بارتولد بىلەن رومانسوف تەتقىقاتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بارتولد: «شىنجاڭدا خەلقلەر ئۆزلىرى قۇرغان شەھەرلەرنىڭ نامىغا قاراپ ئۆزلىرىنى ‹قەشقەرلىك›، ‹تۇرپانلىق›، ‹خوتەنلىك› دېگەنگە ئوخشاشناملار بىلەن ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ‹تارانچى› دەپ ئاتىلىدىغانلىرىمۇ بار. بۇلار مانجۇلار تەرىپىدىن 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلەر ئىدى. ‹تارانچىلار› دېگەن مانجۇچە ‹زىرائەتچىلەر› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ»[1] دېگەن بولسا، رومانسوف: «... بۇ ھوقۇقسىز كۆچمەنلەر بىرىنچى نۆۋەتتە مانجۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ‹تارانچى› يەنى ‹دېھقان› دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ قالدى»[2] دېگەن. بۇلاردىن باشقا يەنە سوۋېت ئېتنىپاقى تەتقىقاتچىلىرىدىن ئىسخاكوف، سىدرووۋسكايا قاتارلىقلارمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شەرقىي شىنجاڭدىن ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارغا قويۇلغان نام ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقان. قۇمۇل تەۋەسىدىكى «تارانچى» دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق چۈشەندۈرۈشتىمۇ [3]، بۇ جاينىڭ چيەنلۇڭنىڭ 30-يىلى (مىلادىيە 1756-يىلى) تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ نامى بويىچە تارانچى دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى ئېيتىلغان بولۇپ، مانجۇ تىلىغا باغلاپ قويۇلغان.

«تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن باغلاپ قارىغاندا، بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى بەكمۇ يۈزە بولۇپ، مانجۇچە دەپ قارالغان بۇ نامنىڭ مانجۇ تىلىدا قانداق پەيدا بولغانلىقى، چىڭ سۇلالىسىدىن ئىلگىرى بۇ ئاتالغۇنىڭ قوللىنىلغان ياكى قوللىنىلمىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچبىر ئاساس كۆرسىتىلمىگەن.

2. موڭغۇل تىلىدىن كەلگەن دېگەن قاراش

شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 2000-يىلى نەشر قىلغان «ئوكيانۇس» نىڭ 1566-بېتىدە بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە: «تارانچى: موڭغۇلچە سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، ‹يەر تېرىغۇچى› دېگەن مەنىدە. شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىكى ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتىلىشى» دەپ تەبىر بېرىلگەن بولسا، تەتقىقاتچى گو مېيلەن مانجۇچە يازمىلارغا ئاساسەن يېزىپ چىققان «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ‹تارانچى مۇسۇلمانلىرى› نىڭ شەرققە كۆچۈپ بېرىپ خۇلنبىردە بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدى-كەينىدە» ناملىق ماقالىسىدا[4]: «‹تارىياچىن› موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، ‹تارانچى› دەپمۇ ئاتىلىدۇ، مەنىسى تېرىقچى. جۇڭغارلار شىنجاڭدىكى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا،

www.kitaphumar.com

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەممە ئىلى رايونىغا كۆچۈپ بارغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ‹تارانچى مۇسۇلمانلار› دەپ ئاتىغان. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھارپىسىدا، شىنجاڭدىكى يەر تېرىغۇچى ئۇيغۇرلارنى داۋاملىق ‹تارانچى مۇسۇلمانلار› دەپ ئاتىغان» دەپ بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە تېخىمۇ تەپسىلىراق چۈشەندۈرۈش بەرگەن.

«شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1952-يىللىق 3-سانى 21-بېتىدىكى «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالىدا «ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن دېھقانلارنىڭ ئەسلى كەسپى دېھقانچىلىق بولىدۇ. مانا شۇ دېھقانچى ئۇيغۇرلارغا ئىلىدا ياشىغان موڭغۇللار ‹تاران› (دېھقانچى) دېگەن نامنى بېرىدۇ» دېيىلگەن بولسا، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 383-بېتىدە: «... چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنى بوز يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۇيۇشتۇرغان. بۇرۇنقى جۇڭغار خانلىقى دەۋرىدىلا، جۇڭغار ئاق سۆڭەكلىرى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بوز يەر ئاچقۇزغان. ئېكىنچىلەر ‹تارانچى› دەپ ئاتالغان. كېيىن تارانچى دېگەن بۇ سۆز ئىستىمالدا داۋاملىشىپ، ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭ يەنە بىر نامى بولۇپ قالغان» دېيىلگەن.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002-يىلى نەشر قىلغان «غەربىي دىيار يەر ناملىرى» (خەنزۇچە) ناملىق لۇغەتنىڭ 434-بېتىدىكى تارانچى بالىق (塔兰奇城) ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشتىمۇ 17-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن تېرىقچىلارنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن ھەم ئۇلار تۇرۇشلۇق جاينى «تارانچى بالىق» دەپ ئاتىغان دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ توغرۇلۇق يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەتقىقات ئېلىپ بارغان قەمبەرنىسا مۇھەممەتمۇ ««تارانچى› ئاتالغۇسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا[5] «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى «تاران» سۆزىدىن ئۇيغۇرچىلىشىپ كەلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ توغرۇلۇق بىرقەدەر چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخ تەتقىقاتچىسى يۇنۇسجان ئىلىمۇ ««تارانچى› نامى ھەققىدە يېڭى قاراش»[6]، «جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھۆكۈمرانلىقى – قوشۇمچە تارانچى نامى ھەققىدە» ناملىق ماقالىلىرى[7] ھەمدە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «17-، 18-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جوڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى» ناملىق كىتابىنىڭ 174-، 184-بەتلىرىدە بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، ھازىرغا

www.kitaphumar.com

قەدەر بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرىدا ««تارانچى › نامى جوڭغار خانلىقىغا باتۇر قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە (1634-1653 يىللار) قۇبۇقساردا ئوتتۇرىغا چىققان موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، جوڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن دېھقانچىلىق قىلغان بىر بۆلۈم ئۇيغۇرلارغا قويغان نامى» دېگەن يەكۈننى چىقىرىپ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ماتېرىيال مەنبەلىرى بىلەن پىكىر بىردەكلىكىنى ساقلىغان. بۇلاردىن باشقا يەنە «تارانچى» ئاتالغۇسىنى موڭغۇلچە «يانچى»، «قۇل» دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىغۇچىلارمۇ بار. مەسىلەن، بەيدۇ تورىدا تونۇشتۇرۇلغان «يەكەن خانلىقى» ناملىق ماقالىدا[8] بۇ ئاتالغۇ «塔兰奇/塔里雅齐 «taranchiدەپ ئېلىنىپ مەنىسى «农奴» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

تارانچى ئاتالغۇسى موڭغۇلچىدىن كەلگەن دېگۈچىلەرنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقى شۇكى، بۇنىڭدا ئۇلار ھازىرقى موڭغۇل لېكسىكىسىدا «تارىياچىن، تارىيانچىن» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنىلا كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ قەدىمكى موڭغۇل تىلىدا مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى، ئۇ موڭغۇل تىلىدا زادى قانداق پەيدا بولغان دېگەن نۇقتىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئاتالغۇ باتۇر قۇنتەيجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندىن خېلى ئىلگىرىلا مەۋجۇت ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، جوڭغارلار ئۇيغۇر تېرىقچىلىرىنى ھەقىقەتەن قۇل ئورنىدا كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن تارانچى ئاتالغۇسى «قۇل، يانچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاھلاش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، موڭغۇل تىلىدا «يانچى» دېگەننى «ھەمجىلغا» (Xamjilga农奴)، «قۇل» دېگەننى «بوغول» (Bogol 奴隶；奴) دېگەن ناملار بىلەن ئاتايدۇ. يەنە «تارىيان»، «تارىياچىن» دېگەن سۆزلەر ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا تېرىقچىلىققا ئائىت كەسپىي ئاتالغۇلار سۈپىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ، ھېچقانداق كەمسىتىش تۈسى يوق. موڭغۇللاردا «ئالباتۇر» دېگەن يەنە بىر سۆزمۇ بار بولۇپ، بۇ مەخسۇس ئالۋاڭكەشلەرنى بىلدۈرىدۇ.[9]

3. تۈركىي تىلدىن كەلگەن دېگەن قاراش

بۇ قاراشنى ئەڭ دەسلەپ تۈرك تارىخچىسى رىزانۇر ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ «تۈرك تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 3-قىسىم 21-، 26-بەتلىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «كونا زامانلاردىن بېرى تۈرك تارانچىلىرى سارىسۇ، ئىلى، تارىم، سىر، ئامۇ دەريالىرى كانارالىرى ۋە ئارىلىرىدا چۆپلۈكلەرنى سۇغۇرماق ئۈچۈن مۇھىم قانالالار ياپمىشلەر، ھوبۇبات ئەكمىشلەر، مېۋە ياغاچلارى يېتىشتۈرمىشلەردۇر... دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە بۇ تارانچىلاردەك تۇپرىقىغا يەرلىشىدىغان، ئۇنى سۆيىدىغان ۋە مۇداپىئە ئېتىدىغان خەلق يوق»، «( تارىم) تۈركچىدە

www.kitaphumar.com

تارىماق مەنىسىدىن كەلگەن، زىرائەت ئەتمەك دېمەكتۇر. ئەسلىي تۈركچىدە چۆپچىنى تارانچى دەر ئىدى». بۇنىڭدىن باشقا، تۈركىيەنىڭ يېقىنقى زامان داڭلىق شائىرلىرىدىن بىرى بولغان ساھىت سىتكى تارانچى (1910ـ1956) مۇ بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىگە فامىلە ئورنىدا قوللانغان. ئۇ دىيارباكىردىكى تېرىقچىلىق ۋە سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى داڭلىق ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى شال تېرىغانلىقتىن دادىسى بەكىر سىتكى «تارانچى» نامىنى فامىلە قىلىپ قوللانغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئاپىسى ئارىفە خانىمنىڭ ئائىلىسىمۇ شال تېرىش بىلەن شۇغۇللانغان، شۇ سەۋەبتىن ساھىت سىتكىمۇ «تارانچى» دېگەن نامنى فامىلە قىلىپ قوللانغان. تۈركىيەدە يەنە «تاران»، «تارانچىباتۇر» دېگەن سۆزلەرمۇ ئىسىم ياكى فامىلە ئورنىدا قوللىنىپ كېلىنمەكتە[10]. بۇنى يۇقىرىدا رىزانۇرنىڭ يازغىنىغا باغلاپ قارىغاندا، بۇ ئاتالغۇنىڭ تۈركىيە تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ۋېي لياڭتاۋنىڭ خەنزۇچە «يەكەن خانلىقى تارىخى تىزىسلىرى» ناملىق كىتابىدا يەكەن خانلىقى مەزگىلىدە خانلىق يەرلەرنىڭ ياللانغان تېرىقچىلار تەرىپىدىن تېرىلىدىغانلىقى، شۇڭا بۇ يەرلەرنىڭ «تارانچى يەر» دەپ ئاتالغانلىقى، مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ موڭغۇلچە «تېرىقچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلۈش بىلەن بىللە، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «تېرىمچى»، «تېرىقچى» ئاتالغۇلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان[11].

خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشر قىلغان «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» (准噶尔史略) ناملىق كىتابنىڭ 144 ـ بېتىدە بۇ ئاتالغۇغا: «تارىياچىن (塔里雅沁)، تاراچىن (塔喇沁) دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تۈركىي تىلىدىكى Tarynqy (塔兰奇) دېگەن سۆزدىن كەلگەن، مەنىسى ‹يەر تېرىغۇچى› دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ ئىزاھ بېرىلگەن بولسا، «سەددىچىننىڭ شىمالىدىكى مەدەنىيەت» (塞外文化) ناملىق قامۇسنىڭ [12] «موڭغۇللارنىڭ تىل-يېزىقى» بۆلىكىدە: «تۈركىي تىلىدىكى ‹تارىغچى› دېگەن سۆز قىتان، جۇرجىت تىللىرىدىكى ‹تېرىقچى› مەنىسىنى بېرىدىغان دابۇي (挞不也) دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى ئالغان، موڭغۇلچىدا بولسا ‹تارىياچىن› دەپ ئومۇملاشقان. موڭغۇل ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدە تۈركىيچىدىن كۆپلەپ سۆز قوبۇل قىلىنغانلىقى موڭغۇللارنىڭ موڭغۇل ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ كىرگەندە ھەقىقەتەن تۈركلىشىش باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ خېلىلا قالاق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ»، «تۈركىي تىلدىن موڭغۇل تىلىدىكى ئاساسىي لۇغەت تەركىبىگە كىرگەن سۆزلەردىن: تەڭرى، تامغا، ئاياغا (ئاياغ)، ئۆجۆگ (قەلەم)، قۇرۇد (قۇرۇت)، ئەم (دورا)،

www.kitaphumar.com

جىمىش (يىمىش)، ئالما (ئالما)، چەچەك (چېچەك)، ئۈجۈم (ئۈزۈم)، بالغاسۇن (شەھەر)، تارىيان (ئېتىز)، جىرۇكە (يۈرەك)، بۆلۆگ (بۆلەك)، تاياغ (ھاسا) قاتارلىقلار بار» دەپ كۆرسىتىلگەن. دېمەك موڭغۇل ئىلىم ساھەسىدە بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى دەپ قاراۋاتقان «تارىيان»، «تارىياچىن» ئاتالغۇلىرىنى تۈركىيچىدىن كەلگەن دەپ قاراش ئاساسى جەھەتتىن ئومۇملىشىپ بولغان.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى ما داجېڭ، سەي جيايىلارمۇ «جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىقى» ناملىق ماقالىسىدا[13] تارانچى ئاتالغۇسىنىڭ تۈركىي تىلدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتقان. ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ شىۋىسى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىغا ئائىت نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلدۇرغان روسىيەلىك شەرقشۇناس پانتوسوف بولسا يۇقارقىلاردىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، تارانچى ئۇيغۇرچە سۆز دەپ قارىغان[14]. بۇ ھەقتە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تونجى بولۇپ مۇشۇ خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچى پېشقەدەم تارىخ تەتقىقاتچىسى غوجائەخمەت يۇنۇس بولۇپ، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىشلەر» ناملىق ماقالىسىدا خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە «تارانچى» نامىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى «تارىغچى» دېگەن سۆز بىلەن باغلاپ، «ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ‹تارانچى› دەپ ئاتىلىشى موڭغۇللار ياكى جۇڭغارلار تەرىپىدىن قويۇلغان نام بولماستىن، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ئېلىنغان» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان[15]

يەنە پروفېسسور ۋاڭ دۇڭپىڭمۇ«‹تارانچى› ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا بۇ ئاتالغۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى «تارىغ» دېگەن سۆز بىلەن باغلاپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ موڭغۇللاردا بولۇشتىن سىرت، تۈركىي تىللىق خەلقلەردىمۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان [16].

يۇ تەيشەن، چېن گاۋخۇ، شيې فاڭلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ تارىخ ـ مەدەنىيىتى لۇغىتى» دە: «تارىياچىن (塔里雅沁): تارانچى (塔兰奇)، تارياچىن (塔喇沁) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بۇ، موڭغۇلچە ‹تارىيا› دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، ‹زىرائەت، ئېكىن› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، كېيىنكە ‹چىن› قوشۇمچىسى قوشۇلغاندا، ‹دېھقان›، ‹تېرىقچى›، ‹ئېكىنچى› دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇيغۇرچىدىكى ‹تارىمچى› (تېرىمچى) دېگەن سۆز موڭغۇلچىغا ‹تارانچۇ› بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغان دەپ قارىشىدۇ» دەپ يېزىپ، بۇ ئاتالغۇنى موڭغۇل تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئارىسىغا تاشلاپ، كېيىنكىلەرنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرغان[17].

www.kitaphumar.com

بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشى نۆۋەتتە بارغانچە دىققەت-ئېتىبارغا سازاۋەر بولۇشقا ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە باشلىدى. تىل ۋە تارىخ تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بۇ ھەقتىكى دەلىل-ئىسپاتلارمۇ ئاۋۇپ، روشەنلىشىپ بارماقتا. تۆۋەندە مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بەزىبىر ئىزدىنىشلىرىمگە ئاساسەن تارانچى ئاتالغۇسىنىڭ مانجۇ تىلىغىمۇ، موڭغۇل تىلىغىمۇ تەۋە سۆز بولماستىن بەلكى قەدىمكى تۈركىي تىللاردىن كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن كېلىش ئېھتىماللىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە بەزىبىر قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ئاۋۋال «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ مانجۇ تىلىدىن كەلمىگەنلىكى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەي. ھازىر مەملىكىتىمىزدە نەشر قىلىنغۋاتقان تەتقىقات مەنبەلىرىدە بۇ ئاتالغۇ مانجۇ تىلىغا ئومۇمەن موڭغۇل تىلىدىن كىرگەن دەپ قارالماقتا. مەسىلەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىيۇ شياۋمېڭنىڭ «مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇرجىتلار[18] ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ پارچىلىنىشى» ناملىق ماقالىسىدا: «جۇرجىت تىلىدا ‹يەر تېرىش› نى ئۇسىن تارىمبى (usin tarimbi، ئۇسىن – يەر، تارىمبى – تېرىش دېگەن مەنىدە) دەيدۇ. بۇنىڭدىكى تارىمبى سۆزىنىڭ تۈپى موڭغۇلچىدىكى ‹irat› (تېرىش) دىن كەلگەن» دېيىلگەن بولسا[19]، جوڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى چىقارغان «ئىجتىمائىي پەنلەر فرونتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1994-يىللىق 4-سانىغا بېسىلغان «مانجۇلار جاۋشىڭ دەۋرىدە موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» ناملىق ماقالىدا: «مانجۇ تىلىدا دېھقانچىلىقنى ‹‹nirut، يەر تېرىشتىكى ‹تېرىش› نى ‹ibmirat› دەيدۇ، موڭغۇل تىلىدىكى ‹تېرىش› نى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن مانجۇ تىلىدىكى ‹تېرىش› نى بىلدۈرىدىغان سۆزنىڭ تومۇرى ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى ‹ohayirat› دىن كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلگىرىكى مانجۇلارنىڭ تىلى موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دېيىلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ۋاڭ دۇكېيڭنىڭ «‹تارانچى› ھەققىدە ئىزدىنىش» ناملىق ماقالىسىدا «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا ئائىت يازمىلاردا كۆپرەك «塔里雅沁»، «塔喇沁» دەپ ئېلىنغانلىقىنى، بۇ سۆزلەرنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا ئائىت يازمىلاردا «塔里牙»، «塔里牙赤» لاردىن كەلگەنلىكىنى، ئاخىرىدىكى «沁» قوشۇمچىسىنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە كۆپرەك «赤» (چى) دەپ ئېلىنغان بولسا، چىڭ سۇلالىسىغا كەلگەندە كۆپرەك «沁» (چىن) دەپ ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 15-يىلى (مىلادىيە 1382-يىلى) تۈزۈلۈشكە باشلىغان «موڭغۇل تەرجىمە سۆزلۈكلىرى» «蒙古译语» بىلەن «جۇرجىت تەرجىمە سۆزلۈكلىرى»

www.kitaphumar.com

«(真女译语) گە ئاساسەن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان «موڭغۇل تەرجىمە سۆزلۈكلىرى، جۇرجىت تەرجىمە سۆزلۈكلىرى توپلىمى (真女译语汇编、蒙古译语) ناملىق كىتابتىمۇ بۇ ئاتالغۇ موڭغۇل تىلىدا «农人 (塔里牙赤) « tariyaci شەكلىدە ئىپلىنغان[20]. بۇنىڭدىن بۇ ئاتالغۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا موڭغۇل تىلىغا كىرىپ بولغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بۇلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، تارانچى ئاتالغۇسىنى مانجۇ تىلىدىن كەلگەن دېگەن قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ مانجۇ تىلىغا موڭغۇل تىلىدىن بەزىبىر فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياسىغان ئاساستا قوبۇل قىلىنغانلىقى ئېنىق.

ئەمدى بۇ ئاتالغۇنىڭ موڭغۇل تىلىغا تۈركىيچىدىن كەلگەنلىكىگە كەلسەك، بۇ توغرۇلۇق يۇقىرىدا خېلى كۆپ دەلىللەر كەلتۈرۈلدى. تۆۋەندە بۇ ئاتالغۇنىڭ موڭغۇللارغا تۈركىيچىدىن كىرگەنلىكىنى قوۋۋەتلەش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇللارغا قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرچىدىن كىرىش ئېھتىماللىقىنىڭ ھەممىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە دەلىل-ئىسپاتلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتەي.

خەنزۇچە «قاراچىن موڭغۇل تىلى تەتقىقاتى» ناملىق كىتابتا: «ئوتتۇرا ئەسىر موڭغۇل لېكسىكولوگىيەسىدە دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەر ھەققىدە ئاز ئۇچرايدۇ. موڭغۇل تىلىدا دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەرنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىغىنىغا ئەمدى 200 يىلدىن ئاشتى» دېيىلگەن بولسا[21]، «موڭغۇل تىلىدىن قەدىمكى موڭغۇل تېرىمچىلىق ئىگىلىكىگە نەزەر» ناملىق ماقالىدا: «قەدىمكى موڭغۇللاردا دېھقانچىلىق بولغانمۇ يوق دېگەن مەسىلە ھەققىدە ئۇزاقتىن بېرى ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلدى. ‹قىتان دۆلىتىنىڭ تەزكىرىسى›، ‹قارا تاتارلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان›، ‹دەشت-چۆل دىيارىدا ئاڭلىغانلىرىم› قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي يازمىلاردا بۇ ئاساسەن ئىنكار قىلىنىپ كەلدى» دەپ يېزىلغان[22]. دېھقانچىلىقتا ئۇزاق تەرەققىيات تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قوۋمنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كېيىن باشلانغان باشقا بىر قوۋمدىن دېھقانچىلىققا ئائىت ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىشى تارىخىي تىلشۇناسلىق ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ، «تارانچى» ئاتالغۇسىنى ھېچبىر تەتقىقات ئېلىپ بارماي تۇرۇپلا بەزىبىر ئاتالمىش شەرقشۇناسلارنىڭ يۈزەكى تەتقىقات نەتىجىسى بويىچىلا «موڭغۇلچە سۆز» دەپ باشقىلارغا قوش قوللاپ بېرىۋېتىش ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. چۈنكى گېزى كەلگەندە بىر ئاتالغۇنىڭ قايسى مىللەت تىلىدا ئاۋۋال پەيدا بولغانلىقىغا قاراپمۇ، شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىگىسىنى بېكىتىشكە توغرا كېلىدۇ. «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىلى تارانچىلىرىنىڭ ئاتلىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي

www.kitaphumar.com

ئۆزگىرىشى» ناملىق ماقالىدا تارانچى ئاتالغۇسىنىڭ موڭغۇل تىلىنىڭ ئۇيرات دىئالېكتىدا ئۇچرايدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسا[23]، «جۇڭغارلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 127-بېتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ جۇڭغارلارنى[24] قىزىقتۇرۇپ، بارغانچە كۆپ جۇڭغار خەلقىنىڭ دېھقانچىلىققا كىرىشكىلى تۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن تېرىمچىلىق بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئاساسەن تېرىمچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان بولغانلىقى ئېيتىلغان. «موڭغۇللارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىنى يەنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدىغان: «ئۇيراتلارغا كەلسەك، ئۇلاردا ئۇزاقتىن بېرى تېرىمچىلىق بار ئىدى، چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە قۇبدۇ دېگەن يەردە ئۇلار ئۇيغۇرلاردىن يەر تېرىش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن ھەمدە بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان» دېگەن جۈملىنى ئۇچرىتىمىز[25]. بۇلاردىن باشقا، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تىبەت مەدەنىيىتى بىلەن بىر قاتاردا، بۇريات خەلقى (ھەممىدىن ئاۋۋال شەرقىي بۇريات) ۋە قالماقلارنىڭ[26] مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئاز دېگەندىمۇ 300-400 يىل مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى»، «ئوتتۇرا ئەسىردىن قېپقالغان ئاشۇ ئىبارىلەر تا بۈگۈنگە قەدەر ھازىرقى موڭغۇل تىلىدا قوللىنىلماقتا»[27] دېگەن سۆزلەر بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى ئا. ك. بوروكوف (1904-1962) نىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇتقان ئورنى» دېگەن ماقالىسىدىكى: «موڭغۇللار قەدىمىي ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى بەزىبىر ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈپ ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بولسا، دۆلەت ئىشلىرىدا چوڭ مەنسەپلەردە كەڭ يوسۇندا ئىشلىتىلگەندى»، «شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىنىپ كېلىنگەن نۇرغۇن سۆزلەر موڭغۇل تىلىدىمۇ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى» ھەمدە تۈركچە «تۈرك مەدەنىيىتى» ناملىق كىتابتىكى سالجۇق تۈركلىرىدە زىرائەتچى دېگەننىڭ ئورنىغا «تارىياچىن» سۆزى قوللىنىلاتتى، بۇنداق ئاتاش موڭغۇللارغا ئۇيغۇرلار ئارقىلىق كىرگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىندۇر دېگەن سۆزلەرمۇ يۇقارقى قاراشلارنى قۇۋۋەتلەپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەلىللىرىمىزدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇيراتلار ئۇيغۇرلاردىن تېرىمچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە تېرىمچىلىققا ئائىت ئاتالغۇلارنىمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەييار سۆزلەر ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرگەن ھەم بۇلار ئۇيراتلار ئارقىلىق پۈتكۈل موڭغۇللارغا تارقالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن. «تارىياچىن» ئاتالغۇسىنىڭ موڭغۇللاردا پەيدا بولۇشىنىمۇ مۇشۇ مەنتىقىدە تۇرۇپ يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

www.kitaphumar.com

ئەمدى بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىغا ئائىت يازمىلاردا پەيدا بولۇشى ھەققىدە توختىلايلى. ھازىرغا قەدەر ئاشكارا بولغان يازما مەنبەلەرنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىش مەنبەسى دەپ قارىلىۋاتقان «تارىياچىن» سۆزىنىڭ تۈپى بولغان «تارىيا» ئاتالغۇسى موڭغۇل يازما مەنبەلىرىدە ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا 1240-يىلى يېزىپ تاماملانغان «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»غا ئاساسەن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىنىڭ 6-جىلد 177-بۆلىكىدە ئۇچرايدۇ. بۇ سۆز خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «塔里牙» (تارىيا) دەپ ئېلىنىپ ئۈستىگە «禾田» (ئېكىن) دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ھەققىدىكى تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، بۇ ئەسەر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا يەنە ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلارمۇ كۆپلەپ كىرگۈزۈلگەن. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان نۇسخىسى يىتۈپ كەتكەنلىكتىن، بىزگىچە يېتىپ كەلگىنى مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ پەقەت خەنزۇچە ئاھاڭ قوشۇلغان تەرجىمىسىلا بولدى خالاس. 1368-يىلى تاماملانغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 1-جىلد 100-بۆلىكىدىمۇ بۇ ئاتالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «塔里牙赤» دېگەن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. بۇ سۆز يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تېرىقچى دېگەندىن باشقا يەنە تېرىقچىلىققا مەسئۇل ئەمەل نامى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن[28]. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە يېزىلغان «يەنشى يىللىرىدىكى سىمىڭ تەزكىرىسى» (延祐四明志)، «جىجېڭ يىللىرىدىكى سىمىڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» (之正四明续志) قاتارلىق كىتابلاردا «塔里牙赤» ھەققىدە مۇنداق خاتىرە بېرىلگەن:

《黑的儿、塔里牙赤、暗都剌哈蛮：有六位回回人，同知都元帅共七人、忽先、棘哈，忽剌忽儿。》

بۇنىڭدىكى «回回» ئاتالغۇسى يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئاساسەن غەربىي يۇرتتىن بارغان مۇسۇلمانلارنى كۆرسىتىدۇ، «塔里牙赤» دېگەن ئىسىمغا ئاساسلانغاندا ئۇنى مۇسۇلمان ئۇيغۇر دەپ جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «خان بېكىتكەن يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئاتالغۇلىرىنىڭ شەرھى» (钦定元史语解) ناملىق لۇغەتتە بۇ ئاتالغۇ «塔哩雅齐» دەپ ئېلىنىپ، «‹塔哩雅›田也，‹齐›司事人也» (‹تارىيا› ئېتىزنى، ‹چى› بۇنىڭغا مەسئۇل ئادەمنى بىلدۈرىدۇ) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن بۇ ئاتالغۇنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە تېرىقچىلىققا مەسئۇل ئەمەلدارنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدىمۇ «تارىغ»، «تارىغچى بەگ» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ[29]، شۇڭا بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن مەنە ئىزچىللىقى بار دەپ

www.kitaphumar.com

ئېيتشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. مەنسەپدارلار تەزكىرىسى» (百官志.元史) دىمۇ «塔刺赤»، «塔里牙赤» دېگەن ئىسىملار ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «塔里牙赤» يۇقىرىدىكى «يەنشى يىللىرىدىكى سىمىڭ تەزكىرىسى» (延祐四明志)، «جىجېڭ يىللىرىدىكى سىمىڭ تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» (至正四明续志) قاتارلىق كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان «塔里牙赤» نى كۆرسەتسە، «塔刺赤» يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى مەشھۇر سانغۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاتالغان مەخسۇس تەرجىمىھال قىسمى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. تارانچىنىڭ تەرجىمىھالى» (元史.塔里牙赤传) دا بۇ ئىسىم «塔里赤» دەپ ئېلىنغان ھەم ئۇنىڭ قاڭقىل (康里) نەسلىدىن ئىكەنلىكى ئېيتىپ ئۆتۈلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 30-جىلدىدا بۇ ئىسىم يەنە «塔喇齐» دېگەن شەكىلدىمۇ ئۇچرايدۇ ھەم «塔喇齐(旧名塔里牙赤)» دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان قاڭقىللارغا كەلسەك، «نىڭشيا ئىجتىمائىي پەنلەرى» ژۇرنىلىنىڭ 2003-يىللىق 1-سانىغا بېسىلغان «يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شەرققە كۆچۈپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان قاڭقىللار» ناملىق ماقالىدە بۇ قاڭقىللارنىڭ ئەسلى ماكانىنىڭ خارەزىم ئىكەنلىكى، چىڭگىزخاننىڭ خارەزىم ئۇرۇشىدا ئەسىر ئالغان قاڭقىللارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆچۈرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە ئاساسلىقى ھەربىي ۋە تېرىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان «塔里赤» نىڭ دەل شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكى پاكىتلىق ئاساستا كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولسا، «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابتا: «قاڭقىللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى» دېيىلگەن[30]. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن «塔里赤» نى ئۇيغۇر دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. مىللەتلەر نەشرىياتى 1984-يىلى 5-ئايدا نەشر قىلغان «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ناملىق كىتابنىڭ 34-بېتىدە «塔里古只» (تارىغۇچى) دېگەن سۆز ئۇچرايدۇ. «塔里古只» بىلەن «塔喇齐» نىڭ يازما مەنبەلەرگە پۈتۈلگەن دەۋرى ئاساسەن يېقىن بولغانلىقتىن، قاڭقىل نەسلىدىن بولغان «塔里赤» نىڭ نامى ئەسلى «تارىغۇچى» سۆزىدىن كەلگەن بولۇشى، موڭغۇللار ئۆز تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن دەپ «塔里赤» ئاتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭغا ئاتاپ تىكلەنگەن تۆھپە مەڭگۈ تېشى ھازىرمۇ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ باۋفېڭ ناھىيەسى تەۋەسىدىكى گۇەنياسۇن كەنتىدە ساقلانماقتا. ئەمدى «塔里赤» دېگەن بۇ نامنىڭ يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە زادى قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىغا كەلسەك، چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن، تەيبېي سودا نەشرىياتى 1986-يىلى نەشر

www.kitaphumar.com

قىلغان «خان بېكىتكەن يۈەن سۇلالىسى تارىخى ئاتالغۇلىرىنىڭ شەرھى» (钦定元史语解) ناملىق لۇغەتنىڭ 14-جىلد 434-بېتىدە «塔里赤» ئاتالغۇسى «塔剌赤» غا ئۆزگەرتىلىپ، مەنىسى «农夫» (تېرىقچى) دەپ ئىزاھلانغان. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈەن سۇلالىسىغا ئائىت خەنزۇچە مەنبەلەردە «塔里赤» ئاتالغۇسى ھەم تېرىقچىلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى، ھەم شۇلارغا مەسئۇل ئەمەلدارنى بىلدۈرۈپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنام بىلەن ئاتالغانلار ئومۇمەن ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپتۇر. 2003-يىلى ئىستانبۇلدا بېسىلغان «تۈرك كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىتابتىمۇ «تارانچىباتۇر» دېگەن ئىسىم بېرىلىپ: «تارانچىباتۇر: تارانچى + باتۇر. چىڭگىزخان دەۋرىدىكى بەگ ۋە قوماندانلاردىن بىرى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. مەنسەپدارلار تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەن «塔剌赤» بىلەن مۇشۇ «تارانچىباتۇر» نىڭ بىر ئادەم بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى.

بۇ ئاتالغۇ يەنە مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ 15-يىلى (مىلادىيە 1382-يىلى) دىن باشلاپ تۈزۈلۈشكە باشلىغان «جىيۈەن تەرجىمە سۆزلۈكلىرى» (至元译语) دە «icayirat 塔里牙赤» دەپ ئېلىنىپ مەنىسىنىڭ «农人» (يەر تېرىغۇچى) ئىكەنلىكى، «خەنزۇ ۋە باشقا تىللار تەرجىمە سۆزلۈكى» (华夷译语) دە «icayirat塔里牙赤» دەپ ئېلىنىپ مەنىسىنىڭ «农人» (تېرىمچى) ئىكەنلىكى ئىزاھلانغان[31].

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇلاردىكى «达里耶赤»، «塔里牙赤» لارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئوخشاش «تېرىقچى، تېرىمچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇنىڭدىكى «达里耶赤» ئاتالغۇسى ئاھاڭ جەھەتتىن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىكى «塔里古只» (تارىغۇچى) غا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، دۇنخۇاڭدىكى بېزەكلىك مىڭ ئۆيدىن تېپىلغان «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» نىڭ بېشىدىكى «تارىغ تارىيۇ» دېگەن پېئىل شەكلىنى، تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقىلىرى» دىكى «تارىغ تارىغۇ يېر»، «تارىغ تارىيۇ يېر»[32] ۋە «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» ناملىق كىتابنىڭ 34-، 42-بەتلىرىدىكى «تارىغۇچى» (农人 塔里古只)، «تارىق يېر» (塔力叶儿 天地) دېگەن ئاتالغۇلارنى «موڭغۇلچە تەرجىمە سۆزلۈكلەر توپلىمى» دىكى «تارىيان، تارىيىچى، تاراچى» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، ئاھاڭ ۋە مەنە جەھەتتىن ئۇدۇل كېلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى:

www.kitaphumar.com

ئۇيغۇرچە مۇڭغۇلچە
تارىغۇچى (تارىيۇچى) تارىيچى (تارىياچى)
تارىيۇ يىر (تارىغۇ يىر، تارىق يىر، تارلغا) تارىيا (تارىيان)

ملك سۇلالىسى مەزگىلىدە تۈزۈلگەن «موڭغۇل تىلى سۆزلۈكلىرى» بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكلىرى» دىكى بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى بىردەكلىكىدىن باشقا، ئاھاڭ جەھەتتىمۇ يېقىنلىقىغا قاراپ، موڭغۇلچىدىكى «تارىياچى» سۆزى ئۇيغۇرچىدىكى «تارىغۇچى» (ياكى تارىيۇچى) دىن، «تارىيا» نى «تارىيۇ» (تارىغۇ) دىن كەلگەن دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. «موڭغۇل تەرجىمە سۆزلۈكى» دىكى «塔里牙» بىلەن «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» دىكى «塔力叶儿» لەرمۇ ئاھاڭ ھەم مەنە جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ موڭغۇللارنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇلغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. يەنى، ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ «塔力叶儿» دىكى «塔力» نىڭ «塔里» دەپ، «叶儿» نىڭ «牙» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىپ موڭغۇل تىلىغا ئۆزلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. «تارىق يىر» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچىدا نېمە ئۈچۈن «塔力古叶儿» دەپ ئېلىنماي بەلكى «塔力叶儿» دەپ ئېلىنىشىغا كەلسەك، قەدىمكى ئۇيغۇر ئېغىز تىلىدا «تارىق يىر» دىكى «ق» چۈشۈپ قېلىپ «تارى يىر» دەپ ئوقۇلۇش ئېھتىماللىقى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. چۈنكى، «ئوغۇزنامە» دىمۇ مۇشۇ خىل ئەھۋال بار بولۇپ، «كاۋاك، يوچۇق» مەنىلىرىنى بىرىدىغان «قاپۇقچاق» ئاتالغۇسى «قاپۇچاق» دەپ ئېلىنغان[33]. بۇ سۆز «قاپۇق» (ئىشىك دېگەن مەنىدە) دېگەن ئىسىمنىڭ كىچىكلىتىلىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، كەينىگە «چاق» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئوقۇلغاندا، «قاپۇق» نىڭ ئاخىرىدىكى «ق» چۈشۈپ قالغان. بۇنىڭغا ھازىرقى تىلىمىزدىنمۇ مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، سارىق (سېرىق) باش ~ سارىۋاش؛ سارىق دالا ~ سارىدالا (سېرىق ئۇيغۇرلاردا). شۇڭا، «تارىق يىر» نىمۇ ئېغىزدا ئېيتىلىشى بويىچىلا «تارى يىر» (塔力叶儿) دەپ ئېلىنغان ھەم مۇشۇ ئاساستا موڭغۇل تىلىدىكى «تارىيا» (塔里牙) كېلىپ چىققان دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار رەتلىنىپ قەلەمگە ئېلىنغان مەزگىلدە قۇبلايخان ئوردىسىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر پۈتۈكچىلەر بولغانلىقتىن، بۇ ئاتالغۇلارنى موڭغۇل تىلىغا ماسلاشتۇرۇپ يېزىشتا ئاشۇ ئۇيغۇر پۈتۈكچىلەرنىڭ ئارىلاشقانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئەمدى «تارانچى» ئاتالغۇسىنىڭ خەنزۇچە مەنبەلەردە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يېزىلىشىغا قاراپ باقايلى:

www.kitaphumar.com

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە:
塔里牙赤،达里耶赤؛
مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە:
塔喇齐،塔剌赤،塔里雅赤، 塔利赤 ؛
چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە:
塔兰其، 塔喇沁، 塔哩雅沁، 塔里雅沁

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئاتالغۇ يۈەن، مىڭ سۇلالىرى مەزگىلىدە ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارىغچى»، «تارىغۇچى» سۆزلىرىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنغان بولسا، چىڭ سۇلالىسىغا بارغاندا موڭغۇل، مانجۇ تىلىنىڭ تەلەپپۇزىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى «-چى» قوشۇمچىسى «-چىن» غا ئۆزگەرتىلگەن. فىرانسىيەلىك ئارخېئولوگ ۋە تىلشۇناس پائۇل پېللىيوتنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «تۈركىيچە ئىسىملارنىڭ كېلىش مەنبەسى» ناملىق ئەسىرىدە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «-چى» بىلەن «-چىن» تۈركىي تىللارغا تەۋە سۆزلۈكلەر بىلەن موڭغۇل تىلىغا تەۋە سۆزلۈكلەرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بەلگىسى دېيىلگەن بولۇپ، تۈركىي تىلغا تەۋە سۆزلۈكلەردە «-چى» قوللىنىلسا، موڭغۇل تىلىغا تەۋە سۆزلۈكلەردە «-چىن» قوللىنىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن[34]. دېمەك، مۇشۇنىڭغا قاراپمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ موڭغۇل تىلىغا تۈركىي تىللاردىن، خۇسۇسەن ئۇيغۇر تىلىدىن كىرگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارلاغۇ، تارىغۇ، تارلا» ئاتالغۇلىرى موڭغۇل تىلىدىكى «تارىيا» سۆزىگە ئاھاڭ ۋە مەنە جەھەتتىن ئۇدۇل كەلگەندىن باشقا، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىمىزدا ھازىرقى موڭغۇل تىلى بىلەن ئاھاڭ ۋە مەنە جەھەتتىن ئوخشايدىغان سۆزلىرىمىزدىن تۆۋەندىكىلىرى بار:

قەدىمكى ئۇيغۇرچە (مەنىسى) موڭغۇلچە
تارىلغا (تېرىلغۇ) تارىلغا
تارىغ (ئاشلىق، بۇغداي، تېرىق) تارىخ
تارىغلاغ، تارلا (ئېتىزلىق) تارلاخ[35]

www.kitaphumar.com

ئەمدى موڭغۇلچىدىكى «تارىيان» ئاتالغۇسىغا كەلسەك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پېئىلغا «ان، ۇن، ـىن، ن» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلىشى ئارقىلىق ئىسىم ياساش مىساللىرىنى تاپالايمىز.

يارات + ان = ياراتان (ياراتقۇچى)

يايلا + ن = يايلان (ئوچۇقچۇلۇق)

ياي + ان = يايان (پىيادە ماڭغۇچى، ياياق؛ بىلىمسىز)

تۈز + ۈن = تۈزۈن (تۈز ئادەم، كەمتەر ئادەم)

تۇز + ان = تۇزان

بۇز + ان = بۇزان (بۇزۇق ئادەم)

بۇل (تاپماق، ئىگە بولماق، بۇلماق) + ۇن = بۇلۇن (ئەسىر، تۇتقۇن)

ئەك + ىن = ئەكىن (ئەك – تېرىش، ئەكىن – زىرائەت، ئاشلىق)[36]

مىللەتلەر نەشرىياتى 1998-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابنىڭ 176-بېتىدە پېئىلدىن تۈرگۈن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «-ىم» بىلەن بىرگە يەنە «–ىن» نىڭمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بۇنىڭغا ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرىدىنمۇ مىسال كۆرسىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئېقىن» بىلەن «ئېقىم» نىڭ ھەر ئىككىلىسىلا «ئاق» پېئىلىغا «ىن، ىم» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان بولۇپ، ئېقىۋاتقان سۇنى كۆرسىتىدۇ[37].

دېمەك «تاران» ئاتالغۇسىنىڭ خۇددى «تار» (تەر، تېرىش، تەرمەك) پېئىلىغا «ىم» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ «تارىم» (تېرىم) سۆزى ياسالغىنىغا ئوخشاش، «تار» پېئىلىغا «ىن» قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق «تارىن» نىڭ، ئۇنىڭدىن يەنە «تاران» نىڭ كېلىپ چىقىش ئېھتىماللىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلار، تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر ھەمدە «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىگ» كەبى كىلاسسىك ئەسەرلىرىمىزنى ۋاراقلاپ كۆرىدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مەزكۇر ئاتالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان يەنە «تارى» (تېرىش)، «تارىغۇ» (تېرىلغۇ)، «تارادى» (تارىدى)، «تاردى» (تاراتتى)، «تارىدى» (تېرىدى)، «تارىغلىغ» (ئېتىز، تېرىلغۇلۇق)، «تارىغلىق»

www.kitaphumar.com

(ئاشلىق ئامبىرى)، «تارلىدى» (تېرىلدى)، «تارىم»، «تارىمسىندى» (تېرىيدىغاندەك كۆرۈندى)، «تارىندى» (تېرىۋالدى)، «تارىتغان» (تېرىتىدىغان)، «تارىداچى» (تېرىيدىغان) قاتارلىق سۆزلەرنىمۇ ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا مەزكۇر ئاتالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ موڭغۇل تىلىغا قارىغاندا ناھايىتى مول لىقىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ ئاتالغۇ موڭغۇللارغا ئائىت يازما مەنبەلەرگە پۈتۈلگەن مىلادىيە 13-ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ دەل موڭغۇللار ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلىغان، ئۇيغۇرلار موڭغۇللارنىڭ تىل-يېزىق، دىن، مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىگە زور تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ھەم ئۇيغۇرلاردىن تۈركۇم-تۈركۇم ۋەزىر-سانغۇن، ئالىم-ئۆلىمالار، تەرجىمان-تىلماچلار يېتىشىپ چىقىۋاتقان مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ.

دەل مۇشۇ مەزگىلدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر ئاگرانوم تۆمۈر تۆۋرۈك (لۇ مىڭشەن 鲁明善) نىڭ مەۋسۇم شەكلىنى قوللىنىپ يېزىپ چىققان مەشھۇر ئەسىرى «تېرىقچىلىق-پىلىچىلىك ئاساسلىرى» 1314-يىلى نەشر قىلىنىپ كەڭ تۈردە تارقىتىلغان ھەم يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېرىقچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم قوللانما بولۇپ قالغانىدى[38]. بۇنىڭدىن باشقا، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق ئوزۇقلۇقشۇناس قوسقۇي (忽思慧) مۇشۇ مەزگىللەردە «تائام تەييارلاش دەستۇرى» دېگەن داڭلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى يېمەك-ئىچمەك تازىلىقى ۋە ئوزۇقلۇقشۇناسلىققا دائىر تۇنجى ۋە مەخسۇس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ[39]. بۇلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ مەزگىلدە يۈەن سۇلالىسىنىڭ تېرىقچىلىق ئىگىلىكىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ مەزگىلدە قۇبلاي خان ئوردىسىدا يەنە ئەنسارىغا ئوخشاش داڭلىق ئۇيغۇر تىلماچلىرىمۇ كۆپ ئىدى، شۇڭا يۇقارقى ئاتالغۇنى موڭغۇل تىلىغا ئېلىپ كىرىشتە تۆمۈر تۆۋرۈكتەك، قۇسقۇيدەك ۋە ئەنسارى كەبى «ئۇيغۇر پۈتۈكچى» لەرنىڭ تەسىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. موڭغۇل تىلىدىكى «تارىيا» ئاتالغۇسىغا ئائىت ئەڭ دەسلەپكى يازما مەنبە ھېسابلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نى زادى كىملەرنىڭ يېزىپ چىققانلىقى ھازىرغىچە ئېنىقلانغىنى يوق. مېنىڭچە، بۇنىڭغا شۇ مەزگىلدە قۇبلاي خان ئوردىسىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان «ئۇيغۇر پۈتۈكچى» لەرنىڭ قاتناشقانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

موڭغۇلچىدىكى «تارىياچى» ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكى ھەققىدىكى يەنە بىر مۇھىم پاكىت تېرىخىن مەڭگۈ تېشى («تارىيات مەڭگۈ تېشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلغان «تارىيات» دېگەن يەر نامى. رۇس تۈركولوگى س. گ. كىلياشتورنىنىڭ

تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەڭگۇ تاش پۈتۈكلىرىدىكى «تارىيات» ... 

www.kitaphumar.com

ئونۋاننىڭ كۆپلۈك شەكلى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن[44]. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك مىساللارنىمۇ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ:

تېگىن + ت = تېگىت (تېگىنلەر)
تاغشۇ] ر [(قوشاق، شېئىر) + ت = تاغشۇت (قوشاقلار، شېئىرلار)
ئۈرۈنغۇ/ئۈرۈڭگۇ (جەڭچى) + ت = ئۈرۈنغۇت/ئۈرۈڭگۇت (جەڭچىلەر)
ئالپاغۇ (مەشھۇر) + ت = ئالپاغۇت (مەشھۇرلار)[45]

قارا بالغاسۇن ھەققىدە «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 368-، 369-بەتلىرىدە: «(ئوردۇبالىقنى ھازىرقى ۋاقىتتا تەتقىقاتچىلار ‹قارا بالغاسۇن› دەپ قارايدۇ، بۇ شەھەر ئورقۇن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان)... ئۇيغۇر قاغانلىقىدا تېرىقچىلىق ئوبدان تەرەققىي قىلغانلىقىنى قاغانلىق دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئېرىق-ئۆستەڭلەر ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ئېرىق-ئۆستەك بىلەن ئېتىز ۋە باغلار سۇغۇرىلاتتى. خارابىلەردىن يارغۇنچاقنىڭ كۆپ چىققانلىقىمۇ تېرىقچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تېرىلىدىغان زىرائەتلەر بۇغداي ۋە تېرىقلار ئىدى» دېيىلگەن بولسا، ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇقنىڭ «ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابىدا: «مىلادىيە 821-يىلى ئەتراپىدا ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى ئوردۇبالىق شەھىرىگە كەلگەن ئەرەب سەيياھى ئەمىم ئىبنى بەھرىنىڭ ساياھەتنامىسىدە ئوردۇبالىق ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق يازغان: ‹يېزا ئېگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول شەھەر بولۇپ، ئەتراپى ئېتىز-ئېرىقلار ۋە زىچ يېزا-كەنتلەر بىلەن قورشالغانىكەن›» دەپ يېزىلغان[46]. بۇنىڭدىن قارابالغاسۇن شەھىرى يېنىدىكى ھازىر «تارىيات» دەپ ئاتىلىۋاتقان جاينىڭ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىن قالغان ئېتىزلىق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالايمىز. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ھازىر موڭغۇلىيەدىكى يەر نامىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مەڭگۈ تاشلاردا پۈتۈلگەن يەر ناملىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشايدۇ، پەرىق بولغاندىمۇ ئاز-تولا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش مەۋجۇت. مەسىلەن، سېلىنگا، ئورقۇن، توغلا، قارابالغاسۇن، ئۆتۈكەن... دېگەندەكلەر ھازىرمۇ مۇشۇ ناملار بويىچە ئاتىلىپ كەلمەكتە. شۇڭا «تارىيات» دېگەن نامنىمۇ ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدىن قېپقالغان يەر نامى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

www.kitaphumar.com

ئەمدى «شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخ ـ مەدەنىيىتى لۇغىتى»[47] دىكى: «ئۇيغۇرچىدىكى terimqi دېگەن سۆز موڭغۇلچىغا ‹تارانچى taranqy› بولۇپ ئۆزگىرىپ قالغان» دېگەن قاراشقا كەلسەك، بۇنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بار. «تېرىمچى» ئاتالغۇسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تارىمچى» بولۇپ، «تارى» پېئىلىنىڭ تۈرلىنىشىدىن كەلگەن. ھازىر «تارىم» دەرياسىنىڭ نامىنىڭ قانداق كەلگەنلىكى ھەققىدە ھەر خىل قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بەزىلەر «تەڭرىم» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسە، بەزىلەر«تېرىم» سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشماقتا. مەن بۇ يەردىكى «تارىم» ئاتالغۇسى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمىكىن دەپ قارايمەن، چۈنكى تارىم دەريا بويىدا ھازىرمۇ «تېرىم» ئاتالغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەر ناملىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، يوپۇرغىدىكى تېرىم ئۆستىڭى، تېرىم مەھەللىسى، تېرىم سۇ ئامبىرى، مەكىت ناھىيەسىدىكى تېرىم مەھەللىسى، پەيزىۋاتتىكى تېرىم يېزىسى، باش تېرىم كەنتى، ئاياغ تېرىم كەنتى، ئۇچتۇرپاندىكى تېرىم مەھەللىسى، مارالبېشىدىكى تېرىم چوڭقۇرچاق كەنتى، قەشقەر كوناشەھەردىكى تېرىم يېزىسى، تېرىم ئۆستىڭى، قاراقاشتىكى تېرىم كەنتى، چەرچەندىكى تارىم كەنتى، تېرىم ساي، تېرىم چىغلىق دېگەن جايلار، شاياردىكى تارىم يېزىسى، لوپنۇردىكى تارىم يېزىسى، تارىم ئۆستىڭى دېگەنگە ئوخشاش[48].

بۇ يەر ناملىرىنىڭ ھەممىسى تېرىمچىلىق كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆپىنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارىم» ئاتالغۇسىدىكى «ئا» تاۋۇشىنىڭ «ئې» تاۋۇشىغا نۆۋەتلىشىشىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولسا، بەزىلىرى ئەينى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان. «تارىم» سۆزىنىڭ مانجۇ تىلىغا «تارىمبى» شەكلىدە ئۆزلەشكەنلىكىنى ھەمدە بۇ ئاتالغۇنىڭ موڭغۇل تىلىغا تۈركى تىللاردىن كىرىپ، «تارىيان» شەكلىدە ئۆزلەشكەنلىكىنى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنىدۇق. بۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىيە تۈركلىرى، ئەزەربەيجانلارمۇ تا ھازىرغا قەدەر بىزدىكى «دېھقانچىلىق» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «تارىم»، «تارىمچىلىق» دېگەننى، «دېھقان» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «تارىمچى» دېگەننى قوللىنىدۇ. «دېھقان» ئاتالغۇسى ئەسلى پارسچە بولۇپ، بىزنىڭ سۆزىمىز ئەمەس، بىز ئەسلىدە «دېھقانچىلىق» نىڭ ئورنىغا «تېرىقچىلىق» تىن باشقا يەنە «تارىم» (تېرىم)، «تارىمچىلىق» (تېرىمچىلىق)، دېھقاننىڭ ئورنىغا «تارىمچى» (تېرىمچى) ئاتالغۇلىرىنىمۇ ئىشلىتىپ كەلگەن. كېيىن پارسى ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىپ، يېزىق تىلىمىزدا بۇ ئاتالغۇلار يەكلىنىپ قالغان، شۇنداقتىمۇ بىزدە بۇنىڭ «تېرىم»، «تېرىمچى»، «تېرىقچى»، «تېرىمچىلىق»، «تېرىقچىلىق» دېگەندەك شەكىللىرى تا ھازىرغىچە ئەل ئېغىزىدا

www.kitaphumar.com

ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن «تارىم» سۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق تارىخىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى. شىزۇنىڭ تەرجىمىھالى» (世祖本纪.元史) نىڭ 17-جىلد 14-بۆلىكىدە «كۈسەن تارىن» (曲先塔林) ئىسىملىك بىر كىشى ئۇچرايدۇ، بۇ توغرۇلۇق شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو نەشرىياتى 1995-يىلى 11-ئايدا نەشر قىلغان «موڭغۇل دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى» ناملىق كىتابنىڭ25-، 26-بەتلىرىدە كۈسەن تارىننىڭ كۈسەنلىك ئىكەنلىكى ئېيتىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئىسمى «تارىن» (塔林) نىڭ تارىم دەرياسىنىڭ نامى بولغان «تارىم» (塔里木) سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل يېزىلىشى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. شۇڭا، «موڭغۇلچە، جۇرجىتچە تەرجىمە سۆزلۈكلىرى توپلىمى» نىڭ 195-بېتىگە كىرگۈزۈلگەن «تارىيان» ئاتالغۇسىنىڭ «تارىم» نىڭ «تارىن» غا، ئاندىن «تارىيان» غا ئۆزگىرىشىدىن كېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. بۇ يەنە «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابنىڭ 176-بېتىدە تىلغا ئېلىنغان پېئىلدىن تۇرغۇن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە «-ىم، -ىن» ئارقىلىق سۆز ياساش قائىدىسىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. يەنى «تارى» پېئىلىغا «-ىم» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ تېرىم مەنىسىنى بىرىدىغان «تارىم» ئاتالغۇسى ياسالغانغا ئوخشاش، «تارى» پېئىلىغا «-ىن» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «تارىن» سۆزىنىڭ ياسىلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ.

ياپونىيەلىك تۆركولوگ ساگۇچى تورۇنىڭ «شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى توغرىسىدا تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «1770-يىلى ئەتراپىدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئاقسۇ، كۇچا، قاراشەھەر، شايار، سايرام، باي قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى تارانچىلارنى تاللاپ ئىلىغا بەگ قىلىپ ئەۋەتتى»[49] دەپ تارىم دەرياسى ۋادىسىدىمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن. بۇنىڭدىنمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ «تارىمچى» (تېرىمچى) نىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس بولمىسا كېرەك.

يۇقارقىلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، تارانچى ئاتالغۇسى كېيىنكى مەزگىللەردە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ خاس نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا ئۇ ئۇيغۇر تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىگە تەۋە ئاتالغۇ. ئېتمولوگىيەسى ھەمدە ئومۇمىي ئىستىمال تەرەققىياتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر تېرىقچىلىرىنىڭ تارىختىكى يەنە بىر خىل ئاتىلىشى دەپ تونۇغىنىمىز ئەقىلگە مۇۋاپىق. چاررۇسىيە دەۋرىدىكى بىر قىسىم رۇس شەرقشۇناسلىرى ۋە شىبىڭ شىسەي قاتارلىقلار مەلۇم سىياسىي مۇددىئا بىلەن ئويدۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «تارانچى مىللىتى» ھېيلىسى بولسا

www.kitaphumar.com

سۈيىقەستتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنداق ئايرىشقا ئەينى مەزگىلدە ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى)، ئابدۇللا روزىباقى قاتارلىق ئالىم ۋە زىيالىيلىرىمىز قەتئىي قارشى چىقىپ، ئۇيغۇر ئاتالغۇسىنى مىللەت نامى قىلىشتا چىڭ تۇرغان.

ئىككىنچىدىن، «تارانچى» ئاتالغۇسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تارىغۇچى، تارىقچى، تارىمچى» ئاتالغۇلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، «تار، تارى» پېئىللىرىنىڭ تۈرلىنىشىدىن كېلىپ چىققان. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىغا مەنسۇپ قەدىمكى ۋە ھازىرقى ھەرقايسى دېئالېكت، شېۋىلەردىكى تۈرلۈك ۋارىيانتلىرى ھەققىدە يەنىمۇ چوڭقۇر، ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئۇيغۇر تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ يالغۇز بىر ئاتالغۇنىڭ ئېتىمولوگىيەسىنىڭ قايسى خىل تىلغا تەۋەلىك مەسىلىسىلا بولۇپلا قالماي، نۆۋەتتى كەلگەندە يەنە مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاۋۋال كىمدە شەكىللەنگەنلىك مەسىلىسىنىڭمۇ دەلىلى بولالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇر تېرىمچىلىرى تارىخى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن باشقىلارنىڭ تۈرلۈك تالان-تاراجلىرى ھەم قۇل قىلىنىشلىرىغا ئۇچرىغان، ئېيتقۇسىز ئازاب-ئوقۇبەت، خورلۇقلارنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاتالغۇنى ھاقارەتلىك نام دېيىشكە بولمايدۇ. ھەرقانداق بىر مەسىلىگە سەلبىي ھەم ئىجابىي نۇقتىدىن قاراپ بېقىش كېرەك. سەلبىي نۇقتىدىن قارىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇن سۈرگۈنلۈك كەچۈرمىشلىرى ئومۇمەن تېرىقچىلىقتا ماھىرلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئىجابىي نۇقتىدىن قارىساق، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىنى تارقىتىشىغا نۇرغۇن پۇرسەتلەرنىمۇ يارىتىپ بەرگەن. تۆمۈر تۆۋرۈك، قۇسقۇي كەبى ئاگرونوملىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىشى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تېرىمچىلىق مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلىشى بۇنىڭ ئەڭ ئوبدان مىسالى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار تېرىقچىلىقنى ناھايىتى مۇقەددەس ھەم مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى دەپ تونۇيدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بالدۇر شەھەرلىشىشى ھەمدە پارلاق مەدەنىيەت سەمەرىلىرىنى يارىتالىشى تېرىقچىلىقتا بالدۇر كىرىشكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. قىسقىسى، تارانچى «تارىقچى، تارىمچى، تارىغۇچى» ئاتالغۇلىرىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىيانتى بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ بۇ ئاتالغۇنى قوبۇل قىلىشى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ تېرىقچىلىقتا نەقەدەر ماھىر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ئۇيغۇر تېرىمچىلىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە شەرقتە تاكى ئىچكى موڭغۇلىنىڭ خۇلۇنبىر كۆلى

www.kitaphumar.com

بويلىرىغىچە تېرىقچىلىق ئۆگىتىشكە ئېلىپ بېرىلىشىدىن سىرت، غەربتە چارزۇسىيە تەرىپىدىن تــاكى تۈركمەنىســتاننىڭ مورغــاب دەرياســى ۋادىســىغىچە تېرىقچىلــىق قىلىشــقا ئېلىــپ بېرىلىشىمۇ[50] بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلى بولالايدۇ.

## ئىزاھاتلار:

[1] بارتولدنىڭ «موڭغۇل ـ تۈرك خەلقلىرى تارىخى» (رۇسچە) ناملىق كىتاۋىنىڭ 34-بېتىگە قارالسۇن.
[2] رومانسوفنىڭ «تارانچىلار» (رۇسچە) ناملىق كىتاۋىنىڭ 6-بېتىگە قارالسۇن.
[3] خەنزۇچە «تارانچى (三道岭) نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن.
[4] خەنزۇچە «جوڭگو چېگرا تارىخ-جۇغراپىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 2001-يىللىق4-سانىغا قارالسۇن.
[5] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1993-يىللىق 3-سانىغا قارالسۇن.
[6] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ1989-يىللىق1-سانىغا قارالسۇن.
[7] «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2002-يىللىق 1-سانىغا قارالسۇن.
[8] http://baike.baidu.com/view/951892.htm غا قارالسۇن.
[9] ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىلى نەشر قىلغان «موڭغۇلچە-خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ 469-، 561-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[10] 2003-يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «تۈركچە كىشى ئىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى»(turkce insane adlari ve anlam kokenleri) ناملىق كىتابىنىڭ 245-بېتىگە قارالسۇن.
[11] خېيلۇڭجياڭ مائارىپ نەشرىياتى 1994-يىلى 5-ئاي نەشرى (خەنزۇچە)، 178-بەتكە قارالسۇن.
[12] ئىچكى موڭغۇل مائارىپ نەشرىياتى 2006-يىلى12-ئاي نەشرى (خەنزۇچە).
[13]چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1984-يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «ئۇيرات موڭغۇللىرى تەتقىقاتى ئىلمى ماقالىلەر توپلىمى» ناملىق كىتابىنىڭ 81-بېتىگە قارالسۇن.
[14] ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى ساگوچى تورۇنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە) ناملىق كىتابىنىــــڭ 227- بېتىگە قارالسۇن.

www.kitaphumar.com

[15] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلغان «گۈلشەن ۋادىدىكى ئىزلار» ناملىق كىتابنىڭ 166-بېتىگە قارالسۇن.
[16] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2007-يىللىق 4-سانىغا قارالسۇن.
[17] بېيجىڭ جۇڭخۇا نەشرىياتى (中华书局) 1996-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 407-بەتكە قارالسۇن.
[18] مانجۇلارنىڭ بۇرۇنقى نامى.
[19] «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئاسپىرانتلار مەكتىۋى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996-يىللىق 5-سانىغا قارالسۇن.
[20] تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى1990-يىلى نەشر قىلغان «موڭغۇل تەرجىمە سۆزلۈكلىرى، جۇرجىت تەرجىمە سۆزلۈكلىرى توپلىمى» (女真译语汇编、蒙古译语) نىڭ 42-بېتىگە قارالسۇن.
[21] مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىلى خەنزۇچە نەشرى، 505- بەتكە قارالسۇن.
[22] خەنزۇچە «ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2007-يىللىق 3-سانىنىڭ 23-بېتىگە قارالسۇن.
[23] خەنزۇچە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق 5-سانىغا قارالسۇن.
[24] جۇڭغارلار-ئويراتلارنىڭ بىر تارمىقى. ئۇستازىم تۇرسۇن ئايۇپنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتاۋىنىڭ120-بېتىدە «جۇڭغار» سول قول دېگەن مەنىدە (يەنى، جوڭ [ سول ] + غار [ قول ] ) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. «ئوغۇزنامە» نىڭ124-قۇرىدىمۇ «چوڭ» (جوڭ) دېگەن ئاتالغۇ «سول» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، «جۇڭغار» ئاتالغۇسىمۇ تۈركىيچىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.
[25] مىللەتلەر نەشرىياتى 2009-يىلى 6-ئاي نەشرى، 198-بەتكە قارالسۇن.
[26] ئويراتلارنىڭ ئىسلام مەنبەلىرىدە ئاتىلىشى.
[27] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى3-ئاي نەشرى، 403-بەتكە قارالسۇن.
[28] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2007-يىللىق 4-سانىنىڭ 70-بېتىگە قارالسۇن.
[29] مىللەتلەر نەشرىياتى1989-يىلى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» نىڭ 135-بېتىگە قارالسۇن.

www.kitaphumar.com

[30] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى، 122-، 128-بەتلەرگە قارالسۇن.
[31] تيەنجىن قەدىمكى ئەسەرلەر نەشرىياتى 1990-يىلى نەشر قىلغان «موڭغۇل تەرجىمە سۆزلۈكلىرى، جۇرجىت تەرجىمە سۆزلۈكلىرى توپلىمى» نىڭ 3-، 42-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[32] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2000-يىلى 8-ئايدا نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر» ناملىق كىتابنىڭ 223-، 228-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[33] مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابنىڭ 121-بېتىگە قارالسۇن.
[34] سودا نەشرىياتى 1995-يىلى نەشر قىلغان «غەربىي يۇرت، جەنۇبىي دېڭىز تارىخى ۋە جۇغراپىيەسىگە ئائىت دەلىللەر تەرجىمە مەجمۇئەسى» نىڭ 1-توم 35-بېتىگە قارالسۇن.
[35] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008-يىلى نەشر قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 283-، 377-بەتلىرى؛ ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1999-يىلى نەشر قىلغان «موڭغۇلچە-خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ 470-، 469-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[36] «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» گە قارالسۇن.
[37] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999-يىلى 8-ئايدا نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ 1292-بېتىگە قارالسۇن.
[38]، [39] ئابلىز مۇھەممەت سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1991-يىلى 9-ئاي نەشرى،178-، 180-، 185-، 186-بەتلەرگە قارالسۇن.
[40] مىللەتلەر نەشرىياتى 1998-يىلى 10-ئايدا نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتاپنىڭ 337-، 346-، 348-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[41] «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 509-بېتىگە قارالسۇن.
[42] رېشات گەنج: ««تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2010-يىلى 12-ئاي نەشرى، 599-، 602-بەتلەرگە قارالسۇن.
[43] «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابنىڭ 348-بېتىگە قارالسۇن.
[44] تالات تەكىن: «ئورخون ئابىدىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىلى 3-ئاي نەشرى، 38-، 157-بەتلەرگە قارالسۇن.
[45] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 1996-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر

www.kitaphumar.com

تىلىنىڭ سۆز ياساش سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى قىممىتى» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن، 10-بەت.
[46] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2005-يىلى نەشرى، 186-، 196-، 197-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[47] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىلى 5-ئايدا نەشر قىلغان.
[48] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى 11-ئايدا نەشر قىلغان «خەنزۇچە-ئۇيغۇرچە شىنجاڭ يەر ناملىرى» ناملىق لۇغەتنىڭ 418-، 437-بەتلىرىگە قارالسۇن.
[49] «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2013-يىللىق 3-سانغا بېسىلغان پولات بۇرھانىنىڭ ‹‹غۇلجىغا ساياھەت خاتىرىسى› ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.
[50] «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004-يىللىق 2-سانىغا بېسىلغان «بايرام ئالىدىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىگە قارالسۇن.

بۇ ئەسەر «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 2013-يىللىق 5-ساندا ئېلان قىلىنغان)

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇرلاردىكى قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى توغرىسىدا

جورئەت سېتىۋالدى

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنىستىتوتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

I

ئۇيغۇرلار ئاسىيادىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۆزىگە خاس مىللىي مەدەنىيەت يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان مىللەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بېشىغا قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتى خەلقىمىزنىڭ ئەگرى-توقاي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس مىللىي ئەنئەنىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قۇش پەيلىرىنى تاقاش ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەدەنىيەت ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرى ۋە ئېستېتىك قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن يەنە ئۇلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىنى ۋە ئېتنىك شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم يىپ ئۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى قۇش پەيلىرىنى بېشىغا تاقاش ئادىتى ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەتنىڭ مەنبەسى، راۋاجى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئېستېتىك كۆز قارىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تېخى مەخسۇس ۋە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. تارىخىي يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار بىلەن خەلقىمىزدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قۇش پەيلىرىگە ئائىت بەزى ئادەتلەرنىڭ ئوخشاشلىقى ھەرگىز سەۋەبسىز، تاسادىپىي ئەمەس. بۇ خەلقىمىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدىن تارتىپ

داۋاملىشـــىپ كېلىۋاتقــان، تــارىختىن بۇيــانقى ئىشــلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتــى جەريانىـــدا شەكىللەنگەن ئىستىبتىك چۈشەنچىلىرى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلەردىكى كـۆك تەڭـرى (ئاسـمان) گە چوقۇنۇشـتىن كېلىـپ چىققـان قـۇش ئېتىقـادچىلىقى ھەمـدە «ئـادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھىي ئىلاھـى قۇشـلارغا ئايلىنىـپ كېتىـدۇ» دەپ قارالغـان دىنىـي چۈشەنچىلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

II

ئاپتونوم رايونىمىز ئېلىمىز بويىچە قىيا تاش رەسىملىرى ئەڭ كۆپ تېپىلغـان جايلارنىـڭ بىرى (1) بولۇپ، ئېلىمىز ئارخېئولوگلىرى تەرىپىدىن «يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن كۆكتوقايدىكى تاڭبالى تاس (تامغىلىق تاش) غارىغا سىزىلغان رەسىملەر توغرىسىدا ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تاڭبالى تاس» غارىغا سىزىلغان سۈرەتلەردە بىر خىل قىزغۇچ مىنېرال خـام ماتېرىيـال قىلىنغـان. سـۈرەتنىڭ ئۈسـتى قىسـمىغا ئوخشاش مەركەزلىك ئىككى يۇملاق، يېنىغا بۇلۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان سـۈرەت سـىزىلغان. تـۆۋەن تەرىـپىگە بېشـىغا پەي قىسـتۇرۇلغان قالپـاق كىيگەن، پىشانىسـىدە نەچچە ئۇنلىغـان قورۇقلىرى بار ئادەم سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى، قاشلىرى، ئاغزى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. (بۇ خىل رەسىملەر ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تاغلىرىدىن تېپىلغان قىيا تاش سۈرەتلىرى ئارىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ)(2). تاڭبالى تاس قىيا تاش رەسىملىرى توغرىسىدا ئالىم ئابدۇشۈكۈر مـۇھەممەد ئىمىـن «غەربىـي يـۇرت تاشـكېمىر سـەنئىتى» نـاملىق كىتابىـدا: «تاڭبالى تاستىكى يەنە بىر قىياغا كوللېكتىپ ئۇسۇل مەنزىرىسى چېكىلگەن. ئۈستۈنكى قاتاردا بەش كىشى ئۇسۇل ئويناۋاتقـان بولـۇپ، بىرىنچـى كىشـىنىڭ بېشـىدا ئـۈچ تـال پەي (پۆپـۈك) كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئاستىنقى قاتاردا بەش كىشى ئۇسۇل ئويناۋاتقان ھالەتتە بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ باشتىكى كىشى ئوخشاش نەرسە تاقىغان، ئـۇلار ئۇسـۇل باشـلىغۇچى سالىسـى يـاكى ئىبـادەت باشلىغۇچى قامان ئوبرازىنى ئەسلىتىدۇ»(3) دەپ يازغان.

قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربى جەنۇبىغا جايلاشقان قىزىلتاش جىلغىسىدىكى قىيا تاشقا بىر قانچە كىشىنىڭ ئۇسۇل ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى چېكىلگەن بولۇپ، باشتىكى كىشى بېشىغا بىر تال پەي قادىغان.(4) (1 ـ رەسىمگە قارالسۇن)

1 ـ رەسىم: قىزىلتـاش جىلغىسـىدىكى قـۇش پەيىغـا مۇناسـىۋەتلىك قىيـا تـاش سـۈرىتى

قىيـا تـاش رەسـىملىرى ئىپتىـدائىي دەۋرلەردىكـى ئىنسـانلارنىڭ ئىـدىيىۋى قەلـب ھالىتىنىـڭ

www.kitaphumar.com

ئېپادىلىنىشى(5) بولۇپ، دىيارىمىزدىن بايقالغان قىيا تاش رەسىملىرى بىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋردىكى تۇرمۇشى، ئېتىقادى ۋە سەنئىتىدىن خەۋەردار قىلدى. دېمەك، بىز يۇقارقى مەلۇماتلاردىن ئەجدادلىرىمىزدا قۇش پەيلىرىنى بېشىغا تاقاش ئادىتىنىڭ مۇندىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى دەۋردىلا بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. ئالتاي ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا بېشىغا قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتىنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىگە ئوخشاش، تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزدىمۇ بۇ خىل ئادەتنىڭ بولغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى. 1979-، 1980-يىللىرى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى، تۆۋەن ئېقىمىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا قوۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر قىسىم قەدىمىي قەبرىلەردىن تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىنى بايقىغان. 1979-يىلى كۆنچى دەرياسى ساھىلىنى قېزىپ تەكشۈرۈشتە بايقالغان قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ بېشىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيگۈزۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ قالپاقلىرىغا ئىككى تال، بەزىلىرىگە بەش تال ھەتتا بەزىلىرىگە توققۇز تالغىچە ھەرخىل رەڭدىكى قۇش پەيلىرى قىستۇرۇلغان(6). 1980-يىلىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا قېزىۋېلىنغان «كىرورەن گۈزىلى» (بۇنىڭدىن 3800-4000 يىل بۇرۇن) نىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى تال قۇش پېيى قىستۇرۇلغان(7). (2-رەسىمگە قارالسۇن)

2-رەسىم: بېشىغا قۇش پېيى تاقالغان «كىرورەن گۈزىلى» نىڭ جەسىتى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1985-يىلى 9-ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە قەدىمكى جەسەت ۋە جەسەت بىلەن بىللە قويۇلغان ئاخىرەتلىك بۇيۇملارنى قېزىۋالغان. (QZM85)-نومۇرلۇق قەبرىدىن قوڭۇر رەڭلىك كىگىزدىن تىكىلگەن بىر قالپاق قېزىۋېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى كەڭ، ئۈستى تار ھەم ئۇچلۇق خۇددى قۇش تۇمشۇقىغىلا ئوخشايدۇ. قالپاقنىڭ ئېگىزلىكى 37 سانتىمېتىر، ئايلانمىسى 66 سانتىمېتىر، ئۈستى (تۇمشۇق قىسمى) بەش سانتىمېتىر، ئۇنىڭ ئاستىنقى قىسمىنىڭ گىرۋىكى يۇڭ يىپ بىلەن پەرلىنىپ، ئارقىسىغا قايرىلغان. ئالدى تەرىپىگە 11 تالدىن ئىككى قاتار پەي (ئارىلىقى يەتتە-سەككىز سانتىمېتىر) قىستۇرۇلغان. پەيلەرنىڭ كۆپ قىسمى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قىستۇرۇلغان پەي ئورنىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ(8). بۇنىڭدىن باشقا يەنە چەرچەندىن تېپىلغان

www.kitaphumar.com

قەبرىلەردىكى جەسەتلەرنىڭ بېشىدىكى كىگىز قالپاقنىڭ جىيەك ۋە تۆپىلىكىنىڭ ئالدى قىسمىنىڭ توققۇز يېرىگە سوقسۇر پېيى قادالغان.(9)

يۇقارقىلاردىن سىرت، يەنە 2002-يىلى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى كىچىك مۆرەن قەبرىستانلىقىدىكى قېزىش ئېلىپ بېرىلغاندا، قەبرىستانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى 1-، 2-قاتلامغا تەۋە دەپ قارىغان قەبرىلەردىن تېىممىزغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئۇچراتقان. (11M)-نومۇرلۇق قەبرىگە بىر ئايال بېشىنى شەرققە قىلىنىپ دەپنە قىلىنغان، جەسەتنىڭ بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن، قالپاقنىڭ سول يېنىغا 28 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئىككى تال پەي ھايۋانات سىڭىرى بىلەن ئۇچى ئۇچلانغان قىزىل ياغاچ (قىزىل قىلىپ بويالغان) قا تىڭىپ ياسالغان بولۇپ، پەيىنىڭ ئاخىرى قىزىل رەڭلىك يۇڭ يىپ بىلەن چىگىلگەن. جەسەتنىڭ قورساق قىسمىغا بىر تال قۇش پېيى قويۇلغان.... ئۆتۈكنىڭ يۈزى قىسمى (ئالدى تەرەپ) ئوتتۇرىسىدىكى تېرىنىڭ ئۈستىگە قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن بوغۇلغان ئىككى باغلامدىن پەي سانجىپ قويۇلغان.(10) (3-رەسىمگە قارالسۇن)

3-رەسىم: (11M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى بېشىغا قۇش پېيى تاقىغان ئايالنىڭ جەسىتى (13M)-نومۇرلۇق قەبرىگىمۇ بىر ئايال بېشى شەرققە قىلىنىپ دەپنە قىلىنغان. جەسەتنىڭ بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قالپاقنىڭ سول يېنىغا ئىككى باغلام قۇش پېيى قىستۇرۇلۇپ ئۈستىدىن قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن چىگىلگەن. قورساق قىسمىغا ئۈچ تال پەي قويۇلغان. پۇتىدىكى ئۆتۈكنىڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆشۈك تېشىلىپ، قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن باغلانغان بىر بوغۇمدىن پەي سانجىپ قويۇلغان.(11) (4-رەسىمگە قارالسۇن)

4-رەسىم: (13M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى قۇش پېيى قىستۇرۇلغان باش كىيىم (24M)-نومۇرلۇق قەبرىگە بىر ئەر بېشى شەرققە قىلىنىپ دەپنە قىلىنغان. جەسەتنىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك ئۇچلۇق كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قالپاقنىڭ سول يان گىرۋىكىگە ئىككى تال پەي قىستۇرۇلغان (بىرى ئايرىم بىر تال پەي، يەنە بىرى بەش تال پەيدىن تەركىب تاپقان يەلپۈگۈچسىمان پەي بېزەك). بۇ جەسەتنىڭ قورساق قىسمىغا 3 تال پەي قويۇلغان ھەمدە يانلىرىغا پەي چاپلانغان ئوقيانىڭ ئوقدىن 4 تال قويۇلغان. ئۆتۈكنىڭ ئالدى تەرىپىگە يەتتە باغلام پەي سانجىلىپ قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن چىگىلگەن.(12) (5-رەسىمگە قارالسۇن)

5-رەسىم: (24M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن قۇش پېيى قىستۇرۇلغان باش كىيىم (33M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەت ئالللقاچان مومىياغا ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، جەسەتنىڭ بېشىغا قوڭۇر رەڭلىك كىگىز قالپاق كىيگۈزۈلگەن. قالپاقنىڭ سول يېنىغا بەش باغلام مويدىن تۈزۈلگەن يەلپۈگۈچسىمان پەي بېزەك قىستۇرۇلغان، ياسىلىش شەكلى ۋە

www.kitaphumar.com

پەي تەركىبى (24M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتنىڭكى بىلەن ئوخشاش، موميانىڭ ئۈستىگە پەي چاپلىنىپ ياسالغان تۆت تال ئوقيانىڭ ئوقى قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن باغلاپ قويۇلغان.(13) (6-رەسىمگە قارالسۇن)

6-رەسىم: (33M)-نومۇرلۇق قەبرىدىكى جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن قۇش پېيى قىستۇرۇلغان باش كىيىم بۇ قەبرىلەردىن چىققان ياغاچ ئەۋرىشكىلىرىنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىش نەتىجىسىدە قەبرىلەردىكى جەسەتلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 1650-يىللاردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1450-يىللارغىچە بولغان دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. (14)

شۋېتسىيىلىك ئارخېئولوگ فولك بېرگمان «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى» ناملىق كىتابىدا 1939-يىلى كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى تەكشۈرۈش ھەم قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ناھايىتى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان بولۇپ، بۇ كىتابتا تىلغا ئېلىنغان نۇرغۇن جەسەتلەرنىڭ بېشىغا قۇش پەيلىرى قىستۇرۇلۇپ، قورساق قىسمىغا پەي قويۇلۇپ دەپنە قىلىنغانلىقى يېزىلغان ھەمدە بۇ ھەقتە كىتابنىڭ ئاخىرىدا فوتو سۈرەتلىرىمۇ بېرىلگەن. ئاپتور كىتابتا 1934-يىلى 7-ماي ئارخېئولوگ سۋېن ھېدىن بىلەن چىك زۈگچېك قۇم دەرياسى دېلتىسىدىكى بىر يالغۇز دەپنە قىلىنغان قەبرە ھەققىدىكى بايانىدا مۇنداق يازىدۇ: «باش كىيىملىرى توق قوڭۇر رەڭلىك كىگىز ئېچكى قالپاق ۋە نەپىس ئىشلەنگەن سېرىق رەڭلىك كىگىز تاشقى قالپىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاشقى قالپاقنىڭ تۆپىلىكىگە قىزىل يىپ شوينا بىلەن بېزەك قىلىنغان. قالپاقنىڭ سول يېنىدىكى ئىككى تال پەي ھايۋانات سىڭىرى ۋە قىزىل يۇڭ يىپ بىلەن يۆگەلگەن بولۇپ، قالپاقنىڭ ئۇچلۇق تۆپىسىدە روشەن ھالدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ...»(15) (7-رەسىمگە قارالسۇن)

7-رەسىم: 1934-يىلى 7-ماي ئارخېئولوگ سۋېن ھېدىن بىلەن چىك زۈگچېك قۇم دەرياسى دېلتىسىدىكى قەبرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتكە تەقلىد قىلىپ سىزىلغان رەسىم ئەمدى نەزىرىمىزنى مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىگە ئاغدۇرساق، قىزىل مىڭ ئۆي 69-غاردىكى كۆسەن پادىشاھى ۋە خانىشىنىڭ رەسىمىدە، خانىش بېشىغا تور شەكىللىك شلەپە كىيگەن بولۇپ، شلەپىنىڭ ئالدى قىسمىغا ئۇچ كۆز قويۇلۇپ ئىككى يانغا ئىككى تال قۇش پېيى يانتۇ ھالەتتە قىستۇرۇلغان.(16) يۇقارقىلاردىن باشقا، «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» 1-جىلددىكى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ھەققىدىكى بايانلاردا «بۆكنىڭ ئالدىغا قۇش پەيلىرىنى قادايدىغانلىقى...» خاتىرىلەنگەن.(17)

قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئاتاقلىق تارىخچىمىز موللاموسا سايرانى (1836ـ1917ـ يىللىرى) ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسىرىدە: «يافەسنىڭ ئوغلى چىن، ئوغلى ماچىن ئۇچۇن بىر شەھەر بىنا قىلدى ھەمدە ئۇنى ماچىننىڭ نامى بىلەن ئاتىدى. ماچىن پەرزەنتلىرىگە ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگەتتى. قۇشلارنىڭ ئىچىدە ئەنقا دېيدىغان ناھايىتى چىرايلىق بىر قۇش بولۇپ، ئۇلار بۇ قۇشنىڭ قاناتلىرىنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە باشلىرىغا قىسىدىغان بولدى ھەمدە قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ جەڭلەردە مۇشۇ قۇشنىڭ پەي قاناتلىرىنى باش كىيىمىگە قىسىش توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئادەت ئومۇملىشىشقا باشلىدى. بۇ ئادەت مەنسەپدارلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا»(18) دەپ بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل ئادەتنىڭ مەنسەپدارلار ئارىسىدا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

دىمەك، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاكىتلار خەلقىمىزدىكى قۇش پەيلىرىنى بېشىغا تاقاش ئادىتىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، يەنە قەدىمدە تارىم دەريا ۋادىسى ۋە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئورتاق بولغان. كەڭ ئومۇملاشقان ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

III

بىز تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بىلەن يۇقىرىقى مۇھىم ئىسپاتلارنى باغلاش ئارقىلىق، قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتىنى بۈنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئاۋۋالقى ئىپتىدائىي دەۋرلەردىن تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئەجدادلىرىمىزغا ئورتاق بولغان ئادەت دەپ ھۆكۈم قىلالىساقمۇ، ئەمما بۇ ئادەتنىڭ قانداق تارىخي دەۋردە مەيدانغا كەلگەنلىكى، قانداق دىنىي ئېتىقادنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ياكى قايسى خىل مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئېنىق يازما ماتېرىيال يوق. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى دەپ قارالغان «دى» قوۋمى ھەققىدىكى بەزى ئۇچۇرلار بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئانالىز قىلىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ، دەپ قارايمەن. «دى» (狄) لار قەدىمكى دەۋرلەردە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغان خەلق بولۇپ، كىلاسسىك يازما مەنبەلەردە ئۇلار «狄» ياكى «翟» خېتى بىلەنمۇ خاتىرىلەنگەن. «狄» بولسا بۇ قوۋمنىڭ نامى بولۇپ، «翟» يايلاق ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدىغان ئىنتايىن چاققان ۋە يىراققا ئۇچالايدىغان بىر خىل يىرتقۇچ قۇشنىڭ نامى ئىكەن. «دىلار» (狄) نىڭ (翟) خېتى بىلەنمۇ يېزىلىشى بۇ ئىككى

www.kitaphumar.com

خەتنىڭ ئاھاڭداش بولىشىدىن سىرت بۇ خەلقنىڭ تۇتېمى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان. يەنى دى قوۋمى بۇ قۇشنى تۇتېم قىلغان(19). يەنە بەزى تارىخى ماتېرىياللاردا «دىلار يۇڭدىن ئىشلەنگەن كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدىغان، قۇش پەيلىرىنى تاقايدىغان... خەلق ئىدى»(20) دەپ خاتىرىلەنگەن. دىلار ھەققىدىكى بۇ ئىككى ماتېرىيالنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، دىلار ئۇچار قۇشلارنى ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن بۇ قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى ئەتىۋارلاپ بېشىغا تاقىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

بەزى ماتېرىياللاردا بايان قىلىنىشىچە، ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىرىنى تەشكىل قىلغان 24 ئۇرۇقنىڭ ئىچىدە 20 ئۇرۇقنىڭ قارچىغا، بۈركۈت، لاچىن قاتارلىق قارچىغا ئائىلىسىگە تەۋە يىرتقۇچ قۇشلارنى ئۇلۇغلاپ ئۆزىگە بەلگە قىلغان(21). بۇ مەلۇمات ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قوۋملاردا ئۇچار قۇش ئۇلۇغلۇقىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. «يېڭى تاڭنامە ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇر قاغانى ئاي تەڭرىدىن قۇش بولمىش قامۇغ بىلگە قاغان تاڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆز نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىپ كېلىۋاتقان (回纥) دېگەن خەتنى «شۇڭقاردەك تېز ئۇچىدىغان ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان» دېگەن مەنىدىكى «خۇيخۇ» (回鹘) دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىشنى ھەمدە شۇنداق ئاتاشنى ئۇقتۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ھەقتە بەزى ماتېرىياللاردا، مەزكۇر «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنى ئالايتەن «回鹘» غا ئۆزگەرتىشتە پەقەت ئاھاڭ تەرجىمىسىلا كۆزدە تۇتۇلغان بولماستىن، خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسىنىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن «回鹘» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭدا «回» خېتى «-yu» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولسا، «鹘» خېتى «-g hur» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇلۇغلىغان «» (لاچىن) نى كۆرسىتىدىغان مەنە تەرجىمىسىدۇر، دەپ قارايدۇ.(22)

ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئىزاھلىغاندا مۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ: «... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000 ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ...»(23) مەھمۇد كاشغەرى خاتىرىلىۋالغان رىۋايەتتىكى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىغان، قاناتلىق قالپاق كىيگەن ئۇيغۇرلار جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا «لاچىن» نى تۇتېم قىلغان بولسا كېرەك. شۇڭا بۇ ئالاھىدىلىك ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىدىمۇ گەۋدىلەنگەن ھەمدە

www.kitaphumar.com

ئەسكەرلەرنىڭ باش كىيىمىنى لاچىن شەكلىدە لايىھىلەپ، ئۇلارنى لاچىندەك چاققان، باتۇر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. «قۇشنى ئۇرۇق قىلىپ قوللىنىش تۇتېمىزىم ھادىسىسىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇرۇق قەبىلىلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ نامى تۇتېمدىن كەلگەن»(24) بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل چۈشەنچىلىرى ئالدى بىلەن ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان قۇشلارنىڭ چوقۇنۇش، كېيىنچە بۇ قۇشلارنىڭ نامىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ نامى قىلىپ قوللىنىش ئارقىلىق ئۇرۇق بىلەن ئېتىقادنى بىر گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە خان-ئەمەلدارلارمۇ ئۆز ناملىرىنى ھەرخىل يىرتقۇچ قۇش ياكى ھايۋاناتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر جەمەت لەقىمىنى قۇشلار بىلەن ئاتايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت(25).

IV

قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنى ئېتىقادىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەدىمدە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇچار قۇشلارنى ئۇلۇغلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تۇتېمى قىلىشى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى كۆك تەڭرى ئېتىقادى ۋە ئۇۋچىلىق تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۆككە چوقۇنۇش ئەجدادلىرىمىزدىكى قەدىمكى ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدا ئاسمانغا كۆز سالسىلا كۆرگىلى بولىدىغان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ دائىم ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تەبىئىي ھالدا ئۇلارغا چوقۇنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىگىدا كۆپكۆك ئاسمان ئىلاھ تۇرىدىغان جاي دەپ قارىلىپ، كۆك (ئاسمان) مۇقەددەس ھېسابلانغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان ھونلار، تۇرالار، قاڭقىللار، تۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشى ئومۇميۈزلۈك ئەھۋال بولۇپ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار كۆك تەڭرىنى ئۇلۇغلاپ كۆككە چوقۇنۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇچار قۇشلارنىڭ، ئىنسانلارغا نىسبەتەن مۇقەددەس ھېسابلىنىپ كەلگەن كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىدەك فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىدا قۇشلاردا ئىنسان كۈچ-قۇدرىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان «ئىلاھىي قۇدرەت بار» دەيدىغان ئىلاھىي چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، قۇشلارنى ئۇلۇغلاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇۋچىلىق پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇۋچىلىق ئەجدادلىرىمىز

www.kitaphumar.com

ئارىسىدا قەدىمكى زامانلاردىلا بىر پۈتۈن ئىگىلىك شەكلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. بۇ خىل ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىشى نەتىجىسىدە، ئەجدادلىرىمىز ھايۋاناتلار بىلەن دائىملىق ئۇچرىشىپ، ھايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ ھەر خىل خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىگە ۋە تونۇشقا ئىگە بولغان ھەمدە تۈرلۈك-تۈمەن جانلىقلار ئىچىدىن ئۆز تۇرمۇشىغا ئەڭ يېقىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوۋ قىلىش، ئوزۇقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىغان بىر قىسىملىرىنى تاللاپ، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە قولغا ئۆگەتكەن. ھايۋانلارنى قولغا كۆندۈرۈشنىڭ باشلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شۇڭقار، لاچىن، بۈركۈت قاتارلىق يىرتقۇچ قۇشلارمۇ قولغا كۆندۈرۈلۈپ ئوۋچىلىقتا ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل قۇشلارنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى چاققانلىقى، باتۇرلۇقى، سەزگۈرلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر ئوۋچىلىققا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئەجدادلىرىمىزدا بۇ قۇشلارغا نىسبەتەن چوڭقۇر ھېرىسمەنلىك، قىزىقىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان ھەمدە بۇ قۇشلارنى ھاياتلىقتىكى تايانچ دەپ بىلىپ ئۇلۇغلاش نەزىرى بىلەن قارايدىغان بولغان ھەمدە بۇ خىل ئاڭ بىلەن بىرگە كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغان «سىرلىق كارامەت» ھەمدە سىرلىق شەيئىلەرنى ئۇلۇغلاش داۋامىدا شەكىللەنگەن تۇتېملىق ئېتىقاد بىرلىشىپ ئۇچار قۇشلارنى مۇقەددەس دەپ بىلىپ چوقۇنىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. شامان دىنىدا ھەتتا «ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئىلاھىي قۇشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دەپ قارالغان(26). بۇ ھەقتە بىرگە مۇنداق ماتېرىياللار ئۇچرايدۇ: «تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەردە قۇشقا چوقۇنىدىغان ئادەت خېلى كۆپ ئىدى، ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرىدا uchdy (ئۇچتى) دېگەن سۆز بار بولۇپ، ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى (چاچراپ كەتتى) دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپادىلەيتتى. تاكى 10-ئەسىردىن كېيىنمۇ ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى shungar bodey (شۇڭقار بولدى) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدى.»(27) ھوما قۇشى ھەققىدە مۇنداق بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت بار: «ھوما قۇشى داڭلىق بىر قۇش بولۇپ، قارا قاغا چوڭلۇقىدا قاناتلىرى قارا، بېشى يېشىل بولۇر. ھاۋادا ياشايدۇ، ھاۋادا تۇخۇم تۇغىدۇ، چۈجىسىنى ھاۋادا چىقىرىدۇ. بۇ قۇش بەزىدە يەر يۈزىگە قىزىق گەزگىچە يېقىنلايدۇ ھەم قايتا كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇ قۇشنىڭ كۆلەڭگىسى بىرەرىنىڭ ئۈستىگە چۈشسە شۇ باي بولىدۇ ياكى پادىشاھ بولىدۇ»(28). بۇ ئەپسانە بىلەن مەزمۇنداشلىققا ئىگە ئەپسانە-چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ بىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، ھەمدە بۇ قۇشلار ئىنسانلارغا بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان، ئادىللىق، خۇشاللىق ۋە قۇتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ.

www.kitaphumar.com

شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن بىزنىڭ تىلىمىزدا «باشقا بەخت قۇشى قونماق»، «باشقا تەلەي قۇشى قونماق» دېگەندەك ئىدىئوملار ئارقىلىق بىراۋنىڭ بەختىنىڭ كەلگەنلىكى ئىپادە قىلىنىدۇ. دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئەجدادلىرىمىزدىكى قۇش ئۇلۇغلۇقى كېيىنكى دەۋردە ئىجتىمائىي ئېڭىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە سۈنئىي دىنلارنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىكى قۇش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگەللىشى نەتىجىسىدە ئاستا-ئاستا سۇسلاپ بارغان. بولۇپمۇ ئىسلام دىنىنىڭ جانلىقلارغا چوقۇنۇشقا قارشى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە قۇشلارغا چوقۇنۇش بارغانسېرى ئاجىزلاپ، خەلقىمىز ئارىسىدا قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئادىتىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئۇنتۇلدى. بىر قىسىم رايونلاردا شامانلار روھ كۆچۈرۈش، پېرە ئويىنىتىش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بېشىغا بۆركۈت، قارچىغا قاتارلىق قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى تاقايدىكەن(29) ھەمدە بۇ قۇشلارنىڭ پەيلىرى بىلەن بىمارنىڭ ئاغرىغان جايلىرىنى سىيرىپ داۋالاپ، بىمارنىڭ تېنىدىكى يامان روھلارنى قوغلاپ چىقىرىدىكەن ھەتتا شامانلار پىرخونلۇق قىلغاندىمۇ كۆپ ھاللاردا بۆركۈت سىياقىدا ياسىنىدىكەن(30). دەۋرىمىزگە كەلگەندە، قۇش پەيلىرىنى ئىستىخىيلىك ھالدا «يامان كۆزدىن ساقلىغۇچى ئەڭگۈشتەر» قاتارىدا ئائىلىلەردە ساقلاش شەكلىگە ئۆزگەرگەن بولۇپ، بەزى ئائىلىلەردە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بولسا ئۇنى قورقاق تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن بەزى قۇشلارنىڭ پېيىنى بالا بىلەن بىللە ساقلايدىغان، لاچىن، قارچىغىغا ئوخشاش قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى تۇرۇسقا سانجىپ، يامانلىقنى توساپ، ئۆيگە بەخت ئېلىپ كەلگۈچى قۇت بەلگىسى دەپ قارايدىغان ئادەت بار. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىنىڭ سەھنە باش كىيىملىرىدە كۆرۈلىدىغان پەي بېزەكلىرى ئەنە شۇ قۇش پەيلىرىنى تاقاش ئىستېتىكىسىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شۇڭا مەن يۇقارقى تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇزاق تارىخى دەۋرلەردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن خەلقىمىزدىكى قۇش پەيلىرىنى تاقاش ۋە قۇش پەيلىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەتنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائى ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىنىڭ بىزگە قالدۇرغان يالدامىسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىمەن.

## ئىزاھاتلار:

(1) (4) (5) سۇبىيخەي: «شىنجاڭ قىيا تاش رەسىملىرى»، شىنجاڭ گۈزەل-سەنئەت نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1994-يىلى، 1-نەشرى، 5-، 6-، 450-بەت.

www.kitaphumar.com

(2) ئابدۇقېييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 4-ئاي، 1-نەشرى 89-بەت.
(3) ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىل 1-نەشرى، 21-بەت.
(6) (7) ئابدۇقېييۇم خوجا: «كىرورەن گۈزىلىنىڭ تېپىلىش ۋە تەتقىق قىلىنىش جەريانى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژورنىلىنىڭ 1997-يىللىق 2-سانى، 76-، 79-بەتلەر.
(8) «شىنجاڭ گېزىتى» 1996-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانى 5-بەت، «زاغۇنلۇقتىن قېزىۋېلىنغان باش كىيىملەر» ناملىق ماقالە.
(9) ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «لوپنۇر ۋە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1987-يىللىق 3-سانى، 164-بەت.
(10) (11) (12) (13) (14) شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى نەشر قىلغان: «لوپنۇردىكى كىچىك مۇرەن قەبرىستانلىقىنى 2003-يىلدىكى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى، (خەنزۇچە) 2007-يىللىق 10-سانى، 8-، 12-، 16-، 20-، 26-، 41-بەتلەر.
(15) فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە)، 2000-يىل 9-ئاي، 1-نەشرى، 295-بەت.
(16) يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: ئىبادەت ئابدۇۋاھىت: «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ياسىنىش سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر»، «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2007-يىللىق 6-سانى، 36-بەت.
(17) تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى: «قۇش ئوبرازى ۋە قۇش پىيىغا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىيەت ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى (ئىجتىمائىي پەن قىسمى)، 2006-يىللىق 1-سانى 66-بەت.
(18) موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986-يىل 1-نەشرى، 50-، 51-بەتلەر.
(19) (27) ياك شېكمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە) 1998-يىل 8-ئاي نەشرى، 7-، 297-بەت.
(20) ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991-يىل 1-نەشرى، 22-بەت.

www.kitaphumar.com

(21) (22) ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلمىنيياز: «‹پالنامە› ۋە ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1-نەشرى، 113-، 114-بەت.
(23) مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (ئۇيغۇرچە)، 1-توم، 1981-يىل 1-نەشرى، 151-بەت.
(24) (28) ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» ناملىق كىتابتىن نەقىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىل نەشرى، 104-، 200-بەتلەر.
(25) غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر: «ئانا مىراس لەقەملىرىمىز ۋە ئۇن فامىلە قىلىپ قوللىنىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى»، 2003-يىللىق 1-سان، 88-بەت.
(26) راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 1-نەشرى، 146-بەت.
(29) لى جىنشىن: «شىنجاڭدىكى دىنلارنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە)، 2003-يىل 1-نەشرى، 45-بەت.
(30) دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1995-يىل 1-نەشرى، 87-بەت.

## پايدىلانمىلار:

1. ئابدۇقېييۇم خوجا: ئابدۇقېييۇم خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل 4-ئاي، 1-نەشرى.
2. فولك بېرگمان: «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، (ئۇيغۇرچە)، 2000-يىل 9-ئاي، 1-نەشرى.
3. راخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزم»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىل 1-نەشرى.
4. دىلمۇرات ئۆمەر: «ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى (خەنزۇچە)، 1995-يىل 1-نەشرى.
5. ئابلىمىت ئۆمەر بىلگە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭى ۋە پەلسەپە بىخلىرى» ناملىق كىتابتىن نەقىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2008-يىل نەشرى.

www.kitaphumar.com

6. لـى جىنشـىن: «شـىنجاڭدىكى دىنلارنىـڭ ئـۆزگىرىش تـارىخى»، شـىنجاڭ خەلـق نەشرىياتى، (خەنزۇچە)، 2003-يىل 1-نەشرى.
7. ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز: ««پالنامە» ۋە ئۇيغۇرنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىل 9-ئاي 1-نەشرى.
8. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ شۇڭقار ئېتىقادچىلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1994-يىلى 4-سان.

مەنبە : «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2012-يىللىق 6-سان.

www.kitaphumar.com

# ئۇيغۇر تەزكىرىلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخى

خەدىچە بۇغرا

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانى ئىنسانلارنىڭ تارىخى، تارىخى شەخسلەرنى ئەسلەش ۋە كېيىنكىلەرگە بۇ ھەقتە مۇكەممەل چۈشەنچىلەرنى مىراس قالدۇرۇش ئىستىكى، يەنى، ئەجدادلىرىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، ئىدىيىسى، خاراكتېرى ۋە شانلىق نەتىجىلىرىنى، تۆھپە ـ سەۋەنلىكلىرىنى ئەۋلادلىرىغا بىلدۈرۈش ئۈمىدى بىلەن تويۇنغان بۇ خىل ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى باشتىن ـ ئاخىر شۇ قەدەر كۈچلۈك ئوررۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىدىكى، تەزكىرە ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ ئارزۇ ـ تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجىنىڭ تۈرتكىسىدە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىلا بارلىققا كەلگەن. ھەمدە ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆز دەۋرىگە ماس بولغان مەزمۇنلارنى ئىپادىلەپ، مەزمۇن جەھەتتىن بېيىپ، شەكىل جەھەتتە رەڭدارلىقنى شەكىللەندۈرگەن

ئۇيغۇرلار تارىخىدا نۇرغۇن تەزكىرە يازغۇچىلىرى ۋە تەزكىرە ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ھەرقايسى تارىخى باسقۇچلاردا يېزىلغان تەزكىرىلەر شۇ دەۋرنىڭ تارىخى رېئاللىقىنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، ئۇ شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر تارىخىدىكى تەزكىرىلەرنىڭ شەكىللىنىش، تەرەققىي قىلىش، پىشىپ يېتىلىش باسقۇچلىرى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى تەزكىرىلەرنىڭ ئۆزگىچىلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر، تەزكىرە.

بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخىدا بارلىققا كەلگەن يازما ئەسەرلەر نەچچە ئەسىردىن بېرى ئۆزىنىڭ تارىخي ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، مەزمۇن جەھەتتىن ئاددىيلىقتىن ـ مۇرەككەپلىككە، تېيىزلىقتىن ـ چوڭقۇرلۇققا، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ ـ خىل تۈر ۋە ژانىرلارغا قاراپ تەرەققىي

www.kitaphumar.com

قىلىش داۋامىدا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆپ خىل ساھەلىرىگە چېتىشلىق بولغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنياۋى نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە بېيىشى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشتى. بۇ جەرياندا ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلارنى ئەسلەش، قەھرىمانلارنى سىغىنىشتىن ئىبارەت تەبئىي خاراكتېرىدىن پەيدا بولغان ئەڭ قەدىمكى ژانىرلاردىن بىرى بولغان تەزكىرىچىلىق مۇھىم رول ئوينىدى.

## 1. تەزكىرىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچى

ئۇيغۇر تارىخىدا تارىخى شەخسلەرنىڭ ھايات-پائالىيىتى ۋە ئىش ـ ئىزلىرىنى بايان قىلىش قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنە بولۇپ، بۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى ئەڭ قەدىمكى ژانىر بولغان قوشاقلاردا ئىپادىلەنگەن.

تارىخي قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە سان ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزگىچە ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ كونكرېت تارىخي شەخس، تارىخى ۋەقەلەر ئۈستىدە ئېيتىلغان ناخشا ـ قوشاقلار بولۇپ، ھەم ئەدەبىي قىممەتكە ھەم تارىخى قىممەتكە ئىگە. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن ئەڭ قەدىمى قوشاق بەگقۇلى ھەققىدىكى قوشاقتۇر. يەنى «شىمالى خانلىقلار تارىخى، ئىگىز ھارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە» دىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مىلادىنىڭ 402- يىلى ئاۋار قاغانى تولۇنخان توبالار خانى توباغۇر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. تولۇنخان موڭغۇلىيە چۆلىنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارغا ھۇجۇم قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا بەگقۇلى ئاۋارلارنى تارمار قىلغان بولسىمۇ، كېيىن بىخەستەلىك قىلىپ، تولۇنخان بىلەن بولغان يەنە بىر ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ۋە توبالار خانلىقىنىڭ پاناھىغا كېتىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆلگەندە توبالار خانى توباغۇي ئۇنىڭغا دۆلەت بويىچە ماتەم تۇتۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەبدەبىلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن.

قەھرىمان بەگقۇلى ھەققىدە توقۇلغان قوشاقتىن بىر كۇپلېت بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

«ۋاي كەلدى بەگقۇلى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان.
دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،

www.kitaphumar.com

«بولسدى يىگىتىم بەگقۇلى سىمان».[1]

بۇ قوشاقتا ئىپادىلەنگەن قەھرىمان ئوبراز بەگقۇلىنىڭ سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك، باتۇر ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋردە ئۆتكەن شۆھرەتلىك قەھرىمانىنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان، ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، «تۈركى تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان قەدىمىي قوشاقلاردىن بىرى بولغان تونگا ئالپ ئەر ھەققىدىكى قوشاقتىمۇ ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، بەخت ـ سائادىتى، ئۆز ئېلىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان تارىخى شەخس ئافراسىياپ ئوبرازى جانلىق، ھەيۋەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئالپ ئەر تونگا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز دۇنيا قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقرىپ ئۈنى يۇنلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،
يىتمىش باشىغ قارتادى.
كەچمىش ئۈدۈك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر.

يەشمىسى:

www.kitaphumar.com

باتۇر ئەر توڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

ئەرلەر بۆرىدەك ھۇۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ.
چىقراپ ئۈنى داتلىشىپ،
ئۆسۈپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارنى تاتلىدى.
ئۆتكەن ئىشقنى ئەسلەتتى،
تۈن – كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەھرىمانلار توغرىسىدىكى تارىخى قوشاقلاردا مەلۇم رىئال، تارىخى شەخسلەرنىڭ ھاياتى – پائالىيىتى تارىخى چىنلىق ئاساسىدا ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. شۇ ۋەجىدىن قوشاقلارنى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ دەسلەپكى بىخلانغان تۈپرىقى دېيىشكە بولىدۇ.
ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى بولغان رىۋايەتلەر مەلۇم بىر تارىخى شەخس، تارىخى ۋەقە، تەبىئەت مەنزىرىسى، ئىجتىمائىي ئۆرپ – ئادەت ۋە مەدەنىيەت تارىخىغا ئائىت ۋەقەلەرنى ئۆزىنىڭ بايان قىلىش ئوبيېكتى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق قەھرىمان، ۋەقە ياكى مەنزىرىلەر بەلگىلىك تارىخى رىئاللىققا ئىگە بولىدۇ. رىۋايەتتە گەرچە بەزى ئەپسانىۋى ۋەقەلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخى رىئاللىق ئامىللىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرمايدۇ. ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى ئىچىدە «تۇمارىس رىۋايىتى»، «شىراق رىۋايىتى»، «بۇگۇخان رىۋايىتى» قاتارلىق رىۋايەتلەردە تارىخى شەخسلەرنىڭ ھاياتى، ئىش – پائالىيەتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، تارىخى چىنلىققا ئىگە.
تۇمارىس مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىردە ياشىغان ماسساگېتلارنىڭ خانى بولۇپ، نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋېلىپ خەلقنى قۇل قىلغان ئىران پادىشاھى كەيخۇسراۋ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ

www.kitaphumar.com

كىرگەندىن كېيىن، تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ماسساگېت قەبىلىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. تۇمارىس ماسساگېتلارنىڭ تىنىچ ۋە خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ھەركەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن زالىم كەيخۇسراۋ ماسساگېتلار بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدىن يانمايدۇ. تۇمارىس بۇنداق ئەھۋالدا ئۆز خەلقىنى دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە ئاتلىنىشقا چاقىرىدۇ، خەلقنى ھەركەتلەندۈرۈپ، قوشۇنغا رەھبەرلىك قىلىپ، كەسكىن جەڭ قىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان ماسساگېتلار، باتۇر ئايال پادىشاھ تۇمارىسنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىران قوشۇنلىرىنى تارمار قىلىپ، كەيخۇسراۋنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇرۇشتا غەلبە قىلىپ، تىنىچ ـ ئامان تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مانا شۇ ماسساگېت قەبىلىرىنىڭ تۇمارىس رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان قەھرىمانلىق كۈرىشى تۇمارىس رىۋايىتىنىڭ ئاساسى تىمىسىدۇر.

«شىراق رىۋايىتى» دىكى باش پېرسوناژ شىراقمۇ ئىرانغا پادىشاھ دارا (مىلادىدىن بۇرۇنقى 522 ـ 496 ـ يىللاردا ئۆتكەن ) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن رېئال شەخس. ئۇ ئاددى بىر پادىچى بولۇپ، دارا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا مەملىكەتلەرگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، ساك قەبىلىلىرىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئەل يۇرتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان، ئۆز خەلقىنىڭ تىنچلىقى، ئەركىنلىكى، مۇستەقىللىكى ئۈچۈن جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئالىجاناب روھقا ئىگە ئاددى پادىچى شىراق كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دارا قوشۇنلىرىنى ئالداپ ھالاك قىلىدۇ ۋە ئۆزىمۇ قۇربان بولىدۇ.

«بۆگۈخان رىۋايىتى»دە ئورخۇن ـ سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا قۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ (مىلادى 747 ـ 840 ـ يىللار) ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى مويۇنچۇرنىڭ كەنجى ئوغلى بۆگۈخان (ئېل تېكىن ياكى تەڭرى خاقان) نىڭ تۇغۇلۇشى، تەختكە چىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئومۇمى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. رىۋايەتتە تارىختا ئۆتكەن رېئال شەخس بۆگۈخان ھەققىدىكى تارىخى پاكىتلارنى فانتازىيىلىك تەسەۋۋۇر بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، باش قەھرىمان بۆگۈخان سىرلىق مۆجىزات ئىگىسى بولغان بىر شەخس سۈپىتىدە تەسۋىرلەنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىر پۈتۈن پائالىيەتلىرى بەلگىلىك تارىخى رېئاللىقنى ئۆزىنىڭ تايىنىش ئاساسى قىلغان.

بۇ رىۋايەتلەردىكى رېئال تارىخى شەخسلەرنىڭ ھاياتى، ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش، چىنلىققا ئىگە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن يازما ئەدەبىياتقا ئۆتۈپ، يازما ئەدەبىياتتا تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان.

VII ـ VIII ئەسىرلەردە يەنى كۆك تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن «ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى» كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

www.kitaphumar.com

تارىخى، مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى ئەھۋالى ھەمدە گۈللىنىش ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش جەريانى قاتارلىق بىر قاتار ئەھۋاللىرىنى ئەدەبىي ۋە شېئىرى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخى رېئاللىقىدىن مەلۇمات بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامايەندىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»(712- 716- يىللىرى ئورنىتىلغان) دانىشمەن ۋەزىر، ھەربىي ئىستراتېگىيىچى تونيۇقۇقنىڭ ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان قاغان ۋە بىلگە قاغان قاتارلىقلار بىلەن قىلغان جەڭگىۋار ھەربىي يۈرۈشلىرى، قاغانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خەلقنى خاتىرجەملىككە، تىنچلىققا ئىگە قىلىش يولىدا كۆرسەتكەن ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى كۈچلۈك ئەدەبىي تىل بىلەن ھەسسىياتلىق، جانلىق، ئوبرازلىق بايان قىلىپ، كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك بولۇشقا، بۆلۈنۈشتىن بىرلىككە كېلىشىگە قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن يادىكارلىق.

«ئەينى دەۋردىكى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئىزچىللىق ۋە چىنلىق ئاساسىدا بايان قىلىنغانلىقىغا قاراپ ‹تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى›نى كۆك تۈرك قاغانلىقىنىڭ نەسەبنامىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، تەركىبىدە تەرجىمھال ئەدەبىياتىغا خاس بولغان ئېلېمېنتلارنىڭ كۆپ بولغانلىقىغا قاراپ ئۇنى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگۈچى بىئوگرافىك ئەسەر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.»[2]

بۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»دىن باشقا «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» (732- يىلى ئورنىتىلغان)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735- يىلى ئورنىتىلغان)، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (753- يىلى ئورنىتىلغان)، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» (759- يىلى ئورنىتىلغان)، «تەس مەڭگۈ تېشى» (761- 762- يىللىرى ئورنىتىلغان)، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى» (814- يىلى تىكلەنگەن) قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆك تۈرك خانلىقى ۋە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەشھۇر قاغانلىرى ۋە ۋەزىرلىرىنىڭ شەرىپىگە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىش- پائالىيەتلىرىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان ھالدا، كۆك تۈرك ۋە ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تىنچلاندۇرۇش ۋە كۈچەيتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى قاتارلىق تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر سەرگۈزەشتىلىرىنى تارىخىي رېئاللىقنى ئاساس قىلغان ھالدا، رېئالىزملىق ئىجدىيەت مېتودى بويىچە، ھەرخىل ئىخچام ۋە نازۇك شائىرانە تىل بىلەن ئوبرازلىق ۋە جانلىق ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

www.kitaphumar.com

مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تارىخىي شەخسلەر ئۆچۈن ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم بىر شەخسنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، پائالىيەتلىرى، قاغان، ۋەزىر، قوماندانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى تۈرك خانلىقىغا تەۋە مەڭگۈ تاشلاردا باش پېرسوناژ قىلىنغان تۇنيۇقۇق، ئىلتەرىش قاغان، قاپاغان، بىلگە قاغان، كۆل تېگىن قاتارلىق ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنغان شەخسلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەرمۇ رېئاللىققا، تارىخقا ئۇيغۇن بولغان ھەقىقىي ۋەقەلەردۇر. مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندىمۇ «بۇ مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرى ئۇيغۇر تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى ژانىرلىرىغا ۋەكىل بولىدۇ» [3] دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

2. ئۇيغۇر تارىخىدا تەزكىرىنىڭ راۋاجلىنىش باسقۇچى

VII ـ VIII ئەسىرلەردە بارلىققا كەلگەن ئورقۇن يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىنى ئۆزىنىڭ دەسلەپكى نامايەندىسى قىلغان ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى قوچۇ (850ـ 1250) ۋە قاراخانىيلار (840ـ 1212) خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، تارىخىي ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش باسقۇچىغا كىرىپ كەلگەن.

مىلادى XIئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى «تارىخى قەشقەر»، «مەسكەدى ئۇستادىيان» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان جايى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالىغا دائىر تارىخى ۋە رىۋايەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. XIII ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن نىزامى ئەرۇزى سەمەرقەندى «مەجمەئۇننەۋادىر» (نادىر ھېكايىلەر) ناملىق ئەسىرىدە سامانىيلار ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم-مەرىپەتكە ھامىيلىق قىلغان سامانى پادىشاھى ئەمىر ئىسمائىل سامانى، غەربى قاراخانىيلار قاغانى خىزىرخان قاتارلىق بىر مۇنچە ھۆكۈمدارلارنى ۋە ئۇلار ئۆز ئەتراپىغا توپلىغان يۈزلىگەن پەيلاسوپ، ئاسترونوم، يازغۇچى، شائىرلارنى ۋە تېبابەت ئالىملىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

مىلادىيXIV ـXV ئەسىرلەرگە يەنى چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەزكىرىچىلىك يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ دەۋر تەزكىرە ئەسەرلىرى بىر تەرەپتىن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ بېيىپ، تېما جەھەتتىن كۆپ خىللىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. مىلادى 1334ـ يىلى ئورنىتىلغان «قوچۇ ئىدىقۇتلۇقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» مەڭگۈ تاش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق

www.kitaphumar.com

قىلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاشنىڭ مەزمۇنى كى كى قۇرسا ئىچقۇ دېگەن ئەدەب تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاشتا قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىرىدىن بارچۇق ئارت تېگىندىن تارتىپ تاپىنۇ خانغىچە بولغان ئالتە ئەۋلاد ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ شەجەرىسىنى بەدىئىي يول بىلەن جانلىق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن بولۇپ، بۇ دەۋر تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىنسان روھىي ھىس۔ تۇيغۇسىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، سەنئەتكارنىڭ ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئىجادىيەتتە قايسى تىمىنى تۇتۇپ يېزىش، نىمىنى گەۋدىلەندۇرۇشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. جۈملىدىن ھەر قانداق بىر يازغۇچى تۇرمۇشتىن ماتېرىيال تاللىغاندا ئۆز ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىدۇ، تۇرمۇشنى كۆزەتكەندىمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيە پىرىنسىپلىرى بويىچە كۆزىتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن يازغۇچىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋردىن، جۈملىدىن قاراخانىلار دەۋرىدىن باشلانغان ئىسلام دىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر يازغۇچى۔شائىرلارمۇ ئىسلام ئېتىقادى ۋە ئەقىدىسىنىڭ تەسىرىدە ئەدەبىي ئىجادىيەتتە بەلگىلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان، جۈملىدىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىل، مەزمۇن، قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولغان. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەزكىرىلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مۇشۇ دەۋردىن باشلاپ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى شەخسلەر توغرىسىدا تەزكىرە ۋە تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە تەزكىرە پېرسوناژلىرىغا ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە باھا بېرىش شەكىللەنگەن.

بۇرھانىدىن ئوغلى نەسىرىدىن رابغۇزى (1279 ۔ 1351) تەرىپىدىن 1309 ۔ 1310 ۔ يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان، كۆلەملىك ئەدەبىي پۇراققا ئىگە بولغان «قىسسەسۇل رەبغۇزى»، 72 بابلىق، چوڭ ھەجىملىك نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن تارتىپ تاكى ئىسلامىيەتتىكى تۆت خەلىپە، يەنى ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىقلارنىڭ پائالىيەتلىرىگىچە بولغان كەڭ ئەپسانىۋى ۋە تارىخى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن ھېكايىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى بولغان «زەبۇر»، «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان» قاتارلىق تۆت بۈيۈك كىتابتىن ئېلىنغان ۋە كۆپىنچىسى دۇنياۋى تېمىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن مەشھۇر رىۋايەتلەر، يەنە بىر قىسمى ئىسلامىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىش جەريانىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ۋەقەلىكلەر بولۇپ، گۈزەل ئەدەبىي ئۇسلۇبقا، يارقىن بەدىئىي ئوبرازلارغا، مول ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرگە ئىگە بولغان بۇ ئەسەر چاغاتاي

www.kitaphumar.com

ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ تەزكىرە خاراكتېرى بىلەن ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدىمۇ مەلۇم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر تەزكىرچىلىرى ئىچىدە چاغاتاي ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدە نەتىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ئەلىشىر نەۋائى (1441 ـ 1501) بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن مول، شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ-خىل، تارىخى جەھەتتىن كۈچلۈك ئىلمى ئاساسقا ئىگە تەزكىرە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن پۈتكۈل شەرق مەدەنىيىتىدە تەزكىرىچىلىكنىڭ بىر بۈيۈك پەللىسىنى ياراتقان. ئۇنىڭ 1490 ـ 1491 ـ يىللىرى يېزىلغان «مەجالىسۇننەفائىس» (گۆزەللەر مەجلىسى) ناملىق ئەسىرى «تەزكىرىچىلىك تارىخىدا دۆلەت شاھ سەمەرقەندى(1431 ـ 1495)نىڭ «تەزكىرەتۇششۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى)، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسەرلىرى بىلەن بىرلىكتە XVئەسىر شەرق تەزكىرىچىلىكىنىڭ بۈيۈك ئۇتۇقى ھېسابلانغان بولۇپ، سەككىز مەجلىسكە بۆلۈپ يېزىلغان بۇ ئەسەردە، ئاپتورXIV ـ XV ئەسىرلەردە ئۆتكەن 458 نەپەر شائىر ۋە ئەدىب ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. نەۋائى ئەسەردە شائىر ـ ئەدىبلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلمىغان، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى، نەسەبى، يۇرتى، ئەدەبىي تەخەللۇسى، ماھارىتى ۋە باشقا ئالاھىدىلىكلىرى، شېئىرىيەتتىكى ئۇسلۇبى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلىرى، ھەتتا بەزى شائىر ـ يازغۇچىلارنىڭ بىۋاستە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگىچە بولغان ئىشلارنى ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن خاتىرىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەسەر يالغۇز بۇرۇن ئۆتكەن شەخسلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئاپتور بىلەن زاماندىش بولغانلارنى دىققەت مەركىزىگە قويغان. ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، ئەسەردە تونۇشتۇرۇلغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى مەخسۇس شائىرلارلا بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا يەنە ئاز بولمىغان تەبئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ۋە ھەر قايسى كەسىپتىكى بىر قاتار شەخسلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەجالىسۇننەفائىس»(گۆزەللەر يىغىلىشى) ناملىق بۇ ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىدىكى خان ـ پادىشاھ ۋە بەگ ـ ۋەزىرلەر ھەققىدىلا تەزكىرە يېزىش ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يارىتىش ۋە كۈيلەش يولىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىغان ئىلىم ـ پەن خادىملىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى كۈچلۈك ئىلمىي ـ پاكىتلار ئاساسىدا تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىك تەرەققىياتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرگەن. بۇ ئەسەر مەيلى يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر تەزكىرە تارىخىدىكى يۈكسەك بىر

www.kitaphumar.com

نامايەندە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «مەجالىسۇننەفائىس» ناملىق بۇ ئەسەردىن باشقا، نەۋائى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ئۆز زامانىسىدىكى ئۇلۇغ ئىجادكارلار توغرىسىدا ئەسەر يېزىشقا بەل باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى، شەخسىي - پەزىلەتلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىكى، ساداقەت ۋە ئالىيجانابلىقى قاتارلىقلارنى بارلىق ئىلىم ئەھلى ۋە پەزىلەتلىك كىشلەر ئۆچۈن ئىبرەت قىلىش ئارزۇسىدا، ئۇستازىم دەپ ھۆرمەتلەيدىغان مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 - 1492) غا بېغىشلانغان «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن» ( ھەيرەتتە قالغان بەش كىشى) نى، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك دوستلىرى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر، مۇھەممەد پالۋانغا بېغىشلاپ «ھالاتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر»، «ھالاتى مۇھەممەد پالۋان» قاتارلىق تەزكىرە ئەسەرلىرىنى يازغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفاھاتىل ئۇنس» دېگەن ئەسىرىنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىش ئاساسىدا، ئىجادىي مەزمۇنلارنى قوشۇش ئارقىلىق يېزىپ چىققان «نەسائىمۇل مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىنى روياپقا چىقارغان. ئابدۇراخمان جامىنىڭ «نەفاھاتىل ئۇنس» ناملىق ئەسىرىدە غەربىي ۋە مەركىزى ئاسىيانىڭ VII ئەسىردىن باشلاپ تاكى ئابدۇراخمان جامى دەۋرىگىچە ئۆتكەن زۇنۇن مىسرىدىن قەشقەردە ئۆتكەن سەئىدىدىن قەشقەرىغىچە، مەۋلانە نىزامىدىن خامۇش، مەۋلانە ياقۇپ چەرخى، ھاپىز شىرازى قاتارلىق 600 دىن كۆپرەك ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نام - ئەمەللىرى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.[4]«نەسائىمۇل مۇھەببەت»تە بولسا نەۋائى غەربىي ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ئۆتكەن ئۆز دەۋرىگىچە بولغان 770 نەپەر مەشھۇر شەخس ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، ئەسەردە 157 نەپەر مەشھۇر شەخسنىڭ ئابدۇراخمان جامى ئەسىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئورۇن ئالغانلىقى نەۋائى ئەسىرىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئۆزگىچىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. جۈملىدىن ئەسەردە ئەھمەد يەسەۋى، قوتبىدىن ھەيدەر، ھاكىم ئاتا، زەڭگى ئاتا، شەيخ ئارەزى، مەۋلانە لۇتفى، شەيخ نەسىمى، مەۋلانە ئابدۇراخمان جامى ۋە باشقا نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ھەققىدە خېلى مۇكەممەل مەلۇمات بېرىلگەن ۋە ھاياتى پائالىيەتلىرى يورۇتۇلغان.

چاغاتاي دەۋرىنىڭ XVI ئەسىردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر(1483-1530) تۈركى ۋە پارس تىلىدا تەڭ ئىجادىيەت ئېلىپ بارالايدىغان بۈيۈك سەنئەتكار. ئۇ ئۆزىنىڭ ژانىر ۋە مەزمۇن جەھەتتىن كۆپ خىل بولغان ئەسەرلىرىدە ئۆز دەۋرىدىكى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن، تىلى ئاددى، راۋان، يۈكسەك بەدىئىيلىككە ئىگە بىرقاتار شېئىرلىرى بىلەن چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىنى تەسۋىرلەپ يازغان «بابۇرنامە» ناملىق ئەسىرى تىپىك تەزكىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەردۇر. ئۇ ئەسىرىدە 12

www.kitaphumar.com

يېشىدىن باشلاپ پۈتۈنلەي جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈشلەر بىلەن ئۆتكەن جەڭگىۋار، تىنىمسىز، شۇنداقلا سەرگۈزەشتىلەرگە باي ھاياتىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەڭلەر، ۋەقەلەرنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۆزى بىلىدىغان پادىشاھ، خان، مىرزا، بەگلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ۋە باشقا كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ئاددى ئىبارە ۋە يەڭگىل سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ بايان قىلغان، نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» تىن كېيىنكى يەنە بىر بۈيۈك تەزكىرە ھېسابلىنىدۇ.

يەركەن (سەئىدىيە) خانلىقى (1514 ـ 1678) دەۋرىدە مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخى رەشىدى»، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى» ناملىق تارىخىي ئەسەرلىرىدە نۇرغۇنلىغان تەزكىرە پارچىلىرى بارلىققا كەلگەن، شاھ مەھمۇد جوراسنىڭ «ئەنىسەتتالىبىن» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر دوستى) قاتارلىق تەزكىرە ئەسەرلىرى ئوتتۇرىغا چىققان.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا نەسىرىدىن رابغۇزى، ئەلشىر نەۋائى. زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىبلەر تەزكىرە ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن بولۇپ، بۇ دەۋردىكى تەزكىرىلەر مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

3. ئۇيغۇر تارىخىدا تەزكىرىنىڭ پىشىپ يېتىلىش باسقۇچى

ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى XIV ـ XV ئەسىرلەردە رابغۇزى ۋە ئەلشىر نەۋائى قاتارلىقلارنى نامايەندە قىلغان ھالدا ئۆزىنىڭ مەڭگۈ تاشلاردىن كېيىنكى بىر قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويغان بولسا، خوجىلار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرى (1678 ـ 1759) گە كەلگەندە تەزكىرە ئالاھىدە بىر ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەنە بىر قېتىملىق يۈكسىلىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ دەۋر تەزكىرىلىرى مەزمۇن جەھەتتە، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىقلار ۋە بۇ جەرياندا مەيدانغا چىققان تارىخىي شەخسلەر، تەسەۋۋۇپ پىرلىرى ۋە خوجىلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئاساسلىق تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلغان ھالدا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئېسىل ئىنسانىي ـ پەزىلەت، ئىلىم ـ مەرىپەت، مېھنەت، ئىجادكارلىق، ۋاپادارلىق قاتارلىق ئىلغار پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، شەكىل جەھەتتە ئاساسلىق نەزمىي شەكىلدە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە نەسرى ۋە نەزمىي ئارىلاش شەكىلدە يېزىلغان.

www.kitaphumar.com

لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ دەۋر تەزكىرە ئەسەرلىرى دىنىي ۋەقەلەرنى، تەسەۋۋۇپ پىرلىرى ۋە خوجىلارنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقە، دىنىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىن پايدىلىنىپ بايان قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلانغان بولغاچقا، بەزى تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ چىنلىق دەرىجىسى تۆۋەنلەپ، تارىخى قىممىتىگە تەسىر يەتكەن. بۇ دەۋر تەزكىرە ئەسەرلىرىگە زەلىلى (1676 ـ 1755) نىڭ «تەزكىرەئى چىلتەن» (1734 ـ يىلى)، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» ( 1742 ـ يىلى)، ئابدۇشۈكۈرنىڭ «تەزكىرەئى ئابدۇلمانان»، مىرخالىدىن كاتىپ موللا كىچىك يەركەندىنىڭ «تەزكىرەئى ھىدايەت» (تەزكىرەئى خوجا ئافاق، 1730 ـ يىلى)، خوجا مۇھەممەد شېرىف ياركەندىنىڭ «نەسەبنامەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى» قاتارلىقلارنى ۋەكىل قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 1759 ـ يىلىغا كەلگەندە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلىڭىنى تىنجىتىپ، شىنجاڭدا بىر ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، يەركەن (سەئىدىيە) خانلىقىدىن كېيىن شىنجاڭدا ھۆكۈم سۈرگەن بۆلۈنمىچىلىك، تەرىقەتچىلىك، جەڭگە ـ جېدەللەرگە خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە نىسپىي تۇراقلىق ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن يەركەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئافاق خوجا باشچىلىقىدىكى سوپى ـ ئىشانلىق ئېقىمىنىڭ بېسىمى ئاستىدا مەلۇم دەرىجىدە سولغۇن ھالەتكە گىرىپتار بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قايتىدىن يۈكسىلىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۈچىنچى ئالتۇن دەۋرىگە قەدەم قويغان. بۇ دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مەزمۇن، شەكىل، يازغۇچىلار قوشۇنى، ئەسەرلەرنىڭ ھەجمى، ئىدىيۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك قاتارلىق جەھەتلەردە ئىلگىرىكى دەۋر ئەدەبىياتىغا قارىغاندا زور دەرىجىدە يېڭىلانغان ۋە تەرەققى قىلغان، مۇشۇ قاتاردا ئۇيغۇر تارىخدىكى ئەنئەنىۋى ژانىرلارنىڭ بىرى بولغان تەزكىرىمۇ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ئىلگىرىكى ھەر قانداق دەۋردىكىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ ئالاھىدە گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلگەن.

بۇ دەۋر تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم نامايەندىسى مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ كۆڭۈلۈك دىققىتىنى قوزغىغان بۇ ئەسەردە ئاپتور ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن «قارا تاغلىق» خوجىلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن خوجا جاھان ئەرشى، يۈسۈپ خوجا، خوجا سىدىق فۇتۇھى، قاتارلىق بىر قاتار

www.kitaphumar.com

شەخسلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئاساسلىق ئىپادىلەش ئوبيېكتى قىلغان ھالدا چەتتىن كىرگەن خوجىلارنىڭ ئەسلى نەسەبى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى پائالىيەتلىرى، ئافاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ جەريانى ۋە «قارا تاغلىق»، «ئاق تاغلىق» لار گۇرۇھىنىڭ شەكىللىنىشى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەردىن كېلىپ چىققان ئۇرۇش ـ تالاش، يېغىلىقلار، كېيىنچە شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى ـ فېئوداللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق ماھىيەتلىك تارىخىي ۋەقەلەرنى جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق يۇكسەك بەدىئىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ ئەسەر يالغۇز XIX ئەسىر تەزكىرە تەرەققىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر تەزكىرە تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ دەۋردە مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تەزكىرەئى خوجەكان»، «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف» ئەسەرلىرىدىن باشقا يەنە شائىر ئاخۇن (تولۇق ئىسمى موللا مۇھەممەد ئابۇل ئالىم بىن ئاخۇن ئارزۇ مۇھەممەد) نىڭ «ئىسلامنامە» (ملادىيە 1776 ـ يىلى يېزىلغان)، موللا نىيازنىڭ «تەزكىرەئى تۆت ئىمام » (1797 ـ 1798 ـ يىلى)، قاسىمنىڭ «تەزكىرەئى ئارسلانخان» (ملادىيە 1799 ـ يىلى يېزىلغان)، مۇھەممەد ئەبەيدۇللا قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام» (1800 ـ 1801 ـ يىلى)، موللا ياقۇپ بىننى ئۆمەر قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەتۇل ھىدايەت»، «شەجەرەئى بۇزرۇكۋار» (ملادىيە 1808 ـيىلى يېزىلغان)، يولداش ئاخۇننىڭ «تەزكىرەتۇل ئىرشاد»، ئىمام ھەسەن قەشقەرىنىڭ «داستان زەئىد ئەنسارى» (ملادىيە 1822 ـ يىلى يېزىلغان)، مۇھەممەت ئەلى ئىبىن مۇھەممەد يەركەندىنىڭ «تەزكىرەئى چىلتەن» (1828 ـ 1829 ـ يىلى)، نامەلۇم ئاپتورنىڭ ملادىيە 1824 ـ 1825 ـ يىللىرى يازغان «شەجەرەئى خوجىكان»، ئەيمەن ئىسمىلىك ئاپتورنىڭ «ئىلىك خانلار توغرىسىدا داستان»، موللا ئابدۇغاپپارنىڭ «زەپەرنامە شاھ باھادۇرخان» (ملادىيە 1853 ـ يىلى يېزىلغان)، شەمسىدىن ئەلى يېگىسارنىڭ «سىيەرۇلمۇخلىسىن» ۋە «تەزكىرەئى ئارسلانخان» (ملادىيە 1863 ـ يىللىرى يېزىلغان)، موللا ھاجىنىڭ «تەزكىرەئى بۇغراخان» (ملادىيە 1829 ـ 1830 ـ يىللىرى يېزىلغان)، مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشىنىڭ «مەھدۇم ئەزەم»، مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (1854 ـ 1855 ـ يىللىرى يېزىلغان)، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندىنىڭ «قىسسەسۇلغەرايىپ» (ملادىيە 1851 ـ 1852 ـ يىللىرى يېزىلغان)، موللا موسا سايرامىنىڭ «دەريابان ئەسھابۇل كەھف»، خىسلەتىنىڭ «شائىرلار تەزكىرىسى» قاتارلىق تەزكىرە ئەسەرلىرى، «تارىخىي ئەمنىيە» (1903 ـ يىلى يازغان)، «تارىخىي ھەمدى» (1908 ـ يىلى يازغان)، موللا مىر سالىھ قەشقىرىنىڭ «تارىخى قەشقەر»گە ئوخشاش تەزكىرە خاراكتېرىگە

www.kitaphumar.com

ئىگە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن بىر باسقۇچىنى روياپقا چىقاردى.

ئومۇملاشتۇرغاندا خوجىلار ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ مۇنداق ئالاھىدىلىكى بار:

بىرىنچىدىن، بۇ دەۋردىكى تەزكىرە ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەزكىرىلىرى ۋە تەزكىرە خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىنى ئاساسەن شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل بولغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان.

ئىككىنچىدىن، بۇ دەۋردىكى تەزكىرىچىلەر ئەسەرلىرىنى يالغۇز چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇرلارنى باشقىلارغا تونۇتۇش ۋە ئۆزىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايەن قىلىش مەقسىتىدە ئەرەب، پارس تىللىرىدىمۇ يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن: مۇھەممەد سادىق قەشقەرى «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق ئەسىرىنى پارس تىلىدا يېزىپ چىققان.

ئۈچىنچىدىن، بۇ دەۋردىكى بىر قىسىم تەزكىرىچىلەر ئەرەب، پارس تىللىرىدا يېزىلغان بەزى تەزكىرىلەرنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا تىرىشقان. مەسىلەن: سادىقى، موللا مۇھەممەد نىياز يەركەندى قاتارلىقلار «تارىخى تەبەرى»، «تارىخى رەشىدى» قاتارلىق 10دىن ئارتۇق تەزكىرىلەرنى ئەرەب، پارس تىللىرىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرغان.

تۆتىنچىدىن، بۇ دەۋردە ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى مەلۇم تارىخىي شەخس ياكى تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە تەكرار تەزكىرە يازىدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. «تەزكىرەئى بۇغراخان»، «تەزكىرەئى خوجىكان»، «تەزكىرەئى خوجا ئاپاق»، «تەزكىرەئى ئەرشىدىن» دېگەن تېمىلاردا تەكرار ھەم كۆپ تەزكىرە يېزىلغان.

دېمەك، ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكى ئەڭ قەدىمكى ژانىرلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەڭ تەرەققى قىلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ تارىخىي قىممىتى ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى، شۇنداقلا ئالاھىدە بولغان ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:

www.kitaphumar.com

1. مۇھەمەتتۇردى مىرزىئەخمەت نەشرگە تەييارلىغان: «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر كاتولگى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى 1987-يىل نەشرى.
2.ئابدۇرېھىم سابىت تۆزگەن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ئىككىنچى كىتاب، 1،2- قىسىم، قەشقەر شەھەرلىك مەدىنىي- مائارىپ بۆلۈمى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1984-يىلى 1- نەشرى
3. ئابدۇكېرىم راخمان، مۇھەممەت زۇنۇن: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى.
4. مەھەممەتجان سادىق :«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1995-يىل.
5. ھاجى نۇر ھاجى: «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 1993-يىل نەشرى.
6. «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرياتى، 1987- يىلى 1- نەشرى
7. ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن:«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» 1987- يىل.
8. شەرىپىدىن ئۆمەر: «XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» شىنجاڭ ئونىۋېرسىتېتى نەشرياتى 1998-يىل نەشرى
9. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» مىللەتلەر نەشرياتى 1991-يىل نەشرى
10. ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990- يىل.
11. نىجات مۇخلىس، شەمسىدىن ئەمەت نەشرگە تەييارلىغان: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرياتى، 1988- يىل نەشرى.
12. ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق، ئەخمەت ئەسەيدۇللا نەشرگە تەييارلىغان: مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ «ئەسھابۇل كەھف تەزكىرىسى»
13. موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرياتى، 1986- يىل نەشرى
14. مىرزا ھەيدەر كورەگان «تارىخى رەشىدى» شىنجاڭ خەلق نەشرياتى 2007-يىل نەشرى.
15.يۇسۇپ ئۆمەر «ئۇيغۇر تەزكىرىچىلىكىنىڭ نامايەندىلىرى» شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى 1994-يىللىق 2- سان

www.kitaphumar.com

16. ھەمدخان ئىسلامىي: «ئىپار ھەدى بىلەن تۇغۇلغان ئارىپ»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005-يىللىق 3-سان. ئەشرەپ ئابدۇللا، دىلمۇرات مەخمۇت «خوجىلار دەۋرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائى تىما ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەققىدە» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى 2001-يىل 2-سان.
17. چوقان ۋەلىخانوف؛ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»، شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى، 2001-يىللىق 3-سان
18. رەجەپ تۇرسۇن «مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى 1983-يىل 2-سان.
19. مۇھەممەتتۇرسۇن يالغۇزەك «موللا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژورنىلى 2002-يىل 2-سان
20. ھۆرمەتجان ئابدۇراخمان فىكرەت: «خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000-يىل 1، 2-سان.

[1] مۇھەممەتجان سادىق :«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1995-يىل 239-بەت.
[2] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن:«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» 1987-يىل 126-بەت.
[3] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل 209-بەت.
[4] ھەمدخان ئىسلامى: «ئىپار ھەدى بىلەن تۇغۇلغان ئارىپ»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 2005-يىللىق 3-سان.